# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

# TURPANOLOGICAL RESEARCH

**2012**

**2**

吐鲁番学研究院 主办

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى



گابائىن خانىم ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن (سولدىن) ئامىنە غاپپار، ئابدۇسالام ئابباس، ئۇيغۇر سابىرانى، ئىبراھىم مۇتىئىلار بىلەن بىللە.



ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن ئامىنە غاپپار گابائىن خانىمغا دوپپا ۋە باغلىق تەقدىم قىلماقتا.

مەشھۇر تۈركولوگ، تۇرپانشۇناس ئاننا مارىيە گابائىن (1901.7.4 — 1993.1.15) خانىمنىڭ 1982 - يىلى 30 - ئاۋغۇستتىن 18 - سېنتەبىرگىچە ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەتلىرى



**Annemarie von Gabain**
**(4.7.1901 — 15.1.1993)**

گابائىن خانىم ئامىنە غاپپارنىڭ ھەمراھلىقىدا تەڭرى كۆلىنى سەيلە قىلماقتا.





# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

2012 – يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 26 – سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا قاسىم مۇئاۋىن مۇدىرى: ئەركىن بارات ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىرى: ئەركىن بارات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

تەھرىر: ئابدۇگۈل ئابلىمىت ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق زۇلپىيە مۇھەممەت ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

## بۇ ساندا

### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى.......... ..........تەرجىمان: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق، يولۋاس راشىدىن(2)

ۋىسال تاپقان ئۆمۈرلۈك ئارزۇ..........ئامىنە غاپپار(34)

### ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

قوچو قەدىمكى شەھىرى ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى بايقاشلار..........ئۆمەرجان ئابدۇقادىر(42)

تالڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان بىر كاللەك يىپەك رەختىنىڭ تازىلىنىش ۋە رەتلىنىش ئەھۋالى..........مەرىيەمگۈل ئىبراھىم (46)

### قوچو ـ ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى ئويۇن ـ تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە..........ئابلىز مۇھەممەت سايرامى(53)

تۆمۈرىي خانلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يارلىقلىرىنىڭ مەتىن تۈزۈلۈشى ۋە ئۇسلۇبى ..........
.......... ..........ئۆزبېكچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكتالپ(93)

### يەر ـ جاي نام ـ ئاتالغۇلار تەتقىقاتى

تۇرپان ئارخېئولوگىيىسىدىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغىچە..........تەرجىمان: ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا (110)

ئىلى ئۇيغۇرلىرى شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە ئالاقىدار ئادەتلىرى ھەققىدە..........نىجات سوپى (126)

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ..........مەنسۇرجان تۇرسۇن (134)

### دۇنخۇاڭ تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىللىق نەزەر..........تەرجىمان: رەيھانگۈل ئابلىز(142)

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپۈنكى ياغاچ ھەرپلەر ھەققىدە..........پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى(154)

[گېرمانىيە] ئاننا مارىيە ۋون گابائىن

# قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۇرمۇشى ★

تەرجىمان: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق    يولۋاس راشىدىن

## بۇددىزم ئىكونوگرافىيەسى

نۇرغۇن مىللەتلەر بۇددا دىنىغا كىرگەندە، بۇ تەلىماتنىڭ ئوخشىمىغان ئامىللىرىغا چوقۇنغان، ئۇلار بارا-بارا ئوخشىمىغان شەكىل ۋە سىمۋوللارنى شەكىللەندۇرگەن. بەزى ئامىللار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاندىن كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ تولۇق شەكىلگە كىرگەن. باشقا بەزى ئامىللار بولسا ئۇنتۇلغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنۇۋي قىياپەتىنىڭ ياكى دىنىي ۋە سوتسىئولوگىيەلىك ھالىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۇلار چوقۇنىدىغان مەبۇد كۈچار ياكى ھەتتا قەدىمكى گاندارالارنىڭ مەبۇدىدىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندە ئۇيغۇر دەۋرىدىكى بۇددا ئىكونوگرافىيەسى ياكى چوقۇنۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدۇ. سېلىشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بەزىدە قوشنا مىللەتلەردىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇقتىلار مىسالغا ئېلىنىدۇ. بەزى ئامىللار مەسىلەن، لاما دىنى ئامىللىرى ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا دىققەتكە سازاۋەر بولمىغىنى ئۈچۈن، مىسالغا ئېلىنماسلىقى مۇمكىن.

### بۇددا

بىر ماخا پۇرۇش (m ahapurusa) نىڭ 32 قىياپىتى (laksana) ۋە 80 قوشۇمچە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر رەسىمدە ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. تېگى-تەكتىدىن سۈرۈشتۈرىدىغان مۇنداق پوزىتسىيە كىشىنى بىزار قىلىدۇ، نەتىجىدە بۇددا دىنىنىڭ ئەقلىلىق، سالماق ۋە نۇقسانسىز بولمىش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە بولماي قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باشتىن-ئاياق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇشنىشا (usnisa) ۋە ئۇزۇن قۇلاق باشتىن-ئاياغ ئىپادىلىنىدۇ، قوشۇما ئۇرنەسى (urna) دائىم ئىپادىلىنىدۇ. زىيادە ئۇزۇن بىلەك ۋە بىلەكنى كۈچلۈك كۆرسىتىدىغان قىسقا بويۇن ھەمىشە ئىپادىلىنىدۇ. بارماقلار ئارىسىدىكى «پەردە» بەزىدە ئىپادىلىنىدۇ(720). قوچودا بۇددانىڭ يۈزى شەرقىي ئاسىيا گۈزەللىرىنىڭ تىپى ئاساسىدا يارىتىلىدۇ. يونانلىشىش دەۋرىدىكى «پالكۆز» ھازىر ئەمەلدىن قالغان: بۇ يەردە كۆز ئۆرۈك مېغىزى شەكلىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قاش كېپىنەكنىڭ بۇرتىغا ئوخشاش بۇرۇنىنىڭ ئۈستىدە ئىككىگە ئايرىلىپ كۆزنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ، كۆز ئۈستىدە خېلىلا تولغان بىر ئورۇننى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككى مەڭزى تولۇق، بۇرنى سەل كۆتۈرۈلگەن، لەۋلىرى نېپىز، ئاستىنقى لېۋى قېلىن بولىدۇ، شالاڭ بۇرۇتى ئاغزىدىن كەڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى —— ئۇيغۇرلارنىڭ ياقتۇرۇشى بويىچە —— سەل-پەل ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئاستىنقى لېۋىنىڭ ئاستىدا كىچىككىنە «داقال» بولىدۇ. ئاستىنقى ئېڭىكى يۇملاق بولىدۇ. قەدىمكى دەۋردە مەيجى تېغىدىكى ھەيكەللەردە ۋە تىبەتنىڭ ياغاچ بەت باسما ماتېرىياللىرىدا ئۇشنىشا ئۈچلۈق ئىشلەنگەن، قوچودا بولسا ئۇ يۇملاق تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ پەقەت تۇرپان ۋە قارا خوتۇدىكى كېيىنكى مەزگىللەرگە دائىر بىر نەچچە ياغاچ بەت باسما ماتېرىياللىرىدىلا ئۈچلۈق تەسۋىرلەنگەن. ئۈستىگە بىر دانە گۆھەر قويۇلغان (721) قىياپەتتە ئېيتىلغىنىغا ئوخشىمىغان ھالدا، بۇددا ئادەتتىن تاشقىرى بۇجۇرغۇر چاچ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (722)، بىراق، ئادەتتە بۇجۇغۇر چاچ ئەمەس، كۈچاردىمۇ بەزىدە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ئۇچرايدۇ، بېزەكلىكتىكى داڭلىق ئىبادەت قىلىش سورۇنىدا، بۇددانىڭ چېچىنىڭ ئىككى تۇگۈنى چوققىسىدىكى ئۇشنىشانىڭ ئاستىدا سىممېترىك ھالدا تۇرىدۇ، چاچ تۇگۈنلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر سۈزۈك ئورۇن،

بىر دانە ياقۇت ۋە كىچىكرەك بىر بۇرمىسان بېزەك بار (723). بۇ سۆزۈك ئورۇن تاسادىپىدىن بىر قېتىم چاچ يوق ئورۇن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (724). ئىشتان، چاپان ۋە تونلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ، ھەممىسى ئۇزۇن رەختلەردىن ئىبارەت ھەم يىڭى يوق، ئىشتىنىنىڭ قىرلىرى كۆپۈنچە سىزىق بىلەن، تونىنىڭ قىرلىرى ئاددى سايە بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئىبادەت سورۇنىدا كىيىمىنىڭ تۆۋىنىدىكى يۇتا قىسمى ئۇزۇنچاق تەكشىلىك شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. مۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ «ئويغىنىش رەسىمى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن ئوخشاشلىقى بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسلى رەسىم بۇددا تېخى ھايات چېغىدىلا، ئۇدايان پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ئىكەن، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ رەسىمنىڭ جۇڭگودا ئىشلەنگەن نۇسخىسى مىلادىيە 981-يىلى ياپونىيەگە ئېلىپ بېرىلغان ئىكەن، ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلىنىۋېتىپتۇ (725). ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ۋە سارچۇقلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان، ئەھمىيىتى زور بىر خىل تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى ھەمىشە بايقاشقا بولىدۇ (726). بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە بۇددا پۇتلىرىغا سەندەل كىيۋالغان (131-بەتكە قاراڭ)، قارىغاندا، ئۇ بۇ يەردە ئومۇملاشمىغان بىر نەرسىنى كىيۋالىدۇ. لېكىن، مەسىلەن، كۇچاردا بولسا ئاياغ كىيمەي، بىر تۈپ نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە تۇرىدۇ (214-رەسىم) (727). بۇددانى ئوراپ تۇرغان نۇر ھالقىسى باشتىن-ئاياغ چەمبەر شەكلىدە، ماندورلا (ئىلاھى نۇر) ھەمىشە تۇخۇمسىمان شەكلىدە بولىدۇ. پەقەت كېيىنكى زامانلاردىكى ياغاچ بەت باسما ماتېرىياللاردا ئۇمۇ ھەمىشە چەمبەر شەكلىدە تەسۋىرلىنىدىغان بولغان (728). بۇرۇنقىراق ئەسىرلەردە ئويغانغۇچىنىڭ تەختىنى ھەمىشە شىر كۆتۈرۈپ تۇراتتى ياكى يېنىدا تۇرۇپ قوغدايتتى. مۇنداق شىر تەخت (sim hasana) بۇددانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇندۇقىغىمۇ دائىم كۆرپە سېلىناتتى (88-رەسىم)، كۇچار رەسساملىرى ھەمىشە «گانداراچە ئورۇندۇق» نى تاللايتتى. ئورۇندۇق ئۈستىگە كۆرپە، كۆرپە ئۈستىگە كىگىز سېلىناتتى، يۇنگاڭدا بۇددانىڭ ئورنى دائىم يونىلىشىش دەۋرىدىكىدەك تۇخۇمسىمان تىكىچ ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن بېزىلەتتى (215-رەسىم) (729). لېكىن، نىلۇپەر تەخت (padm asana) پەقەت كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندىلا كەڭ تارالغان (730). قەدىمكى مىسىردا نىلۇپەر بېزەك شەكىللىرىنىڭ ئاملى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن (731). بىز نويىن- ئۇلادىكى بىر كەشتە بۇيۇمىدا نىلۇپەر تەخت قىلىنغانلىقىنى بايقىدۇق: بىر ئەر سول قولىدا قالقان، ئوڭ قولىدا يىلتىزى بار دورا ئۆسۈملۈكىنى كۆتۈرۈپ، تۆت تال يوپۇرمىقى تۆۋەنگە ئۆرۈلۈپ تۇرغان نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرىدۇ (732). مۇنداق نىلۇپەر تەخت كۇچاردا بىرە-بىرە، دۇخاندا ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ (216-رەسىم)، قوچودا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ (733). بېزەكلىكتە ئىككى بۇددا تولىمۇ چىرايلىق نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرىدۇ (217- رەسىم)، نىلۇپەرنىڭ يېقىملىق رەڭگى بىلەن نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلا ھەسەن-ھۆسەن ئىچىدە گىرەلىشىپ بىر- بىرىنى تولىمۇ ئاچىدۇ، بۇددالارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىغا كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەر قويۇلغان گۈل چەمبىرەك كىيگۈزۈلگەن، گۆھەر بۇ سەنئەت بۇيۇمنى كامالەتكە يەتكۈزگەن (734). ھەتتا، بۇددانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر ھەرىكىتىدە، يەنى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېسەل داۋالىغاندا، بۇ ئاددى ئورۇندۇقتا نىلۇپەر چەمبىرەك ئورۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، چوڭقۇر ئويلىنىش تەسۋىرلەنگەن بىر رەسىمدە (735) بۇلۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان نىلۇپەر يوپۇرمىقى بۇددانىڭ تەختى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. قوچودا كىشىلەرنىڭ نىلۇپەر تەختكە ئەھمىيەت بېرىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا مەشھۇر راھىبلار رەسىمدە (بۇرۇن؟) مانى دىنى مۇرىتلىرىمۇ نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرىدۇ: بىر پارچە نەپىس رەسىمدە (218- رەسىم) ئىككى مانى راھىبىنىڭ ھەر بىرى بىردىن شېخى ئۇزۇن نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ (736). بۇددا كامىدىن- كام — تۇرپاندىكى رەسىمدە — بىر خىل بېزەلگەن تەختتە ئولتۇرىدۇ، مۇنداق تەخت قارىماققا چوڭراق بىر پاكار ئورۇندۇققىلا ئوخشايدۇ. (219-رەسىم) (737).

قوچودا بۇددا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك راھىبلارمۇ بەزىدە مۈرىسىدىن «روھ پائالىيىتىنىڭ يالقۇنى» (tejas) چىقىۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. تۇرپاندىكى ئولتۇرغان بۇددانىڭ مۈرىسى ۋە بىلىكىدىن، سارچۇقتىكى بىر مۇقەددەس

قاچىدىن ۋە راھىبنىڭ بەدىنىدىن، قىزىل (كۇچار) دىكى ئۆرە تۇرغان راھىبنىڭ بەدىنىدىن ۋە بۇ يەردە قۇمتۇردىكىدەك راۋرۇس ئولتۇرغان ۋە ۋەز ئېيتىۋاتقان بۇددانىڭ تېنىدىن «روھ پائالىيىتىنىڭ يالقۇنى » چىقىپ تۇرىدۇ.

جۇڭگودا كېيىنكى خەن دەۋرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇشۇنداق ئامىل بارلىققا كەلگەن: مىلادىيە 212ـ يىل سىچۇەندە بىر قەبرىدىكى ئادەمنىڭ قاپارتما رەسمى مۇشۇنداق تەسۋىرلەنگەن. شەندۇڭ يىنەندىكى مەشھۇر قاپارتما نەقىشتە مۇشۇ جەھەتتە بىر نەچچە مىسال بار: بىر قەبرە تېمىدىكى قاپارتما نەقىش ۋە سەككىز قىرلىق بىر تاش تۈۋرۈكتە شەرقتىكى خان ھەززەت بىلەن غەربتىكى خان ئانا مۇشۇنداق خوسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ سىزىلغان. بۇ رەسىملەر ئۇلارنىڭ ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا تاش تۈۋرۈكنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە تىلغا ئېلىنغاندا، شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدە بېشىدا نۇر ھالقىسى بار  بىردىن ئادەم تۇرغانلىقى سىزىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇپ تەرىپىدە مۇشۇنداق «نۇر ھالقىسى» بار بىر ئادەم ئولتۇرغانلىقى سىزىلغان، ئۇ ئۇچىسىغا راھىب كىيىمى كىيگەن، بېشىدا بىر تۇرلۇك ئۇشىنشا بار، ئۇ قول ئىشارىسى قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز كېيىنكى خەن دەۋرىدە بۇ يەرگە بۇددا دىنى تارقالغان دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ قول ئىشارىسىنى قورقماسلىق ئىشارىسى دەپ چۈشەندۈرەلەيمىز (738).

## بىر نەچچە بۇددا سورۇنى

1. بۇددا ئاتلىق سىرتقا چىققاندا، بىر بىمار، بىر بوۋاي، بىر ئۆلۈك ۋە بىر راھىب يولۇقىدۇ، بۇلار ھەممىشە بۇددانىڭ تۆرمۇشىدىكى ئىشلار دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بىر كىچىكرەك نەپىس رەسىم پارچىسىدا (739) سىددارتا بىر ئاجىز بوۋاينى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالغان كۆرۈنۈش بار. بوۋاي ئىككى قولىدا بىردىن ھاسىغا تايىنىۋالغان، ئۇ بېشىغا بىر نېمە كىيمىگەنلىكى ئۈچۈن چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (116ـ بەتكە قاراڭ) . شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ بەك ئاجىزلاپ، «شەھەرلىكلەرنىڭ ئەلپازى» قالمىغانلىقى ئۈچۈن، تېنى ۋە روھى كۈنسېرى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

2. ئۇيغۇر رەسساملار ئىچكى قەسرنىڭ شىپىغا ھەممىشە بۇدساتۋا شاھزادە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەسرىدىن چىقىپ كەتكەن كۆرۈنۈشنى سىزىدۇ (740). يەرلىكلەشكەن بۇ تېما سادىدا سىمووۋۇللۇق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شاھزادىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوۋۇقنى تاقاپ، نۇرغۇن نۆكەر بىلەن قوغداشقا بۇيرۇيدۇ (741). شۇڭا، قېچىپ چىقىش ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەم كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر نەچچە ياكسا كېلىدۇ، بىر ئەر ۋە بىر ئات كۆرۈنىدۇ، ئىككى كىشى قەسر تېمىغا يامىشىدۇ، شۇڭلاشقا، شىپتا مۇشۇنداق «تامغا يامىشىش» رەسمى ئۇرۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى رەسىمدە بىرىنچى رەسىمدىكىگە ئوخشاش، جەڭگە تەييارلىنىشنى ئىپادىلەيدىغان ئات قۇيرۇقىنى تۈگۈش كۆرۈنۈشى بېرىلىدۇ. بۇ سورۇندىكى باشقا بىر رەسىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (36ـ بەتكە قاراڭ) . بۇ يەردە دۇخاندىكى «ئۆيدىن چىقىپ كېتىش» تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر رەسىم (سۇي سۇلالىسى دەۋرى) نى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ (742) ؛ «ئاۋا تامساكا سۇترا» غا ئاساسلانغاندا، مانجۇشرى بۇددا ھەممىشە شىر مىنگەن، سامانتا بادرا بۇددا بولسا پىل مىنگەن قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن، بۇ رەسىمدە پىل مىنگەن پەرىزاتقا سىممېترىك بولغىنى شىر مىنگەن مانجۇ شرى ئەمەس، بەلكى سۇي سۇلالىسى دەۋرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن، ئات يېتىلگۈچىسى بار ئاتلىق ئۆسمۈردۇر، ئەجدىھا مىنگەن بىرەيلەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ. L ئىسسىر (پراگا) نىڭ قارىشىچە، بۇ سىددارتا ئۆزىنىڭ كانتاكا (kanthaka) سىنى مىنىپ، سادىق ھەمراھى چانداكا (chandaka) نى ئېلىپ ماڭغانلىقى كۆرسىتىلگەن، دېمەك، بۇمۇ «ئۆيدىن چىقىپ كېتىش» رەسمى ئىكەن.

3. كۇچارلىق ۋە قوچولۇقلار بۇددانىڭ بۇ ئالەمدىن كەتكەن (نىرۋان) كۆرۈنۈشىنى سىزىشقا ئالاھىدە قىزىقىدۇ: بۇ كۆرۈنۈش ئادەتتە ئىچكى قەسرىدىكى ئاساسىي ھەيكەلنىڭ ئارقا تېمىغا سىزىلىدۇ، يەنى ئامال بار، چەت گۈگۈم ئورۇنغا

ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كۇچا رەسىملىرىدە بۇ مەشھۇر تېما تەپسىلاتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر رەسىمدە، مېيىت بۇددا نومىدىكى بايانغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياتىدۇ، بىر قولى مەڭزىنىڭ تۈۋىنىگە قويۇلغان. چاسا بىر نەرسە بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان، بۇ نەرسە ھازىرقى ياپون ياستۇقىغا ئوخشايدۇ. (63- بەتكە قاراڭ). باشقا بىر رەسىمدە كاسىياپا بۇددانىڭ تاۋۇتىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇ كۆيۈۋاتقان تاۋۇتنى يېپىۋاتىدۇ. ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ كەينىدە سەككىز كىچىك مۇنار: ستوپا كۆرۈنىدۇ، كېيىنكىلەر بۇلار بۇددانىڭ سۆيەكلىرى دەپ قارايدۇ. يىغلاۋاتقان راھىبلار تاۋۇتنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئۈستىدە دېۋانىڭ ئىنتايىن قايغۇرغانلىقى ئىپادىلەنگەن. كۆيۈۋاتقان تاۋۇتنىڭ ئۈستى تەرىپىدە دائىمي مەرسىيە ئوقۇش سورۇنى تەسۋىرلەنگەن. رەسسامنىڭ زامانداشلىرى توخرىلار ۋە تۈركلەر (؟)بۇ سورۇننى ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆز كۆڭلىنى غەش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرگەن (743). كۆيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ماللا- فورستېنلار سۆيەكنى تالىشىدۇ: مۇنداق ماجرانى دىرونا ئاتلىق بىر براھمان ياراشتۇرىدۇ، كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن يىغىلغان سۆيەكلەرنى سەككىز سۆيەك كۈل قۇتىسىغا بۆلۈپ قاچىلاپ، مالالا- فورستېنلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ، كۇچاردىكى بىر رەسىمدە، بىر ئورۇندۇقنىڭ چۆچىسى ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە سىزىلغان (43- بەتكە قاراڭ) . مۇشۇ رەسىم ۋە ياراشتۇرۇش تەسۋىرلەنگەن باشقا بەزى رەسىملەردە (744) مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن قول ئىشارىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم تارتىدۇ، مۇنداق مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن قول ئىشارىسى كۇچاردىلا بار ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىدۇق. (162- بەتكە قاراڭ) 587- ئىزاھاتتا تىلغا ئېلىنغان. ساۋۇت كىيىپ قولىغا دۇگىلەك قالقان تۇتقان نۆكەر بىر مالالا- فورستېن بولۇشى مۇمكىن. قۇمتۇردىكى دېۋالارنىڭ ھەسرەتتى ھەرىكەت ۋە قول ئىشارىسىدا ئىپادىلەنگەن دېگەندىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇق تولىمۇ بەدىئىي ئىپادىلەنگەن دېگەن تۇيۇق (745). ئەكسىچە، قارا شەھەردە رەسسام بىر ياكسانىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ قايغۇسىنى مۇشۇنداق ئىپادىلىگەن (746). قارا خوتودا ئىككى رەسىم ساقلىنىپ قالغان. بۇ رەسىملەردە چەكسىز ھەسرەت — نادامەت ئىچىدە غەمگە پاتقان بىر بوۋاي تەسۋىرلەنگەن (746): بۇ يەردە راھىبلار سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ، ئىپار تەقدىم قىلىدۇ ياكى ئىككى قولىنى جۈپتەكلەپ ھۆرمەت مۇدراسى قىلىدۇ، لېكىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى تۈپ سالا دەرىخى بىلەن تۆمۈر دەرەخ بىرلىشىپ بۇدداغا نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ تۇرىدۇ، بىراق، بۇ قايغۇلۇق سورۇندىن سەل نېرىدا ئىككى شىر سىزىلغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى نادامىتىنى ئاران- ئاران تۇتۇپ تۇرىدۇ: دېمەك، بالىلارچە ھەسرەت بىلەن چوڭلارچە غەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 5- ئەسىرلەردىلا ئىپادىلەنگەن. مۇنداق پەرق قوچودىمۇ ئەكس ئەتكەن. راھىبلار، بۇ دۇنيادىكى ئېتىقادچىلار، يەنى «سىرتتىن كەلگەنلەر» بىلەن بۇددانى قوغدىغۇچى ۋاجراپانى (ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ھوشيارلىقلارنىڭ بىھۇدە ئورۇنۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ) نىڭ روشەن ھەسرەتتى بۇ يەردە بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.براھمان ياكى نىرگرانتانىڭ ئىنتايىن ھېسسىياتلىق سىزىلغان رەسىمى، بولۇپمۇ شاۋقۇنلۇق مۇھىتقا ئوخشايدىغان رەسىمدىكى بۇددانىڭ بىر شاگىرتىنىڭ چوڭقۇر غەم- قايغۇغا پاتقان ۋاقتى كىشىگە ئالاھىدە تەسىر قىلىدۇ (749) . ئالۋاستىنىڭ زادىلا بەدىئىيلىكى ئاز بولمىغان «مۇزىكا » سىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدىكى مەرسىيە بولۇشى مۇمكىن.

4. تارىم دىيارىنىڭ شىمالىي يولىدىكى كىشىلەر نىيەت قىلىش سورۇننى تەسۋىرلەشنى ياقتۇرىدۇ. قىزىل مىڭئۆي، كىرىش، سارچۇق ۋە بولۇپمۇ مورتۇق جىلغىسىدىكى بېزەكلىك ۋە قوچو شەھىرىدىن بۇ جەھەتتىكى رەسىملەر كۆپلەپ تېپىلدى. A گرۇنۋېدېل ، E خۇپېر، H لۈي دېرىس قاتارلىقلار بۇ رەسىملەرنى تەپسىلي بايان قىلغان (750) ، ئەمما ئۇلار قوچودىلا بار رەسىملەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغان. بۇ سورۇننىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئۆرە تۇرغان ئاۋۇ بۇددا تېۋىنغۇچىنىڭ قولىدىن نەزىرلىك بۇيۇم ئېلىۋاتىدۇ، بۇ چاغدا ھېلىقى تېۋىنغۇچى ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئىزھار قىلىدۇ: بارلىق جانلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ بولمىغۇچە، ھەرگىز بۇددا بولمىغايمەن. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ نەزىرلىك بويۇمى ئۈچۈن مۇكاپات

قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن بۇددا تېۋىنغۇچىغا كەلگۈسىدە بۇددا بولۇش بىشارىتى (vyakarana) نى ئىنئام قىلىدۇ. مۇشۇ بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بىر قاتار رەسىملەر مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى بېزەكلىكنىڭ تۇققۇزىنچى ئىبادەتخانىسىدىن چىققان (751) .

بۇ غايەت زور تام رەسىملەرنىڭ يۈزى ئوخشاش پەردە ۋە چۈجا ھەم زىننەت خاراكتېرلىك كۆرۈنۈشلەر بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر رەسىمدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە سانسكرىتچە بېغىشلىما يېزىلغان، بۇ بېغىشلىمىلاردا ئۈچ خىل ئاسامكيېيا كالپا (asam kyeyakalpa) ۋەقەسى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر بۇددا بېغىشلانغان مىسرالار بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. خۇيپېر بۇ مىسرالار ئاناندىغا قارىتىلغان دەيدۇ. لېكىن، ھەممىشە رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يېزىلىدىغان بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن نەزىرلىك بويۇم ۋە ساخاۋەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بىز يەنە بۇ بېغىشلىمىلار ئورۇنلاشتۇرۇش ئالدىن پىلانلانغان ئوتتۇرىغا يېزىلماي خالىغان يەرگە قالايمىقان يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىگە ئۇلار كېيىن قوشۇپ قويۇلغانمىكىن دېگەن تۇيغۇ بېرىدىغانلىقىنىمۇ بايقىدۇق، ياكى رەسىم پۈتكەندىن كېيىن كىشىلەر مۇۋاپىق ئورۇن تاپالمىغان ۋە ياكى ئۇلار بۇ يەردىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان بۇددا مەزھىپىگە دائىر مىسرالارنى تاللىماقچى بولغان، گەرچە بۇ مىسرالار مەزمۇن جەھەتتىن بىر- بىرىگە زىت بولسىمۇ، بۇددا ھامان مۇھىم ئورۇندا بىر قەدەر چوڭ نىسبەتتە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ئۇ نىيەت قىلغۇچىلارنى مېھرىبان، سەممىي تەبەسسۇمى بىلەن ئىلھاملاندۇرماقچى بولىدۇ. ئوڭ قولى بىلەن تولىمۇ تەبىئىي ۋە چىرايلىق سۆزلەش ۋە ئۇقتۇرۇش ئىشارىسى (sandarsana-m udra ) قىلىدۇ. تونى ئىككى مۈرىسىنى ياپقان، كۆكرىكىنى بەزى رەسساملار يالىڭاچ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئايىقىنىڭ بوغقۇچى سېرىق ۋە يېشىل. بۇددا باشتىن- ئاياغ ئىككى تۈپ نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە تۇرىدۇ، بۇ گۈللەر بىر ياغاچ سالغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ (220- رەسىم) (753) گەرچە بۇددا ھەممىشە راھىب قىياپىتىدە مۇنچاق ئېسىۋالىدۇ. يۇقىرىدا (176- بەتتە) بېشىدىكى ئۈنچە- مەرۋايىتلارمۇ دىققەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىر رەسىمدە نەزىرلىك تەقدىم قىلغۇچى - ئەجدىھاخان ساگارا (sagara) نىڭ قىزى بولۇش مۇمكىن - ھايت- ھۇيت دېگۈچە بىر ئەرگە، بىر دېۋاغا، ئاخىرىدا ھەتتا بۇدداغا ئايلىنىدۇ (754). بۇ يەردە يېڭى چىققان بۇددا بېشىنى ئۈنچە- مەرۋايىت يوق، مونچاق ئاسمىغان، سەندەل كىيمىگەن، يالىڭاياق تەسىرلىنىدۇ، شۇڭا، بۇ رەسسامنىڭ نەزىرىدە بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىر بۇددا ئۈچۈن كام بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر ئەمەس، بىز بۇنىڭدىن بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇشۇ سورۇندىكى ئاساسىي رەسىمنىڭ «مەبۇد بېزىكى» كە بويسۇنۇشى كېرەك دەپ قىياس قىلالايمىز .(755)

بۇددانىڭ «ئاڭلىغۇچىلىرى» (parivara ) - نىيەت قىلغۇچىلاردىن باشقا ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋاجراپانى، گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر نەچچە راھىب ۋە بۇ ئىشقا قاتنىششنى خالايدىغان دېۋا پۈترا ۋە دېۋاكانىيالاردىن ئىبارەت. ۋاجراپانى بۇددانىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان ئارقىسىدا ئېھتىيات بىلەن تۇرىدۇ. ئۇ ھەممىشە ئالاھىدە قورال - چېقىن (ۋاجرا) نى ئېلىپمۇ يۈرمەيدۇ، بەلكى بەزىدە خوجايىنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنىڭ بەلگىسى بولغان يالمانلىق نەيزە ياكى چۆپن قورىغۇچ ئېلىپ يۈرىدۇ (221- رەسىم) (756). ئۇ باشقا «قەھرىمانلار ئوبرازى» غا ئوخشاش پوزور كىيىنگەن، قەدىمكى شەكىلدە ساۋۇت يېپىنغان. لېكىن، بەزى ئالاھىدىلىكلىرى كىشىگە ئۇنىڭ ياكسالارنىڭ پەس تەبىئىيتىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. (191- بەتكە قاراڭ) : قۇلاقلىرى ئىتنىڭ ياكى بۆرىنىڭ قۇلىقىدەك ئۇچلۇق، ئاغزىدىن ھېڭگاڭ چىشى چىقىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى گۈنسىز ۋە خۇنۇك بولۇپ، ئالاقزادىلىك بىلەن پولتىيىپ تۇرىدۇ. كۇچاردا ۋاجراپانى مۇلايىم ۋە خىيالچان تەسۋىرلىنىدۇ. قوچو رەسساملىرى بولسا ئۇنى ھەقىقىي قوغدىغۇچى، يەنى قۇۋۋەت ۋە تەكەببۇر، قورقۇنچلۇق ، ئەمما ئىشەنچلىك: نىيىتى دۇرۇس بولمىغان كۈچتۈڭگۈرلەرنىڭ تىپى ۋە ھەجۋى سۆرىتى سۈپىتىدە سۈرەتلەيدۇ. بۇددانىڭ

ئەتراپىدىكىلەردىن ئارخاتلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ چىرايى موڭغۇللارغا ئاز ـ تولا ئوخشايدۇ، خۇددى ئۇلارنىڭ پىشۋالىرى ۋە ئەرۋاھلىرىغا ئوخشاش؛ ئەمما، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار گويا ياۋروپا ئىرقىدىن كېلىپ چىققاندەك سۈرەتلىنىدۇ: ئۇلار يوغان بۇرۇن، ئورا كۆز، قويۇق قاش ۋە قاڭشارلىق، بەزىدە پايندىكباش، قىرغان ساقىلىنىڭ ئورنى قارا ياكى كۆلرەڭ، بەزىدە كۆك كۆز تەسۋىرلىنىدۇ، گەرچە ئۇلار سىرتتىن كەلگەنلەر شەكلىدە تەسۋىرلەنسىمۇ، ئېستېتىك نۇقتىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ئانچە «چىرايلىق» دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بىراق، ئۇلار ـــــ ۋايسيالارغا ئوخشىمىغان ھالدا سالاپەتلىك قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئارخاتلارنىڭ تونى يا سىدام ياكى قارا جىيەك تۇتۇلغان بولىدۇ (126 ـ بەتكە قاراڭ) . بۇلارنىڭ بەزىلىرى راھبلارنىڭ ئارىسىدا كۆكرىكىنى ئېچىۋالغان، يەنە بەزىلىرى شۇ يەرلىك دىندارلارنىڭ كىيىمىنى كىيگەن، ھەتتا ئۈچ ئارخات بولۇپ، تونىنىڭ يېڭى بار، كۆكرىگى ئوچۇق بولسىمۇ، تېخنىكا جەھەتتىن ئىشقا ئاشمىغان، بۇ يەردە گەرچە ھەر خىل ئېھتىماللىقلار تامامەن مېخانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ سىدام تونلارنىڭ ئەستىرى رەڭدار بېزەلگەن. كىيىمنىڭ پۈرلاشقان يەرلىرى سىزىق رەڭ بىلەن ياكى سايە بىلەن ئىپادىلەنگەن. بىر ئارخات راھبلارغا ماس كەلمىگەن ھالدا مونچاق ئېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. راھبلارنىڭ رەسىمدىن پەرقلىق تەسۋىرلەشنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش پورتىسيەسىنى بىر قەدەر توغرا تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدۇ (757) .دېۋا پۇترا بىلەن دېۋاگانيا يا بۇددانىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، يا كۆكتىن بۇدداغا گۈل چاچىدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىغا ھېچقانداق مۇھىم نەرسىنى قوشمايدۇ، قوچونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئۇلار مۇشۇنداق سورۇنلاردىمۇ ئىگىز چاچ تۈگۈنىنىڭ ئالدىغا غايەت زور تاجسىمان بېزەك تاقىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا دولقۇنسىمان يېيىلىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى كۆپۈنچە لەپىلدەپ تۇرىدىغان ئۇزۇنچاق چاسا رەخ ۋە باشقا بېزەك بويۇملىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىلاھەلەرلا لەپىلداپ تۇرغان كۆينەك كىيىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالىڭاياق، لېكىن ، نىيەت قىلىش سورۇنىدا، دېۋاكانيالارنىڭ يۈزى، دېۋا پۇترالاردىن نۇرلۇقراق سىزىلىدۇ. بۇ سورۇندا نىيەت قىلغۇچىلار بىر دېۋا، بىر براھمان، بىر ئاقسۆيەك نۆكەر ياكى بىر سىرتتىن كەلگەن سودىگەردۇر. مېنىڭچە، بۇلار ھىندىستاندىكى ئۈچ ئالىي نەسەپ: براھمان،كىساتودىيا، ۋايسياغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بىراق، كىشىلەر پەس كۆرۈدىغان سۇدرا يوق، دېۋا بار، شۇ رەسىمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى قېتىمدىن بۇددانىڭ ئالدىدا تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن: بىر قېتىمدا ئادەتتە ئۆرە تۇرۇپ نىيەت قىلىدۇ؛ يەنە بىر قېتىمدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىشارەتنى ئاڭلايدۇ. ئەمما، نىيەت قىلغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىدۇ. «براھمان» غەلىتە ئاسكېتىن قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ ـ قوچودا ھەممىشە شۇنداق ـ ، 189 ـ بەتكە قاراڭ:كىساتورىيا پوزور ۋە قەدىمكى شەكىلدىكى ساۋۇتنى يېپىنغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ھەققىدە 143 ـ بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ(ئەسلى ئەسەر). دېۋا كانيانىڭ يۈزىدە باللارچە ئىپادە بار، كىساتورىيانت خوتۇنلىرىنىڭ چىرايىدا بولسا پىكرى پىشقان ئالىيجاناپلىق ئىپادىلەنگەن؛ ئۇلارنىڭ قېشى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۈز سىزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ جەھەتتە دېۋا كانيانىڭ قېشىغا ئوخشىماي، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار چېچىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالمىغان، لېكىن، بەزىدە قۇلىقىنىڭ ئالدىغا سىكىلەك چۇشۇرۇۋالىدۇ؛ ئۇلاردىن بىرى چېچىغا قىرلىق زىخچا قىستۇرۇۋالغان. ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۇلار بېزەلگەن پۇپۇچلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال ھەتتا بىر تۇپ نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە تۇرىدۇ، نىلۇپەر گۈلى ھېچقانداق كىساترىياغا تەۋە بولماسلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر (758). ئۇيغۇرلار «سودىگەر» (ۋايسيا) لارنى سىرتتىن كەلگەن چوڭ سودىگەر دەپ قارايدۇ، ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ باشقىچە، سەل ئۆزگىچە قىياپەتتە سىزىلىدۇ. دېۋالار بۇ يەردە يەنىلا دائىمىي، ئەنئەنىۋى قىياپەتتە بولىدۇ، 192 ـ بەتكە قاراڭ.

رەسىمدىكى سوۋغات بويۇملار ـــــ كۈنلۈك، تەخسىدىكى ئىسرىقدان، كۆك چاي قاتارلىقلارنى بەزىدە نىيەت

قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ قولىدىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ بۇددا سوغىلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارنى ئەتراپىتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇددا بىشارەت ئىنئام قىلغاندا بەزىدە شۇئان بىر خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، بىراق دائىم ئەمەس: 1. (1) كىساترىيا قىممەتلىك بىر تال گۈل تەقدىم قىلىدۇ، ئەپسۇسكى، رەسىمنىڭ يەنە بىر يۈزى پۈچۈلۈنۈپ كەتكەن. (2) باشقا بىر رەسىمدە كىساترىيا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ھەر بىرى بىردىن كۆك چاي سېلىنغان تەخسە تەقدىم قىلىدۇ؛ بۇددا يەنە بىر تەرەپتە بىر قىممەتلىك چېدىر ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. (3) يەنە بىر قېتىم ئۇلار ئىككىسى (كىساترىيا بىلەن خوتۇنى) بۇدداغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، رەسىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۇ چېچىنى چۈشۈرۈۋاتىدۇ، گەرچە يەنىلا ئەينى چاغدىكى كىيىمنى كىيىپ تۇرغان بولسىمۇ.(4) ئۇلار ئىككىسى ھەر بىر — بىردىن تۇغ تەقدىم قىلىدۇ؛ بىشارەت قوبۇل قىلىۋاتقاندا، خوتۇنى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمايدۇ؛ تەقدىم قىلىنغان بويۇم بىر قىز كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇتخانا تۇغىغا ئۆزگىرىدۇ. (5) باشقا بىر رەسىمدە خوتۇنىنىڭ قولىدا سوغات بويۇمى يوق، ئۆزى تۇغ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال پەقەت كىچىككىنە بىر ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت؛ لېكىن، ئۇ بىشارەت قوبۇل قىلىۋاتقاندا، بۇ تۇغنى بىر ئىلاھە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، (6) ئاخىرىدا، بىر كىساتويا غايەت چىرايلىق بىر ئىسرىقدانىنى تەقدىم قىلىۋاتقاندا، يەنە بىر قېتىم يالغۇز تەسۋىرلىنىدۇ، ئىككىنچى سورۇندا ئۇ بىشارەت قوبۇل قىلغۇچى سۈپىتىدە راھىب قىياپىتىدە بولىدۇ ۋە ئۇيغۇر دەۋرىدىكى دىندارلارچە ياسىنىدۇ، قولىدا يەنىلا ئوخشاش سوغات بويۇمۇ بار. (759) .

2. (1) بىر دېۋا نىيەت قىلىپ تۇرىدۇ، قولىدا بۇدداغا سوغا قىلىدىغان بىر نەچچە تال گۈل بار. رەسىمنىڭ يەنە بىر يۈزىدە ئۇ چېچىنى يېيىپ، بۇدداغا كىگىز قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى كۆرۈنۈش كىشىگە بۇ ياش براھمان (ئەسلى تېكىست شۇنداق! بۇ مەشھۇر رىۋايەت ئەنە شۇنداق، ئۇ دېۋا ئەمەس ) سۇماتى بۇددا (Sum ati)، ياكى مېگا (M ega) بولۇپ، ئۇ دىپامكارا (D ipam kara) نى ياندۇرۇپ ھۆرمىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (2) يەنە بىر قېتىم دېۋا سىياقىدىكى بىرەيلەن نىيەت قىلىۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇ ئېھتىمال ئەجدىھا خان ساگارانىڭ كىچىك قىزى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ھەش-پەش دىگۈچە بىر ئەرگە، بىر راھىبقا، ھەتتا بۇدداغا ئۆزگىرىدۇ (181- بەتكە قاراڭ). (3) بۇددا بولمىش دېۋا شۇئان چوڭ ياشلىق بىر راھىبقا ئۆزگىرىدۇ، بۇددا ۋە ئۇ ئۆزى راھىب تونىنى كۆتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ ئاددى بولمىغان، ئىنتايىن پوزۇر ۋاجرا تەختىدە يۈلۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كىشىگە ئۇيغۇر رەسساملار نەزىرىدە ئۇنىڭ ئالىيجاناپ كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇ دەسلەپكى مەۋجۇدىيەت شەكلىدىكى مايترېيا بولۇشى مۇمكىن: ئۇ چاغدا بۇددا ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا تارتىپ تىككەن راھىب تونىنى ئۇنىڭغا بەرگەن، مايترېيا، دىنى ئەقىدىلەرنى ئاغزاكى بايان قىلىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى (760) .

3. ۋايىسيالارمۇ تەخسىدە سوغات تۇتىدۇ، تەخسىدە پىرەنىڭ ياكى قىممەتلىك بويۇم قاچىلانغان خالتىلار بولىدۇ؛ بىراق، ئۇلار ئۆزگەرمەيدۇ، ئېھتىمال، ئۇلار بەخت بىشارىتىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. (761)

4. شۇنىڭدەك، بىر براھمانمۇ بۇدداغا لىق كۆك چاي سېلىنغان تەخسە تۇتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ئۇ —— ھازىرغىچە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ھەققەتەن دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاش —— ئۆزىنىڭ كەپىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ (762). قارىغاندا، بۇددا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ رەسىملەر ھەققىدە بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى بويىچە، بۇ ئۆزگىگە ئىشەنگەن براھمان ۋە باي ۋايىسيالارنىڭ بەختىيار ئىستىقبالى يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن ئۇيغۇرچە كېيىنگەن ئىككى تېۋىنغۇچىنىڭ رەسمى بىر نەچچە قېتىم ئەڭ كىچىك نىسبەتتە سىزىلغان. ئېھتىمال كىشىلەر بۇ ئارقىلىق سوغات بېرىش رەسىمدىكىلەرنى، يەنى سوغات بېرىش رەسمى ياكى ئىچكى قەسرىدىكى بارلىق ساخاۋەتچىلەرنى دىنىي مۇۋەپپىيەتلەرگە ئېرىشتۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن،—— نىيەت قىلىش سورۇنى قوچودا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ۋايىسيا

ۋە دۆلەتمەن ئېتىقادچىلارنىڭ تارىم دىيارىنىڭ شىمالىي يولىدا ئاخىرىقى مەزگىلەردىكى بۇددا دىنىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ. زور ھەجىمدىن ساخاۋەتچى ئائىلە رەسىممۇ بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدۇ. (197- بېتىنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ) .

## بىر نەچچە خىل بۇددساتۋا

بۇددساتۋا، يەنى ماخايانا ئەۋلىياسىنىڭ خۇسۇسىيىتى جايلاردا ۋە قوچۇدا دېۋاغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى نۇقتىنەزەر بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ (763) ، مول باش بېزەكلىرى بەزىدە ساسانىي شالو تاجىنىڭ ئامىللىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، بەزىدە ئوتتۇرىغا، پېشانىسىنىڭ ئۈستىگە ئايسىمان بېزەك تاقايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددساتۋا بويىنىغا نۇرغۇن مونچاق، پۆت- قوللىرىغا بىلەيزۈك تاقايدۇ. كۆكسىدىكىدەك كىيىم ئاساسەن يىپپىنچا رەخت ۋە لېنتىلاردىن تەركىپ تاپىدۇ، چاچ- دېۋانىڭ چېچىغا ئوخشاش- نىڭ بىر قىسمى پۆپۈك چىقىرىپ تارىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى دۈلىدا دولقۇنسىمان يېيىلىپ تۇرىدۇ (764) . ئۇلار ئولتۇرۇدىغان تەختنىڭ شەكلى ھەرخىل: ئۇ نىلۇپەر گۈلى بولۇشىمۇ، بىرەر ھايۋان ياكى باشقا نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىشىك- دېرىزىسى بار قەلئە تام (222- رەسىم) بىر مەزگىل كىستىگار بار بۇددانىڭ تەختى قىلىنغان (765)، بۇ بەلگە ئېھتىمال شەھەر ۋە ئەلنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئۇنىڭغا قىلىنغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. قوچولۇقلار ئالاھىدە ياقتۇرىدىغان بۇددساتالاردىن ئاۋالوكتېپىشۋارا، مايترېيا، ھارىتى ، كىستىگار بۇددا قاتارلىقلار بار.

ئاۋالوكتىي شۋارا ( avalotesvara) نى ئۇيغۇرلار avalokit bodisatva ياكى خەنزۇچە ئاھاڭى بويىچە kuansi im pusar دەپ ئاتايدۇ. بۇ بۇددساتۋا ئالەمدىكى ھەممە ئازاپلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ھەممە ئازابنى يوقىتىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، «مىڭ قوللۇق- مىڭ كۆزلۈك ئاۋالوكتېشۋارا» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە مۇشۇنداق سۈرەتتە تەسۋىرلىنىدۇ (766)، ئۇ ئايال سىياقىدا سۇدىكى تولۇن ئاي ئالدىدا ئولتۇرغان قىلىپمۇ تەسۋىرلىنىدۇ . (767)

—— «ساددارما پۇنۇرىكا سۇترا» دىكى بىشارەتكە ئاساسلانغاندا (24-باب)، ئاۋالوكتىي شۋارا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي ئازاپتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئوبرازى بىلەن نامايەن بولىدۇ. قوچۇدىكى بىر رەسىمدە (768) خەنزۇ مەنسەپدارىغا ئوخشاش كېيىنگەن بىر كىشى ئۈمىدسىزلىنىپ ياردىن سەكرەيدۇ. «شۇنىڭغا ئوخشاش» بىر كىشى بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرىدۇ: مانا بۇ ئاۋالركتىي شۋارا. —— تۇرپاندىن بىر يىپەك كىتابنىڭ قالدۇقى تېپىلدى، ئۇنىڭدا، پۇتۇك ۋە بىر پارچە نەپىس رەسىمۇ بار (769). تولىمۇ تىتىلىپ كەتكەن يىپەك رەسىمدە كۆپ باشلىق بىر بۇددساتۋا سىزىلغان، ئۇمۇ ئاۋالوكتىي شۋارا بۇددساتۋا بولۇشى مۇمكىن (770). پۇتمىگەن بىر ياغاچ ئويمىدا تەسۋىرلەنگەن، پۇتلىرىنى ئۇشۇقىدىن ئالماپ ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرغان بۇددساتۋا مايترېيا بولۇشى مۇمكىن، ئەينى چاغدا ئۇ بۇددساتۋا شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كەلگۈسى بۇددا ئىدى.

—— ئۇيغۇرچە ۋە توخرىچە ئىچىدە مايترېياغا دائىر مەزمۇنى مول ئىككى پارچە قوليازما بايقالدى (771). بۇ قوچولۇقلارنىڭ بۇرۇن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ پاكتى، 110-بەتكە قاراڭ. بىر يىپەك رەسىمدە بىر بۇددساتۋا سىزىلغان، ئۆتكۈر قىلىچى ۋە روھى جەھەتتىكى خىلمۇ-خىل ئازاب-ئوقۇبەت بەلگىلىرىگە قاراپ، ئۇنى مانجۇ شرى بۇددا دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دائىم مىنىپ يۈرىدىغان ئۇلىغى (vahana) بولغان شىرنى مىنىۋالغان، ئۇنىڭ رەسىمى قارا خوتودىكى بىر بەتلىك ياغاچ بەت باسما ماتېرىيالىدىلا يولۇقىدۇ (772). تۇرپاندىكى يەنە بىر بۇددساتۋا رەسىمدە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىپادىلەنگەن (773)؛ چېھرى چىرايلىق، بادام كۆز، قېشى ئىنچىكە ۋە بۇددساتۋالاردەك بېزەك تاقىغان ئىلاھ نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە راۋرۇس ئولتۇرىدۇ. چىرايى بېزەكلىكتىكى بىر نەچچە ھەيكەلنىڭ چىرايىغا ئوخشىشىدۇ (181-بەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ زېرەك ۋە تەمكىن قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ. بۇ كىشىنىڭ قايسى مەبۇدقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگىلى

بولمايدۇ. ئەكسىچە، قوچودا تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر بۇدساتۋا ئانداق تەمكىن قىياپەتتە ئەمەس (223ـ رەسىم) (774).

سەككىز بالىنىڭ بىر نەچچىسىگە جىمغىنە قاراپ تۇرىدۇ، بىز باللار ۋادەك ئەتراپىدا ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۇ ئىچىدە ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە ئويناۋاتىدۇ، بۇ قوشۇمچە ھادىسە بىزگە بۇددا تەسرلەندۇرگەن ھارىتى بۇرۇن بالا يەيدىغان ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئېرى پانسىكا — ئۇمۇ بۇدساتۋا بولغان — يېنىدا ئولتۇرىدۇ. بىراق، ئورنى سەل پەسرەك. چۈنكى، ئۇ پەقەت ئىككىنچى شەخس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككىلىسىنىڭ پېشانىسىدە ئۇرنە ۋە ناھايىتى ئۇزۇن قۇلىقى بار. ھارىتى باشقا بىر رەسىمدە مېھرىبان ئانا قىياپىتىدە زاھىر بولىدۇ؛ بىر تەكشى ئويما بويۇمدا ياكى بېزەك رەسىمدىكى پاكار كۆك ئورۇندۇقتا (52ـ رەسىم) بىر ئايال ئولتۇرىدۇ. ئۇ قىرلىق نەقىش (149ـ رەسىم) چۇشۇرۇلگەن رەختتىن تىكىلگەن، گىرۋىكىگە چىرايلىق جىيەك تۇتۇلغان ئالتىنچى تۇردىكى (124ـ بەتكە قاراڭ) كىيىم كىيگەن، كەشتىلەنگەن ياخشىمۇ كىيىمى بىلەن ئوخشاش، لېكىن، قىزىل ياكى ئەترەڭ ئەمەس، سۇس كۆك رەڭدە، چېچى بىلىگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بىراق، چېچى چىكىسىنىڭ ئۈستىدە بىر تال لىنتا بىلەن تۇگۈۋېلىنغان، بۇ لىنتا كەجگىسىدە چىڭ چىگىلگەن، بېشى ئەتراپىدا يول-يول رەڭلىك ماندورلا (ئىلاھىي نۇر) يالتىراپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، يۈزىنى پەرقلەندۇرمەك تەس، بىراق قىياپىتى بۇ بۇدساتۋانىڭ نىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ. ھارىتى بۇرۇنقىدەك غادىيىپ ئولتۇرماي، باللارغا مېھرىبانلىق بىلەن ئېگىلگەن ۋە بىر بالىنى قۇچىقىغا ئالغان. بۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەككىز بالىنىڭ بىرى ئەمەس، بەلكى توققۇزىنچى بالا، ياردەم قىلىۋاتقان ئېتىقادچىلارمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. قوچودىن تېپىلغان رەسىم ۋە ھۆججەتلەردىن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە قارىغاندا، قوچودا باللارنى قوغدايدىغان ئانا قوغدىغۇچىلارغا ۋە بۇددا تەسرلەندۇرگەن ئاتاۋاكاغا چوقۇنۇش ئالاھىدە ئەۋج ئالغان. كېيىنكىسى بۇرۇن ئاياللار ئۈچۈن بىر ئاپەت ئىدى (775). ئۇيغۇر رەسساملار ھارىتىنى ئەدەب-قائىدىلىك قىياپەتتە تەسۋىرلەشكە تولىمۇ ماھىر.

### ئارخات

بۇدساتۋاغا چوقۇنىدىغان ماخايانانىڭ ئەكسىچە، ھىنايانانىڭ ئەۋلىياسى ئارخاتتۇر. بۇ كىشى ھوشىنى تېپىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ، بىراق، ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئەتراپىدىكى دۇنيانى نەزەردە تۇتمايدۇ. «ئارخان» دېگەن سۆز

بۇددانىڭ «چوڭ شاگىرتى» نىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى ئون، ئون ئالتە، ئون سەككىز، ھەتتا بەش يۈز راھىبلار كوللېكتىپى بولۇشى مۇمكىن؛ ياكى يالغۇز بۇرۇنقى ئالىي روھانىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئۇ ئومۇمەن خىرىستىيان دىنىدىكى «دىنىي ئاتا» غا توغرا كېلىدۇ، ئارخات راھىب سىياقىدا تەسۋىرلىنىدۇ. قارا شەھەر مىڭئۆيدىكى تۇنجى دىنىي يىغىلىش رەسىمدە ئارخات كۆرۈلىدۇ (776)؛ راھىبلار ماۋدگالىيايانانىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، دىنىي قائىدىلەرنى تۈزىدۇ؛ ئاناندا ئۇنىڭ بايانلىرىنى بىرمۇ-بىر كۆڭلىگە پۈكۈۋالىدۇ، باشقا راھىبلار ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلىۋالىدۇ. كۇچاردىكى راھىبلار رەسىمى (777)گە ئوخشىمىغان ھالدا، بۇ يەردە رەسىم بىر رېئالىستىك رەسىمنى سىزىپ چىقىشقا تىرىشقان، ئۇ رىياسەتچىنى قالغان راھىبلارغا يۈزلىنىپ تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن راھىبلار ئۇنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ. پەرىلەر ئەھمىيىتى چوڭ بۇ سورۇنغا گۈل چاچىدۇ. رەسسام ھېچقانداق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئىشلەتمىگەن. پەقەت بىر پاكار ئورۇندۇق — قارا شەھەر كەڭ تارالمىغان مۇشۇنداق ئۆي سايىمنى — ئارقىلىق، يېشى ئەڭ چوڭ كىشىگە بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلىگەن؛ ساۋ گالىيايانانىڭ بېشىغا يەنە كۈنلۈك تۇتۇلغان. باشقا راھىبلار مۇراسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاددى پالازدا ئولتۇرىدۇ. ئاناندا بويى ئېگىز ۋە رەسىممۇ چوڭراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆچ سەپدىشىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. راھىبلارنىڭ ھەممىسى تون، چاپان ۋە كۆينەك كىيگەن. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى شەكىلگە كىرمىگەن ماتېرىياللار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئەھۋال بۇ يەردە ئومۇملاشمىغان. ساۋ

گالىيانانىڭ تونى گۈللۈك. ـــــ شۇ يەردىكى باشقا بىر رەسىمدە (778) راھىبلارنىڭ ھەممىسى گۈللۈك تون كىيگەن، بۇ تونلارنىڭ ئۈزۈن بەل قىسمى ئالاھىدە روشەن كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى رەسىمدە ئادەملەرنىڭ يۈزى ئانچە ئىنچىكە تەسۋىرلەنمەي، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەنلا ئىپادىلەنگەن.

قوچودا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كەلگەندە، كىشىلەر چىراي تۈرقىنى تەسۋىرلەشكە خېلىدىن بېرى قىزىقىدىغانلىقىنى كۆردى؛ ئالدىنقى تۈرك دەۋرىگە دائىر بىر ياغاچ ئويمىدا (779) ئارخات ئاغزى ۋە ئاستىنقى تاڭلىيىنىڭ چۆرىسىدە قېرىلىق قورۇقلىرى بار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۆچارچە شەكىلنىڭ تەسىرى ئىدى (780) . لېكىن، قوچودىكى رەسىمدە ئانچە رېئال بولمىغان مۇنداق شەكىل يارىتىشقا سەممىمىي تەبەسسۇم قوشۇپ قويۇلغان ئىدى. سەل كۆتۈرۈلگەن قائىدىلىرى يۈزىگە زېرەكلىك ئىپادىسى بەرگەن. ۋاكۇفوچە تار ياقىلىق كىيىمى كۆكرىكىنى زىيادە ئوچۇق قويمايدۇ. ـــــ نوم سۆزلىگۈچى ئۈچ ئۇستازىمىز ئاشۇنداق كىيىنگەن، ئۇلار يۈكۈنگەن راھىبلار ئىچىدە بېزەلگەن ئەگمە ئاستىدىكى مۇنبەردە ئولتۇرىدۇ (781). خەنزۇچە بېغىشلىما بار يەنە بىر تام رەسىمدىكى قەدىمكى دەۋر راھىبى، يەنى«ھۆرمەتلىك سۇ بۇتى» نىڭ رەسىمى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ (782). چوڭ ياشلىق بۇ راھىبنىڭ بېلەكلىرى ۋە كۆكرىكى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كىيىمىنىڭ يېڭى يوق: سۇ بۇتى دەۋرىدىكى قەدىمكى ھىندىستاندا كەڭ تارالغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ كىيىمى بىر نەچچە پارچە رەختتىن ئىبارەت ئەمەس. ئاپئاق چاچلىرى قىرقىلغان، بۇ شەكىلدىكى پۈتۈن تۈرقى قېرىلىق ۋە جاپا تۇپەيلىدىن ئاۋاق كۆرۈنىدۇ. ئۇنداق تەسۋىرلەنگەن يۈز شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ تىپىك ئوبرازىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ: بۇرنى ئېگىز، قۇيۇق قاشلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن ئاق چاچلار بار، كۆزلىرى تېرەن چاناقلار ئىچىگە ئورۇنلاشقان، «روشەن قورۇقلار بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدىن تاكى مەڭزىنىڭ ئاستىغىچە سوزۇلغان»؛ قۇلىقى تېشىلگەن ھەم مۇۋاپىق دەرىجىدە چوڭايتىپ سىزىلغان. ناۋادا سۇرلۇك ۋە ئاسكېتىنچە بۇ كىشى مەيدىسىگە مونچاق ئېسىۋالغان، بۇ پەقەت بىر خىل ھەشەمەت (aVatam saka)» نى ئىپادىلەيدۇ: بۇ رەسساممىنىڭ ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىنى ۋە كۆرگۈچىلەردىن رەسىمنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. ـــــ قوچودىكى تۈرقى كىشىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان ئارخاتنىڭ رەسىمدە بىر راھىب بىر ئەجدىھانى ئەل قىلغانلىقى سىزىلغان (783). بۇ ئاساسىي تېمىغا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى: قوغلانغان ۋە ئەل قىلىنغان كۈچلۈك بىر رەقىپ، ئۇنىڭ قول ئىشارىسى ۋە ئەپتى تولىمۇ بەقۇۋۋەت تەسۋىرلەنگەن. كۆڭزىچىلار كىشىلەرنى مۇلايىم بولۇش ۋە ئۆزىنى تۇنۇش روھىدا تەربىيىلەيدۇ، لېكىن، بىرەر شەرقىي ئاسىيالىق ياكى ئوتتۇرا ئاسىيالىق رەسسام ھاياتىي كۈچنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، چەت يۇرتلۇقلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى تاللايدۇ، مەسىلەن، سۇ بۇتىنىڭ چىرايى ياكى مۇشۇ ئارخاتنىڭ چىرايى دېگەندەك؛ پاكار ۋە چوڭ ئىككى ياڭاق سۆڭىكى ئارىسىدىكى كۆزلەر چىرايىنى روشەن ھالدا قارام كۆرسىتىدۇ، چاناق ئىچىدە ئىككى قارىچۇق قېتىپ قالغان، قارىچۇقلار ئاق كۆز گۆھىرى سەۋەبىدىن پالىلداپ تۇرىدۇ. كۆزلەر يىرىك قاشلار بىلەن تورۇۋېلىنغان. بۇرنى غەلىتە ھالدا كۆتۈرۈلگەن، تاڭلاي سۆڭىكى كەڭ بولغان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەرە تارتىپ تۇرىدۇ. بىردىنبىر ئەينەن سىزىلغان قورۇقلار بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدىن جاۋغىيىغىچە ئېگىلىپ چۈشكەن. بۇ يەردە كۆچاردىكى ماخاكاسياپانىڭ يۈزىدىكىگە ئوخشا مېخانىك، كىشىنى ئىشەندۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن قورۇقلارنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدۇ (784). پاكىز قىرىلغان مۇجمەل بېشىنى غايەت زور ئاپئاق نۇر ھالقىسى ئوراپ تۇرىدۇ. ئوڭ مۇشتىنى تۈگۈپ، ھازىرلا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك كۆتۈرۈۋالغان، سول قولىنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ ئالدىغا سوزۇپ، توسۇش قىياپىتىدە تۇرىدۇ. مۇشۇنداق چىراي ۋە قول ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىمنى تۇرغۇن سەنئەتكارلار سىزغان. ـــــ ئېھتىمال شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەكتەپتە بىر تۈركۈم سەنئەتكارلار تەربىيلەنگەن، ئۇلار نىيەت قىلىش سورۇنىدىكى (181-بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ) ئارخاتقا ئوخشاش كىشىدە چوڭقۇر تەسىرى قالدىغان ئەنە شۇنداق تىپلارنى ياراتقان بولۇشى مۇمكىن.

## «براھمان» ۋە نىرگرانتا

نۇرغۇن بۇددا نوملىرىدا بۇددانىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. بۇددانىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى ئىچىدە براھمان گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ نام قوش مەنىنى بېرىدىغان بولۇپ قالدى، باشتا قەدىمكى ھىندىستاندىكى ئەڭ يۇقىرى ۋارانانى كۆرسەتتى. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن، براھمانلارمۇ بۇددا دەۋرىدە خرىستىيان دەۋرىدىكى فارىسىيلارغا ئوخشاش براھمانلىققا يېتەكچى بولغان ۋە يېتەلمىگەن كىشىلەردۇر. بۇددا مۇرتلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار يېڭى دىنني ئەقىدە پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئۆز ئېتىقادى بىلەن كۆز ـ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ سۆزلەشكۈچىلەر. بەزى بۇددا نوملىرىدا ئۇلار بۇددا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەر دانىشمەنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىنى يېشىش مەسلىھەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بەزىدە مەسلىھەت سورىغۇچى مۇشۇنداق براھمانغا ھەقىقەتەن بۇددا ۋە ئۇنىڭ دىنني ئەقىدىسى تەسىر قىلىدۇ. بىراق ئۇ ھەمىشە باشقىچە قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا مۇرتلىرىنىڭ نەزىرىدە «براھمان» دائىم بۇددانىڭ رەقىبى دەپ قارىلىدۇ. مۇنداق ئەھۋال نۇرغۇن يارالمىش قىسسىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رەسىملىرىدە ئەكس ئېتىدۇ؛ بۇ يەردە براھمان خەتەرلىك ۋە رەھىمسىز. بىر براھمان ياكى بىراھمان ئوبرازىدىكى ئىندرا بۇدساتۋادىن ئۇنىڭ بارلىق مال-مۈلكىگە، ھەتتا باللىرى ۋە خوتۇنىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ پارچە تېنىگە ئېرىشىدۇ (785). مۇشۇنداق بىر نەچچە پاكىت براھماننىڭ نىرگانتاچە غەلىتە كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھىندى دىنىدىكى چۈپىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، چېچىنى ھىندى دىنىدىكى جاتا (Jata) شەكلىدە تارىۋالىدۇ، سول مۈرىسىدىن كۆكرىكىنى ئارتىلدۇرۇپ ئوڭ يانپىشىغىچە براھمان ئارقىنى ئارتىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنىمە يوق دېگۈدەكلا: ئۇ پەقەت يانپىشىغا بىر پارچە يولۋاس تېرىسى باغلىۋالىدۇ، براھمان بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاسكېتىزىمچە ئالچۇقىنىڭ ئۇستىگە بىر تال يولۋاس قويرۇقىنى ئېسىپ قويىدۇ . ئۇنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك (!) (786) شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىدە پاچاقلىق تېڭىۋالىدۇ،بۇنىڭدا پۇتىنى ئىسسىق ساقلاشنى مەقسەت قىلمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇستى بېشىدا قىلچە نەرسە يوق، سوغۇقتىن ساقلانغۇدەك ھېچنىمە يوق. مۇنداق براھمان پۇتىغا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشمىغان سەندەل كىيىۋالىدۇ، بۇرۇتىنىڭ ئۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە تۆۋەنگە ساڭگىلىماي، ياكسالارنىڭكىدەك يۇقىرىغا دىڭگىيىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «غەلىتە» كۆرۈنىدۇ. ئۇ كۆپ ھالدا پۇشكا (قوۋۇز ساقال) ۋە تاڭلاي ساقال قويۇۋالىدۇ. ئۇ گەرچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئاسكېتىزم دېيىشىنى ئارزۇ قىلىسمۇ، بوينىغا مونچاق ئېسىپ، بېلەك، قوللىرىغا بىلەيزۈك، قولىقىغا ھالقا سالىدۇ، ھەتتا بېزەك قويۇلغان بەلباغ باغلايدۇ، بۇ نەرسىلەر ئەسلىدە زىددىيەتلىك ھادىسىدۇر. چىراي گاھ شەرقىي ئاسىيالىقلارغا، گاھ سىرتتىن كەلگەنلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئارخاتنىڭ چىرايىدەك تۈرۈپ ئۇنىڭغا، تۇرۇپ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇددا ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەرسىيە سورۇنىدا (179-بەتكە قاراڭ) 7 كىشى تەسۋىرلەنگەن، ئۇلار قىسمەن مۇشۇنداق براھمان —— نىرگرانتا تىپىغا مەنسۇپ (787). ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تاقىرباش ياكى چېچىنى گەجگىسىگە جاتا شەكلىدە تۈگۈۋالغان. ئۇلار براھمان ئارقىنىلا ئەمەس، قەھرىمانلار (!) نىڭ تۈگۈنلۈك قىزىل تونىنىمۇ ئارتىۋېلىپ، يولۋاس تېرىسىدىن پاچاقلىق تاڭغان. يۈزلىرى قوپال ۋە غەيرى، ئۇلاردىن بىرى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايدۇ، قالغانلىرى قىيا-چىيا ساز چالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەنە بىر كىشى سىزىلغان: ئۇنىڭ چاچلىرى ئاپئاق بولۇپ، پەر تۈقى نەقىش چۈشۈرۈلگەن يولۋاس تېرىسىدىن ئىشلەنگەندەك قىلىدۇ. سول پۇتى ئېگىلگەن، پۇتىنىڭ باش بارمىقى كېرىلگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇنداق غەلىتە قىياپەتتە ساز چېلىپ ئولتۇرىدۇ، —— بۇددانىڭ مەرسىيە ئوقۇش تەسۋىرلەنگەن، چاچلىرى ئازدۇر-كۆپتۇر غەلىتە جاتا شەكلىدە تۈگۈلگەن، ئۇلار تۈگۈنلۈك قىزىل تون كىيىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم شەخس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان (788). رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىدىكى ئۈچ كىشى ساقال قويغان، دۈگىلەك كۆز «چەت ئەللىك»، سولدىكى ئۈچ كىشىنىڭ چىرايىدىن

شەرقىي ئاسىيالىقتەك قىلىدۇ، ئەمما ئالتىلىسىنىڭ چىرايى، قول ئىشارىسى ۋە بېزىكى زىيادە مۇبالىغە قىلىنغان؛ قەستەن ھەجۋىلەشتۈرۈلگەن ئوبرازغا ئوخشايدۇ. يىراق ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلارنىڭ بەلگىسى بولغان تۈگۈنلۈك قىزىل تون بۇ يەردە براھماننىڭ روھىي جەھەتتىكى ھاكاۋۇرلۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە «براھمان شاگىرت» بولۇشىمۇ مۇمكىن (789). ئۇلارنىڭ بىر قەدەر كىچىك ئوبرازدىن ياش ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئانچە مۇھىم شەخس ئەمەسلىكى كىچىكرەك نىسبەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەكسىچە، بالىلارچە قىسقا بويۇن، يۈزى پارقىراق شەخس بۇ گەپنى ئەستىقلايدۇ. مۇنداق «شاگىرت» يالىڭاياق، يانپىشىغا بىر پارچە لاتا، پاقالچىكىگە پاچاقلىق تېڭىۋالغان، ئۈچىسىغا ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بىر نەچچە يىپىنچا ئارتىۋالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر بېزىكى بىلەيزۈك، چاچلىرى ھەممىشە دولىسىدا يېيىلىپ تۇرىدۇ. بېشىغا ھازىرقى ئۆزبەكلەرنىڭ گىرۋەكسىز بۆكىنى كىيىدۇ. چىرايى شەرقىي ئاسىيالىقلارچە تەسۋىرلىنىدۇ.

## قەھرىمانلار ئوبرازى

قەدىمكى ھىندىلار ئادەم ۋە ھايۋانلارنى باشقا ھەر خىل جانلىقلار قاتارىدا تەسەۋۋۇر قىلىشقان، بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان ھەر بىر ئاڭلىغۇچى ۋە بۇ جانلىقلارنىڭ سانىنى بىرمۇ بىر دەپ بېرەلەيدۇ، بۇ بىر خىل ئالاھىدە ئەنئەنىدىن كېلىپ چىققاندەك قىلىدۇ، ئەگەر نومدا بەزىدە بەش خىل ياكى ئالتە خىللا «جانلىق» تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا بەختكە ئېرىشىش يولى راۋان بولغان جانلىقلار: ئادەم ۋە ئىلاھ  ھەم يولى راۋان بولمىغان جانلىقلار: گىگانت ئاسۇرا، ئاچ ئالۋاستى پرېتا (preta) ، ھايۋان ۋە دوزاخ جانلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر ئاسۇرا ھېسابقا ئېلىنمىسا ، ئۇ چاغدا بەش خىل جانلىق تىلغا ئېلىنىدۇ. بىرەر ئاڭلىغۇچى قېلىنغاندا كۆپ قېتىم  كۆرسىتىلگەن جانلىقنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتە خىل جانلىقنىڭ بىرەر خىلىغا كىرگۈزمەك تەس، مەسىلەن، بىرەر خىل كېلەڭسىز ياكساغا ئوخشاش، ـــ كىشىلەر ئۇيغۇر رەسىملىرىدە باشقا بىر خىل جانلىقنى بايقاشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ جانلىق كلاسسىك كىتابلاردا يولۇقمايدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاش ياسانغىنىدىن كىشىلەردە ئوخشاش بىر تىپمىكىن، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەھرىمانلار ئوبرازىمىكىن دېگەن تەسىرات قالىدۇ، ئۇلار ئۇرۇشقاق تۆت ماخاراج تەڭرى (lokapala) بۇددانىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ۋاجراپانى ھەم باشقا بىر نەچچە ياكسا (مەسىلەن، ئۆلۈم ئىلاھى) ۋە نىيەت سورۇندىكى كساترىيانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلەڭسىز ياسىنىدۇ، ئېغىر ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىدۇ. ئۇلار تۈگۈنلۈك قىزىل توز يېپىنچىغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ جەڭ تونى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ (224-رەسىم) (790) .

1. تۆت ماخاراج تەڭرى (142-بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ): قارا خوتوغا ئوخشاش قوچو شىمالىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شىمال تەڭرىسى (ۋايسراۋانا) بۇ يەردە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر. تۇرپاندىكى بىر تەقلىدىي تام رەسىمدە (791) ۋايسراۋانا تەڭرى ياكساغا ئوخشاش قەدىمكى شەكىلدە كىيىنمەي، ئەمەلىي كىيىنگەن. گەرچە ئەسلى نۇسخىسى پۇچۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ تەڭرىنىڭ ئاستىنقى تاڭلىيىنىڭ تۆۋىنىدە قىزىل توننىڭ تۈگۈنىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

2. قوچودا سىۋانىڭ ئوغلى، قەدىمكى شەكىلدە كىيىنگەن كارتتىكېيا ياكسا ئانچە سۈرلۈك تەسۋىرلەنمىگەن، ئەمما قىياپىتى يەنىلا كىشىنى ئەيمەندۈرىدۇ (143-بەتكە قاراڭ): ئۇنىڭ پولتىيىپ چىققان رەھىمسىز كۆزلىرىنى قويۇق قاشلىرى يېپىۋالغان، چېكىسىدە كۆك تومۇرلىرى بۆرتۈپ تۇرىدۇ، بۇرنى غەلىتە ھالدا ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇرۇتى ئۇيغۇر شەكلىدە قويۇلماي، ئىككى تەرەپكە تۈز ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بومبا ساقىلى يوق، پەقەت قۇلىقىنىڭ ئاستىدا ۋە ئېڭىكىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر نەچچە تال ساقاللا بار، بۇ ئىنسانلار دائىرىسىدە ئېسىلزادىلىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس، ئىغىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە ھاياتى كۈچكە باي، كىشى ئەيمىنىدىغان ۋە بەقۇۋۋەت قوغدىغۇچى ئىلاھنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان (792) . ياكسا دەرىجىسىگە توغرا كېلىدىغان كىچىك بىر پارىۋارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرلەنگەن (793). ئۇ يۇقىرىدا

ئىپتىلغان كىشىلەردەك كېلەتسىز كېيىنمىگەن، ئەمما، ئۇمۇ توڭگۈنلۈك قىزىل تون يېپىنغان! گەرچە ئۇنىڭ قوچو ياكسالىرىغا ئوخشاش پولتىيىپ چىققان كۆزى ۋە ھايۋانلارنىڭكىدەك ھىڭگاڭ چىشى بولسىمۇ، ئۇ كىچىك بىر چىراغنى بۇدداغا سوۋغا قىلىۋاتقىنىدا، ئانچە ياۋۇز كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ئىشىك مۇئەككىلى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك دېۋا (794) مۇ ئەنە مۇشۇنداق توڭگۈنلۈك تون يېپىنىۋالغان. ئەڭ مەشھۇر ياكسا ـ قوچو تام رەسىملىرىگە ئاساسلانغاندا ، بۇددانىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ۋاجراپانى بولۇپ (181ـبەتكە قاراڭ)، ئۇمۇ تەبىئىي رەۋىشتە مۇشۇنداق قىزىل تون يېپىنىۋالغان، پولتىيىپ چىققان كۆزى، بۇجۇغۇر قاشلىرى، كىچىك ساقىلى، قۇلىقى ۋە ھىڭگاڭ چىشىنىڭ بىر ياكسا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ چىرايىمۇ كىشىنى ئەيمەندۈرىدۇ ياكى ۋەھىمىگە سالىدۇ. قىزىلدىكى بىر ۋاجراپانىنىڭ مېھرىبان چىرايى (795) ئانچىۋالا ئۇرۇشقاقلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ دەپ قارىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار بۇ سادىق قوغدىغۇچىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتايىن مۇۋاپىق بىر ئوبرازنى ياراتقان: ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا بۇ كىشىنى بەكمۇ ئەيمەندۈرىدىغان ۋە بىچارە بولغان ياكسا ئانچىۋالا يۇچۇن ئەمەس.

3. ئۈچىنچى خىلدىكى قەھرىمانلار ئېھتىمال نىيەت قىلىش سورۇنىدىكى كساترىيالاردىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن. (143ـبەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ). ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىدىن باشقا، مەشھۇر توڭگۈنلۈك تونىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئەلۋەتتە مۇنداق تونىنى يېپىنمايدۇ.

## ئىلاھلار

ئۇيغۇر رەسساملار باتۇر تۆت ساخاراج تەڭرىدىن باشقا، ئاتسىز ھالدا ئىلاھلارنىڭ ئالاھىدە ئوبرازىنىمۇ ياراتقان، بۇددا نومىدا ئۇلار كۆپۈنچە «ياردەمچى» لەردىن ئىبارەت. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزم ھېكايىلىرىدە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك رول ئوينايدۇ: بەزىدە ئىلاھ رەڭدار كۆكتە زاھىر بولۇپ، فانى ئالەمدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ناۋادا، بىر ھېكايىدە مۇرتلارغا ئۇنىڭ دىنىي ئەھمىيىتى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈشكە (796) ياكى پائالىيەت سورۇنىنى تېز ئۆزگەرتىش سەۋەبىدىن، «غۇۋا» سورۇننى يېزىق بىلەن خەۋەر قىلىپ ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، ئىلاھ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ (797). ئىلاھلارنىڭ ئاددى بىر رولى كۆكتىن بۇدداغا گۈل چېچىش ۋە بۇ ئارقىلىق، پۈتۈن قۇۋمنىڭ بۇددا ئىشلىرى ياكى ھېلىلا ئېرىشكەن بۇددا ئەقىدىلىرى ئۈچۈن خوشال بولغان كەيپىياتنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت (798). ئەمما، بەزىدە ئىلاھلارمۇ مۇنداق ئىشنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالىدۇ (799). ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىدە بىرەر دېۋامۇ بۇدداغا نىيىتىنى ئىپادىلەيدىغانلىقنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق (183ـبەتكە قاراڭ). بۇ دېۋالار گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدا تاكى خەيرىلىك ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ،گۈللىرى سولغىچە خىرامان، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يېڭى بىر خىل مەۋجۇدلۇققا كىرىدىكەن. تۈرك سەنئەتكارلىرى پەرىلەرنىڭ مۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى شادىمان ھالىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلىگەن؛ ئۇلارنىڭ چىرايى گۆدەكلەرگە ئوخشاش سەبى ۋە پاك بولۇپ، كۆچاردىكى ياغاچ قونچاقلارنىڭكىدەك چىرايىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

## ئاپسارا، ئاۋاتامساكا

ئىبادەت قىلىشنىڭ بىر ۋەزىپىسى مۇرىتلارغا پىششىق تونۇش بولغان مۇئەييەن قائىدە ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى چىڭىتىش. مۇنداق ئادەت سەۋەبىدىن ھەر خىل گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن مۇرىتلار تەڭرىگە سوغات تەقدىم قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوغات بويۇم بىلەن سوغات تەقدىم قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەسىر بارلىققا كېلىدۇ. سوغات بۇيۇم (avatam saka) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزىمدىكى رولى ھەققىدە d زىركال تولىمۇ ئىلھامدۇرارلىق بىر باب يازغان (800): «ئاۋاتاماسكانىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇدداغا تەقدىم قىلىنىدىغان، سوغات بويۇم» يالغۇز گۈلى ۋە ئىپادىلا ئەمەس، يەنە بۇدداغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل

گۈزەل نەرسىلەرمۇ بار، مەسىلەن، مۇزىكا ياكى ئاپسىرانىت نازاكىتى دېگەندەك؛ بۇ بەزىدە كۆكتە پەيدا بولغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت، ئۇلار نوم سۆزلەۋاتقان پىر ئۇستازلارنىڭ بېشىدا شادىيانە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتتە لەيلەپ يۈرىدۇ. بۇ گۈزەل بۇدا دىنى رەسىمدە بۇ ھەتتا بىر خىل «ئاۋاتامساكا» سوغات بۇيۇمى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مۇنداق سۆيۈملۈك مىساللار دۇخاندا سامانەدەك. تۇرپاندا بولسا پەقەت بىر يىپەك رەسىمنىڭ قالدۇق پارچىسى ۋە ۋاراق ياغاچ بەت باسما بۇيۇمنىلا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ (801). بۇ باسما بۇيۇمدا بىر ئاپسارا بولۇت ئاستىدىكى پادما سانا (نىلۇپەر تەخت) تە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ قىن-قىنىغا پاتماي نەي چېلىۋاتىدۇ. گۈللەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ۋە بېشىغا يېغىۋاتىدۇ. كۆكتە باشقا سازلار: ئىككى قېتىم بىر بەل دۇمباق، ئىككى قېتىم بىر كىچىك جاڭ، بىر داپ ۋە بىر گىتتار، يەنى بەش خىل ساز ئىچىدىكى باشقا ئالتە ساز لەيلەپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر ئىسرىقدان ۋە بىر كىچىك چىراغنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

## كىستىگاربا، ئون تەڭرى، باق ئالەم

بۇددىزىم ئەقىدىسى بويىچە، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى كارما قانۇنىيىتى بويىچە ئادىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ياخشىلىق، ياخشىلىققا، يامانلىق يامانلىققا قايتىدۇ. لېكىن، ئامىت بۇدداغا ئاللاقىدار مېھرى-شەپقەت تەلىماتى بولغان «ماھايانا-سۇترا» دا مۇنداق سەۋەب-نەتىجە دىنىي ئەقىدىسى بوشاشتۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادا باقىي ئالەمنىڭ ئون تەڭرىسىنىڭ سورىقى ئالدىدىن قۇتقۇزغۇچى كىستىگار بادىن ئۈمىد كۈتۈلىدىغان بولغان بولغان (802). مۇنداق ھادىسىنىڭ ھىندى ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك، لېكىن، جۇڭگو ۋە غەرب ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار. قوچودىن تېپىلغان بۇ شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رەسىمدە خەنزۇچە شەكىللەرنىڭ مەلۇم ئامىللىرى: ئالدىدا بىر پارچە لاتا يېپىلغان سوراق ئۈستىلى، كەڭ كىيىم، سۈرلۈك سوراقچىنىڭ گىرۋەكسىز بۆكى، ئۆلگۈچىسىنىڭ يازۇقلىرى قاتارلىقلار بار. بىراق، ناۋادا بۇ پۈتكۈل دىنىي ئەقىدىلەر باشتا ساپ خەنزۇلارنىڭ ئىدى، پەقەت ئۇنىڭ شىرازىلىنىشى ۋە بايان قىلىنىشىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىدى دېيىلسە خاتا بولىدۇ. مىلادىيە 651-يىلى شۈەنزاڭ «داچىڭ داجى دىزاڭ شىلۈن جىڭ » (803) نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ قايسى تىلدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھازىرچە بىر سىر، L ئىلىپس (804) نىڭ كۆرسىتىشىچە، دۇخاندىن چىققان 8-ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە يۆگىمە قولىيازمىدا (ستەيىن، 2659-نومۇرلۇق قولىيازما) بىر ماخىرنا ماگ بار ئىكەن. بۇ قەسىدىنى دادمىڭ ئاتلىق بىر كىشى پەھلىۋى تىلىدىن تەرجىمە قىلغان ئىكەن. بىراق، ئۇ ئوخشاش بىر ئىسمىدا «راھىب» دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، شۈەنزاڭ بۇ نومنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىدى. گېللىس بۇ ئىسمى ئوخشاش كىشى بولۇپلا قالماي، ئوخشاش بىر كىشى، يەنى ئىرانلىقمۇ قانداق دەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. مۇبادا بۇ قىياس پۈت دەسسەپ تۇرالىسا، شۈەنزاڭ تەرجىمە قىلغان

ئەسلى كىتاب ساكسىكرىتچە بولماي، ئاتەشپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ كىتابى بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئىخلاسىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇۋاپىق كەلگىنى ئۈچۈن، بۇ كىتاب جۇڭگودا تېز ئالقىشقا ئېرىشىپ كەڭ تارىلىپ، بۇددىزىمنىڭ بىر چوقۇنۇش ئاساسىغا ئايلانغان.

مېنىڭ كەسپىي ھەمراھىم فۇجىئېدا ئاكىرا (كيۇتو) نىڭ ماڭا دېيىشىچە، ياپونلارنىڭ نەزىرىدە jizo (خەنزۇچە 地 藏 (دىزاڭ) دىن كەلگەن، سانسكرىتچە K sitisarbha) نىڭ رولى كۆپ ئىكەن: ياپۇنلار ئۇنى ساكيامونى ئالەمدىن ئۆتۈپ مايتىرىيا دۇنياغا كەلگىچە ئارىلىقتىكى قۇتقۇزغۇچى دەپ قارايدىكەن؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئۆلگۈچىنى ئامستابانىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدىكەن. ئۇ يەنە يەرنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇپ، ئۆي-ئۆيلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدىكەن. ئاخىرىدا بولۇپمۇ ئاياللار ئۇنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاسان يېنىكلىشىلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزۈن

ئۈمۈر تىلەيدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىلا تەسىرى بولۇپ قالماي، بەلكى ئالتە خىل ئاقىۋەتنىڭ دەۋر قىلىشى، ھەتتا ئاخىرەتتىمۇ رول ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ پرانىدانا (pranidhana) سى چەكسىز بولۇپ، ياپونلار مىلادىيە 752ـيىلىدىن باشلاپ بۇ بۇدساتۋاغا چوقۇنغان ئىكەن.

دۇخاندا بىر رەسىم بار (805) رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاستابا ئۆزىنىڭ سۇ كاۋاتى جەنىنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىستىگاربا، ئون تەڭرى ئۇنىڭ ئوڭ-سولىدا بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ، يەنە ئالتە خىل ئاقىۋەتنىڭ دەۋر قىلىش شەكلىمۇ سىزىلغان. داۋملىق راھىب سېرىق شىرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايان بولىدۇ (يۇقىرىدىكى تېكىستكە قاراڭ). ئۇ كىشىلەرگە ئون تەڭرىنى ۋە ئون تەڭرىنىڭ سورىقىدىن ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچى كىستىگاربانى تونۇشتۇرىدۇ. دېمەك، كىشى ئۆلسە باقى ئالەمدە ئون تەڭرىنى كۆرىدۇ، ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنى ساناپ چىقىدۇ ۋە جاللاتقا تاپشۇرىدۇ (806)، ئۇ ئەنە شۇنداق قىين-قىستاق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە دوزاخنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كېلىنگەندە، راھىب سىياقىدىكى ھېلىقى كىستىگاربا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى قۇتقۇزىدۇ ۋە ئاستابانىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ.

قوچودىكى نۇرغۇن تام رەسىملىرى ۋە «نەپىس رەسىملەر» بۇ يەردە مۇشۇنداق چوقۇنۇشنىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدۇ، 10 كىتابچىكى قىستۇرما رەسىملەرگە خەنزۇچە بېغىشلىما، 35 كىتابچىكى قىستۇرما رەسىملەرگە ئۇيغۇرچە بېغىشلىما يېزىلغان. «ئەرۋاھلارغا ئاتالغان مىسا مۇراسىمى» («بۇددا سورۇنىدا كىشاما ئوقۇش») دا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ بىر پارچىسى ساقلىنىپ قالغان، k، لۇربون بۇ پارچىنى «بېرلىندىكى تۇرپان تېكىستلىرى II » دە يېڭىلا ئېلان قىلدى. بۇ پارچىدا بىر نوم كۆپ قېتىم تەكرارلانغان. خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ كىستىگارباغا دۇئا ئوقۇلغان. گەرچە ئۇيغۇرچىسى خەنزۇچىسىنىڭ سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى بولسىمۇ، ئەجەپلىنەرلىكلىكى شۇكى، تەرجىمىدە كىستىگاربانىڭ ئېتى قويماي چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئېتى: يەر ئاغىلىقى بودىساتۋا (yer aliliqi bodistv) (ئۇيغۇرچە تېكىستلەر I، 18، 14). كىستىگاربا قوچودا باشتىن-ئاياغ راھىب سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىراق، ئۇ بۇدساتۋا بولغىنى ئۈچۈن، بەربىر ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئۇنىڭ بويىنىدا ھەممىشە تىزىق مۇنچاق بولىدۇ. ئۇنىڭ تەختى بىر بۆلەك قەلئە تېمى (222ـرەسىم) ياكى بىر تۇپ نىلۇپەر گۈلىدۇر. تۇرپاندىكى بىر تام رەسىمدە بۇ بۇدساتۋانىڭ راھىب كىيىمىنىڭ پەشلىرىلا قالغان، يەنە بىر پۇتىغا كىيىپ تۇرغان سەنۇلى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ تەختى ـــ قەلئە تېمىنى بىر ئايال ساخاۋەتچى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، چاچ شەكلى ۋە بەشىنچى خىلدىكى كىيىمىدىن (123ـبەتكە قاراڭ) بۇ ئايال ساخاۋەتچىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ۋە ئالدىدا يالقۇن ئىچىدە تىزلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان كىشەنلەنگەن ئەر، ئادەم سۆيەكلىرى ۋە دوزاخنىڭ جاللىتى زاھىر بولىدۇ. ئوڭ تەرەپ ئالدىدىكى بۆلۈكىدا دوزاخ (!) قا ئېچىلغان بىر ئىشىك بار. ئىشىك ئالدىدا ئېغىر ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيگەن ئىشىك مۇئەككىلى تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باقى ئالەمنىڭ ئەھۋاللىرى ئىكەنلىكى ئېنىق (807). يەنە بىر تام رەسىمدە (808) كىستىگارباغا دائىر كۆپرەك نەرسىلەر ساقلىنىپ قالغان: بۇ رەسىمدە ئۇمۇ قەلئە تېمى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلا سەۋەبىدىن تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. ئۇ بىكار تۇرغان سول قولىغا تىلەمچىلىك تاۋىقى ئېلىۋالغان، ئوڭ قولى بىلەن ئۇقتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىللە، بىركاككارا (قەلەي ھالقىلىق ھاسا) غا يۆلىنىۋالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قوچودا تارقالمىغان بۆك كىيگەن، ئۇلار ئاددىي ئادەم بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلاردىن بىرىنىڭ بۆكىدە «ئون تەڭرى » دېگەن بەلگە بار، قارىغاندا، ئۇ ئالەمدىكى ئون تەڭرىنىڭ بىرىدەك قىلىدۇ. گەرچە ئەسلى نۇسخا پۇرچۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، باشقا ئىككى تەقلىدىي تام رەسىمدىن شۇنىڭغا ئوخشاش تېمىنى كۆرۈشكە بولىدۇ (809)؛ راھىب سىياقىدىكى بىر كىشى تىلەمچىلىك تاۋىقىنى كۆتۈرۈپ، بىر تۇپ نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەختىنى بىرىنچى تۇرىدىكى كىيىم كىيگەن ئەر ياكى بىر راھىب كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەر قولىنىڭ «سوغات بۇيۇمى» غا تېگىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوللىرىنى

ئۇزۇن يەڭلىرى بىلەن يېپىۋالغان، ئەكسىچە، راھىب نىلۇپەر تەختىنى يالىڭاچ قوللىرى بىلەن «كۆتۈرۈپ» تۇرىدۇ، كىستىگاربانىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىككى مەۋجۇت شەكلى بىر ئايال بولۇپ، ئاخىرىدا سانگا (san sha) قوشۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بۇددساتۋا بىر مەزگىل راھىبە سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بىر يىپەك رەسىمدە (810) بىر راھىبە سىزىلغان، ئۇنىڭ كۆينىكى ۋە چاپىنىنى ۋاكوفۇ (ۋاكوفۇ ـــ ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ دۇمبىسىدە بوخچىسى بار ئەنئەنىۋي كىيىمى ـــ ئۇيغۇرچە تەرجىمان ئىزاھاتى) شەكلىدە بولۇپ، يېڭى بار، ئۈستىگە توغرا يوللۇق راھىب تونى يېپىنغان. تونىنىڭ ئاخىرى ئادەتتىكىدەك سول مۈرىدە تۈگۈلمەي، ئوڭ مۈرىدە تۈگۈلگەن، بېشىغا قىسقا چۈمبەت ئارتىلغان چۈمبەت بالا كۆتۈرۈۋالغان ھارتىنىڭكىگە ئوخشاش چىكىسىنىڭ يېنىدا ئايرىلغان. چىرايمۇ خېلىلا چىرايلىق: يېتەرلىك ھادىسىلەر ئۇنىڭ راھىب ئەمەس، راھىبە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئاخىرىدا، بويىنىدىكى بېزەك تىزىق مونچاق ئۇنىڭ ئاددى دىندار ئەمەس، بەلكى كىستىگاربا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ـــ نەپىس رەسىملەردە بېشىغا مۇشۇنداق

چۈمبەت ئارتىلىۋالدىغان ئەھۋال يەنە ئىككى قېتىم بايقالدى (811) دېمەك، ئۇلارمۇ مۇشۇ ئۆلۈكنى قۇتقۇزغۇچىنىڭ رەسمى، يەنە بىر قېتىم دوزاخنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان بىر كىشىنىڭ ئۇيغۇر دەۋرىدىكى راھىب كىيىمىنى كىيىپ، سەپەر قىلغۇچىلارغا ئوخشاش چۈمبەت ئارتىۋالغانلىقى سىزىلغان(812). ئۇ قەلەي ھالقىلىق ھاسا ـــ سەيياھلارنىڭ ھاسىسىغا ئوخشايدۇ، كىشىلەر ھەمىشە قەلەي ھالقىلىق ھاسا ئېلىۋالىدۇ ـــ نى ئادەتتىكىدەك ئوڭ قولىدا ئەمەس، سول قولىدا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، تىلەمچىلىك قاچىسىنى ئادەتتىكىدىن باشقىچە ھالدا ئوڭ قولىغا ئېلىۋالغان. شۇڭا، بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ كىستىگاربانىڭ ئايالچە مەۋجۇت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرقى بىر رەسىمدە (813) بېشى ۋە مۈرىسى يۆچۈلۈپ كەتكەن:راھىب سىياقىدىكى بىر كىشى ھەر يۆتىدا بىردىن نىلۇپەر گۈلىنى دەسسەپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇ سەندەل كىيگەن، تون يېپىنغان، يەنە سول قولىدا قەلەي ھالقىلىق ھاسا تۇتقان، ماخابېنىڭ ئەسىرىدە كىستىگاربا دائىم دېگۈدەك قەلەي ھالقىلىق ھاسىسىنى ئوڭ قولىدا تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھاسىنى سول قولىدا تۇتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، ئۇ جىنىس پەرقىنى بىلدۈرىدۇ دەپ، يەنى ئۇ ئايال جىنسىنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىستىگاربا ۋە ئون تەڭرىگە سوغات تەقدىم قىلىش رەسىملىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدا(814) ئون تەڭرى ھەر خىل سىزىلىدۇ. ئون تەڭرىنىڭ گىرۋەكسىز بۆلىكىدە ھەمىشە «十王» (ئون تەڭرى) دېگەن خەنزۇچە خەت بولىدۇ، شۇڭا، ئۇيغۇرچە يۆگىمە تومۇ كىتابلاردىمۇ خەنزۇچە شۇنداق خەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن، دائىم ئىككى كېنىزەك ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئىككى يېنىدا ئۆرە تۇرىدۇ، بۇلار سۇرلۇك، چىرايلىق كىيىنگەن ياش قىزلاردۇر.

ئوگاۋا ـــ توكۇشى ئېلان قىلغان دۇخاندىكى خەنزۇچە نەپىس رەسىملەرگە ئوخشىمىغان ھالدا، تۇرپان رەسىملىرىدە ئۆلگۈچىنىڭ جىنايەت يوللىرى تەسۋىرلەنمەي، ئۇلار ئۇچرىغان قىيىن-قىستاق تەسۋىرلىنىدۇ، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلاردىكى قىستۇرما رەسىملەردىلا ئەمەس، خەنزۇچە قولىيازمىلاردىكى قىستۇرما رەسىملەردىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ ـــ كىستىگاربا ھەققىدىكى بارلىق چوقۇنۇشلارغا ئوخشاش ـــ ئۆلگۈچىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىسپاتلايدىغان ئىككى رەسىم (815) .بىزگە نوم قىرائەت قىلىشنىڭ ئۆلگۈچىگە پايدىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئۆلگۈچىنىڭ نوم كۆچۈرۈشنى خىراجەت بىلەن تەمىنلىگەن ساۋابلىق ئىشلىرى (پۇنياسى) ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ (816).

## تەقۋادار چوقۇنغۇچىلار

راھىب، راھىبەلەر بىلەن بىللە تۆت قىسىم ئاممىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەر-ئايال تەقۋادار چوقۇنغۇچىلار قوچودا بۇددىزم تۇرمۇشىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا روشەن ھالدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. راھىب ۋە راھىبەلەر ھەمىشە تەمىنات ئالمايدۇ، شۇڭا باشتا تۇرمۇشى باياشات بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىنغان بۇيۇملارنى ساقلاپ قويسا، يۇقىرىراق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، بۇ ۋەزىپىلەرمۇ ئۇلارغا ماددىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق، ئالاھىدە بىر

خىل ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار قانداقلا بولمىسۇن باي ئېتىقادچىلارنىڭ سەدىقىسىگە تايانماي قالمايدۇ. شۇڭلاشقا، سوغات تەقدىم قىلىش رەسىملىرىنىڭ ئاستىدا ھەمىشە تېۋىنغۇچىلارنىڭ كىچىكرەك رەسىمى بولىدۇ. تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمىنىڭ ئەتراپىدا كۆپۈنچە قاينامسىمان بېزەك بولىدۇ. بۇ بېزەك ئۈستىگە تېۋىنغۇچىنىڭ ئېتى ۋە نامى يېزىلىدۇ: مەڭگۇ تاش (m änsü) تىكلەش قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر خىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىسىدۇر (817).

ھەدىيە قىلىشنىڭ مۇئەييەن شەكلى باردەك قىلىدۇ. كىشىلەر بىرەر رەسىمنى ئىگىز «كۆتۈرىدۇ»، يەنى ھەدىيە قىلىش ئەمەلىيىتىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار مەبۇد ياكى بۇدساتۋانىڭ رەسىمنىڭ تەختى ئالدىدا رەسىمنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش(818) قوچو ئېتىقادچىلىرىمۇ مەلۇم دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە راھىب تونى يېپىنچاقلىنىۋالىدۇ (126ـبەتكە قاراڭ). بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن چوڭ ھەجىمدىن قوش ئەنلىك تەقدىم قىلىش رەسىمنىڭ ئاستىدىكى باشتا تىلغا ئېلىنغان ئائىلە رەسىمى ھەدىيە پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ (819). ئىككى ھەدىيە قىلغۇچى ئائىلىدىكى ئاتا ۋە ئاپا، چۈنكى شۇلار ۋە پەقەت شۇلارلا «كۆرۈنۈپ تۇرۇپ تۇرۇش» ئىشارىسى قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئېتىقادچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، قوللىرىنى سوغات قىلىنىدىغان رەسىمگە تەككۈزمەي، يەڭلىرى بىلەن يېپىۋالىدۇ. ئۇلار بەشىنچى تۈردىكى كىيىم كىيگەن، كىيىمنىڭ ئۈستىدىن مۇراسىم تونى يېپىنچاقلىۋالغان، ئاتىنىڭ سول يېنىدا ــــ بىردىنبىر كىشكى سۈپىتىدە ــــ ئېلانچى(iy lanči) غا يېقىن تۇرىدۇ، ئاتا بىلەن ئاپىنىڭ بېغىشلىمىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا بىرىنچى تۈردىكى كىيىم، يۇمىلاق يەلپۈگۈچسىمان ئاددى بۆك كىيگەن بوۋاي ئولتۇرىدۇ. بوۋاينىڭ يېنىدا باشلامچى باشلاپ كەلگەن بەش ياش (ئوغلان!) بار، باشلامچى ئالاھىدە ئاددى بۆك كىيگەن، بۇ ياشلار ۋە ئاۋۇ ئېلانچى تۆتىنچى تۈردىكى كىيىم كىيگەن. ئاتىنىڭ ئوڭ يېنىدا بەشىنچى تۈردىكى كىيىم كىيىپ، مۇراسىم تونى يېپىنغان، چېچىنى قىرىۋەتكەن بىر نەچچە كىشى بار، قارىغاندا ئۇلارمۇ ئېتىقادچى ئەرلەردەك قىلىدۇ، ئۇلاردىن بىرى بېشىغا چۈمبەت ئارتىۋالغان. ئاپىسىنىڭ سول يېنىدىمۇ بەشىنچى تۈردىكى كىيىم كىيىپ، مۇراسىم تونى يېپىنغان، چېچىنى قىرىۋەتكەن بىر نەچچە كىشى سىزىلغان، قارىغاندا ئۇلار ئېتىقادچى ئاياللاردەك قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئايال ساخاۋەتچىنىڭ ئوڭ يېنىدا مۇشۇ ئائىلىدىكى بىر نەچچە ياش ئاپا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار قىزلىرىنى ۋە ئەڭ كىچىك ئوغۇللىرىنى يېتىلىۋالغان. بۇ قوش ئەنلىك رەسىمدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ۋە نۇرغۇن بالىلار قوللىرىدا «بەخت چېچىكى» كۆتۈرۈۋالغان، بىز بۇ گۈللەر ئۆلگۈچىگە بەخت تىلەشنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايمىز. ئېنتايىن گەۋدىلەندۈرۈپ سىزىلغان ئاۋۇ كىشى (225ـرەسىم) نىڭ رولىنى زادى بىلگىلى بولمايدۇ، بۇ كىشى ھۆرمەت مۇدراسى قىلىپ، ئائىلە رەسىمنىڭ يۇقىرىسىدا (يەنى كەينىدە ــــ تەقدىم قىلىنىدىغان رەسىمگە يېقىن) تۆۋەنگە ئۆرۈلۈپ تۇرغان نىلۇپەر يوپۇرمىقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ ئەرمۇ ئائىلىسىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش قەدىمكى پارس تاجىنى تاقاپ، بەشىنچى تۈردىكى كىيىم كىيىپ، مۇراسىم تونى يېپىنچاقلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېشىغا چۈمبەت ئارتىۋالغان، ئېھتىمال ئۇ سوغاتنى قوبۇل قىلغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

ــــ بۇ ئائىلە رەسىمدە، دىنىي مۇراسىمدا سېلىنغان پالازمۇ، بودىماندالارمۇ يوق. بودىماندالا چىقىرۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ يەردە نىيەت قىلىدىغان ئىت يوق. پۈنيا (ساۋابلىق ئىش) قا دائىر ئىشلار بار. دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىدىغان پالازمۇ بۇ يەرگە ماس كېلىشى ناتايىن. چۈنكى، ھەممىلا كىشىنى ھەدىيە قىلغۇچى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش-ئۆسمۈر تېۋىنغۇچى ۋە پەس تەبىقىدىكى ھەمراھ بولغۇچىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

### نەزىرلىك جاھازلار ۋە نەزىر

تەكشىلىك پروپېكسىيىدىن جاھازلىرى (820) ۋە ئۇزۇن ساپلىق يۇمىلاق كونلۇك (226ـرەسىم) (821). ئۇيغۇرلار

ئارىسىدا ھۆرمەت بەلگىسى سۈپىتىدە تارقالمىغانىدەك قىلىدۇ. نەزىرلىك جاھازىلار جەھەتتە ھۆرمەت بەلگىسى سۈپىتىدە تارقالغانلىرى يەنىلا نەقىشلىك كۈنلۈك (227_رەسىم) (822). يەلپۈگۈچ ۋە چۈشىن قورىغۇچتۇر. قوڭغۇراق سىرتىتا چېلىنىدۇ (823). كۇچاردا يەنە ئاۋاز چىقىرىش بەلگىسىنىڭ سىموۋولى بولغان چاسا ياغاچ تەسۋىرلەنگەن (824). چېقىن (ۋاجىرا) ــــ ۋاجراپانىنىڭ بەلگىسى ــــ دىن باشقا، يەنە بىر خىل قوڭغۇراق شەكىللىك ۋاجىرا (825) ۋە تۆت ئۆگىلىك چېقىن (تۆت ئۆگىلىك ۋاجىرا) بار (826)

## ئىپادە ئىشارىسى (سۇدرا)

بىر نەچچە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قوچوغا بارغاندا، تۇرپاندا ساقلانغان ھەيكەللەر ئاز قالغان، ھەددىيە تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بەزى قالدۇق پارچىلىرىلا قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە تارالغان مۇدرا ھەققىدىكى پىكىرلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى چەكلىك، يۇقىرىدا (162_بەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ) ئېيتقىنىمىزدەك، قوچودا ئاز ساندىكى بىر نەچچە مۇدرانىڭ شەكلى تەسۋىرلەنگەن.

1. ھۆرمەت ئىشارىسى (mudra — anjali) (108_، 110_،120، 197_رەسىملەر) ئىككى قولنىڭ ئالقىنىنى كۆكرەكتە جۈپتەكلەپ، ھۆرمەت مۇدراسى ئىپادىلىنىدۇ، قوچودا شۇنداق ئىشارە بۇرۇنلا تارالغانىدەك قىلىدۇ، بىراق، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى سەل-پەل سىرتقا قارايدۇ، مۇنداق ئىشارە ئىخلاس بىلەن ياكى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان قىياپەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، پارىۋارا (ئاڭلىغۇچىلار) مۇنداق قول ئىشارىسى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئىككىنچى ئورۇندىكى بۇددا بىر مەزگىل مۇشۇنداق قول ئىشارىسى قىلغانلىقى كۆرۈنىدۇ (827).

2. ئۇقتۇرۇش ئىشارىسى (sandarsana-mudra)، مۇنداق قول ئىشارىسى قىلغاندا، بىگىز بارماق بىلەن باش بارماقنىڭ ئۇچى قوشۇلۇپ، يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە قالغان بارماقلار تۈز سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ بارماقلار سۆھبەتلىشىۋاتقان قارشى تەرەپكە سوزۇلغان بولىدۇ. بۇددانىڭ يەنە ئارخاتنىڭمۇ مۇشۇنداق قول ئىشارىسى قىلغانلىقنى ھەمىشە ئۇچراتقىلى بولىدۇ (828).

3. ساخاۋەت ئىشارىسى (Varada-mudra) قول دۈمبىسىنى تۆۋەنگە قىلىنىپ، ئالقان ئاڭلىغۇچىلارغا ئېچىلسا، ساخاۋەت ئىشارىسىنى بىلدۈرىدۇ.

4. خىيال سۈرۈش ئىشارىسى (dhyana-mudra). چوڭقۇر خىيال سۈرگەندە، ئوڭ قول قويۇندىكى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئالقانلار بىر-بىرىگە تېگىدۇ. ئالقانلار يۇقىرىغا قارىسىمۇ، ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ (830).

5. قوغداش ئىشارىسى (abhaya-mudra). ئالقان سىرتقا ئېچىلىپ ۋە كۆكرەك ئېگىزلىكىدىكى ئاۋۇ قولنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ قوغلىنىدۇ (831).

6. چۈشىنىش ئىشارىسى (jnana-mudra) . چۈشىنىش ئىشارىسى مۇنداق: بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئۇچى باش ئىشارىسى مۇنداق: بىگىز بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئۇچى باش بارماقنىڭ ئۇچى بىلەن قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالقان ئۆرۈلۈپ، كۆكرەك ئەتراپىدا كۆكرەكتە تۇرغان ئاۋۇ قولنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ (832) .

7. كېپىل بولۇشنى ئۆتۈنۈش ئىشارىسى (bhumi-sparsa-mudra) بىلەك تۆۋەنگە تۈز ساڭگىلىغان ھالدا قولنىڭ دۈمبىسى سىرتقا قارىسا، بۇ يەر ئىلاھەسىنىڭ كېپىل بولۇشنى ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرىدۇ (833).

## بېزەك

a. گرۈنۋېدېل ئۆزىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدە بايقىغان بېزەك بۇيۇملىرىنى تەسۋىرلەشكە ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى تېپىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، ئۇ مۇقەددەس جاي تۇيۇق (تۇرپان) تا باشقا نۇرغۇن جايلارنىڭ، ھەتتا يىراق باميياننىڭ تېمىلىرىدىن پايدىلىنىلغانلىقنى تىلغا ئالغان (834). بىراق، مۇنداق ئاملىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەپسىلي بايان

قىلمىغان. تۇرپاننىڭ بېزەش تېخنىكىسى تەتقىقاتىغا دائىر بىر ئەسىرىدە u. جونسوننىڭ ياقۇتلارنىڭ بېزەش تېخنىكىسى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسىرى (835) گە ئوخشاش، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى كۆپرەك بايان قىلغان، بۇ جەھەتتىكى بايانلا سىياسىي تارىخ جەھەتتىكى بايانلاردىن كۆپ. بۇ يەردە مېتودولوگىيە سەۋەبىدىن، ئىككى خىل بېزەش ئامىلىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. ئاستانە قەبرىستانلىقىدا مەلۇم ئادەت سەۋەبىدىن بىر جەسەتنىڭ يۈزى بىر يىپەك، رەسىمنىڭ قالدۇق پارچىسى بىلەن يېپىپ قويۇلغان (836). رەسىمە تەقلىدىي قازان بېشىنىڭ يانىدىن كۆرۈنۈشى نەقىش قىلىنغان، قازان بېشىنىڭ چۆرىسى بىر تىزىق مۇنچاق بىلەن زىننەتلەنگەن، كىشىلەر مۇشۇ گىرۇەككە قاراپ، بۇ يىپەك رەسىمنى پىرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىدىن كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ . تۇرپان يەتتە ئەۋلىيا(ئەسھابۇلكەھف) مازىرىنىڭ يېنىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ تېمىدىمۇ چۆرىسى ساسانىيلارچە مونچاق بىلەن زىننەتلەنگەن نۇرغۇن قازان بېشى رەسىمى بار (837) يەنە شۇ ئورۇندا ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن .ئەپسۇسكى، بۇ رەسىملەر ساقلىنىپ قالمىغان ـــ نىڭ كېيىمى ئادەتتىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن، بىز ئۇنى ئالدىنقى تۇرۇك دەۋرىدىكى غەيرى خەنزۇچە كىيىم، دەپ قىياس قىلىمىز. مۇنداق بېزەك بۇيۇمى خەنزۇلارنىڭ ئەمەس، تۈركلەرنىڭمۇ ئەمەس. ناۋادا قەبرىدىكى يىپەك رەسىم پارچىسى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا كېيىنكى كۈنلەردىكى رەسساملار بۇ رەسىملەر يەر ئاستىدا يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئىلھامغا ئېرىشەلمىگەن بولىدۇ. لېكىن، ناۋادا مۇنداق بېزەك تام رەسىملىرىنىڭ بېزەك بۇيۇمى سۈپىتىدە كۆپلەپ قوللىنىلغان بولسا، ئۇ ھالدا قوچولۇقلار مەلۇم مەزگىللەردە ئۇنىڭ بىلەن پىششىق تونۇشقان بولىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، k. ئېردمان دۇخاندىكى بىر تاشتىن شۇنىڭغا ئوخشاش قازان بېشى شەكلىنى نۇسخا ئېلىۋالغان (838). ئۇ بۇ تېما Verethrashauas نىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلايدۇ. قارىغاندا، بۇ تېما ـــ چۆرىسى مۇنچاق بىلەن زىننەتلىگەن قازان بېشى قوچوغا ئوتتۇرا ئىراندىن كىرگەن ۋە يەرلىك زىننەتلەنگەن قازان بېشى ـــ قوچوغا ئوتتۇرا ئىراندىن كىرگەن ۋە يەرلىك كىشىلەر ئۇنى قوللانغاندەك قىلىدۇ.

2. يەنە بىر كىچىككىنە ئىشمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: بىر ئەگمە شىپتىكى ھەر بىر شىناسىمان جىسىم ئۈستىگە ئۈچ پەيسىمان بىر تۈپ قۇشلار سىزىلغان (غاز بولۇشى مۇمكىن) ئۇلار ئاغزىدا دۈگلەك سىمۋوللۇق نەرسىنى چىشلەپ ئىگىز كۆتۈرگەن (839). بۇ ئىستانبول ھاجىيە- سوپىيە چېركاۋىدىكى شىناسىمان تۆت جىسىمنىڭ ھەر بىرىگە سىزىلغان ئۈچ جۈپ قاناتنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. بۇ ۋىزانتىيەنىڭ باشقا قەدىمكى چېركاۋلىرىنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىدىكى پەرىشتىلەردە رەسىمگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاشۇ يەرلەردىكىگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ شۇنداق ئويلاشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ؛ بىناكار ستاتىستىكىنى ۋە «كۆتۈرۈش رولى» غا مۇئەييەن دەرىجىدە ياردەم بېرىدىغان ئاشۇ قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىگە سېھرىي رولى بار بەلگىلەرنى ئورنىتىشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ ئىككى مىسالدىن بىرىنچىسى كىشىلەرنى كېرىلىش كۈچى ئىلمى تورغۇسىدىن لاھىيەلەنگەن ئايرىم لايىھەلەر قوللىنىلغان ۋە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان، شۇ سەۋەبتىن تامامەن كۆمۈلۈپ كەلگەن بىر مەدەنىيەت قاتلىمىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىز ئىككىنچى مىسالدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال تارىخىي مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش تەس بولغان ئىپتىدائىي ئەندىزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەلەيمىز. «سىمۋول بۇيۇم» (156ـبەتنىڭ تۆۋىنىگە قاراڭ) نى تەتقىق قىلغاندىكىدەك، «بېزەك بۇيۇم» نى تەتقىق قىلغاندىمۇ، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ھەيكەلتاراشلىقتىن رەسساملىققا ئۆتۈش: بوشلۇق تۇيغۇسى سۈپىتىدىكى تەكشىلىك

مەيجى تېغىدىن ھەيكالتاراشلىقتىن رەسساملىققا ئۆتۈش يەنى بىر جىسىمدا بىرلا ۋاقىتتا بۇ ئىككى خىل تېخنىكىنى قوللىنىش ـــ نىڭ ياخشى مىسالى تېپىلدى: گۈل چېچەۋاتقان، ئاپسارا كۆپۈنچە سىزىپ چىقىرىلغان، بىراق، ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى، مەسىلەن، يۈزى ۋە بويىنى، بىلىكى ۋە قولى ھەم بىر تاپىنى ناھايىتى نېپىز قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان. بۇ

كىشىلەر بۇ پەرىزات تام رەسىمدىن ئەمدىلا ئۇچۇپ چۈشكەندەك تەسرات پەيدا قىلىدۇ (840) .

ئەسەرنىڭ 7 - بابى «قۇرۇلۇش تېخنىكىسى»دا (85-، 86-بەتلەرگە قاراڭ) قوچودا قۇرۇلۇش شەكىللىرى گايىدا نوقۇل رەسىمنى سىزىپ مەۋھۇملاشتۇرۇلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، شىپ تەكشىلىكىگە دائىر تەخمىنەن 60 تىن 64 كۇۋادرات سانتىمېتىرغىچە چاسا، «قاپارتما تاختا» — A گرۇنۇدېلىنىڭ ئىبارىسى — ياتقۇزۇلىدۇ. ھەر بىر قاپارتما تاختىدا ئېھتىمال ئەمەلىيەتتە قۇرۇلۇپ باقمىغان تۈنلۈكنىڭ شەكلى بار (841). پەقەت رەسىمدىلا كۆرۈلىدىغان مۇشۇنداق «تۈنلۈك» نىڭ ئوتتۇرىسىدا — مەۋھۇم قۇرۇلۇشقا ئوخشىمىغان ھالدا — بىر تۈپ نىلۇپەر گۈلىنىڭ تۈرەلمە تەختى، مۇئەييەن سورۇنلاردا ھەتتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇددا بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋال دۇخانىدىمۇ ھەمىشە ئۇچرايدۇ.

## كۆرۈنۈشتىن تۈزۈلگەن رامكا

ئومۇمەن تاملار ئازدۇر-كۆپتۇر قاپارتما بويۇم ياكى رەسىم بىلەن قاپلانغان جايلاردا مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈنۈشتىن تۈزۈلگەن رامكا قوللىنىلىدۇ. كۆرۈنۈش رامكىسىنىڭ رولى چوڭ ئەمەس. ئۇلارنىڭ شەكلى ئۇلاردىن تۈزۈلگەن رامكىدىكى رەسىملەرگە ئوخشاش چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۇنچىۋالا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئاساسىي بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئاساسىي ئوبيېكت — چەكلەنگەن كۆرۈنۈش — بىلەن توخۇمسىمان تىكىچ ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى، نەقىشنىڭ تەكرارلانغان يۆگىمە سىزىقلىرى ياكى يۆگىمە سىزىق گۈلدەستە بېزىكى مۇنداق ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ.

يۇنگاڭ غار ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئېگىز تاملىرى تېپىز-تىرەنلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەيكەللەر بىلەن تامامەن قاپلانغان، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ رامكا ھاسىل قىلىنغان كۆرۈنۈشلەردىن: توخۇمسىمان تىكىچنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى (842) ۋە ئىنتايىن كۆركەم مۇرەككەپ يۆگىمە سىزىقلار بار (ئۇلارنىڭ ئىچىگە بەزىدە ھەتتا كىچىك پەدىلەر جايلاشقان) (843). سۇغدىيانا سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھەر خىل رەسىم رامكىلىرىدا يۆگىمە سىزىقلارلا ئەمەس، تىزىق مۇنچاق رەسىملىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە ئىككىسى تەڭ ئىشلىتىلىدۇ، مۇنداق بىر رەسىم رامكىسى بار، ئۇنىڭ كىچىكرەك تىزىق مونچاقلار چوڭراق يۆگىمە سىزىقلارغا قارىغاندا رەسىمگە يېقىنراق تۇرىدۇ (844). قۇمۇشلۇقتا رەسىم رامكىسى سۈپىتىدىكى تەكشىلىكتىكى قاپارتما يۆگىمە سىزىقلىق گۈللۈك رامكىلار ساقلاپ قېلىنغان (228-رەسىم). نەپىسلىك ۋە سەنئەت تۇرغۇسىدىن قارىغاندا، ئۇلار يۇنگاڭدىكى يۆگىمە سىزىقلىق گۈللۈك رامكىلاردەك مۇرەككەپ ئەمەس. بۇ يەردىكى بىر رەسىمدە ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر ئاددىيراق گۈللۈك قىينىق سىزىقلار بىلەن ئايرىۋېتىلگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ تېمىدىن ھەشەمەتلىك يۆگىمە سىزىقلاردەك يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ (845). قۇمتۇردىكى ۋايدىپىنىڭ نۇرغۇن رەسىمدە چېگرىلار ئالاھىدە بېزەك بۇيۇملىرى بىلەن ئايرىلغان (846)، يوپۇرماق بىلەن يېپىلىپ، يېرىمى ئېچىلىپ قالغان بىر تۈۋرۈككە شەكىل يارىتىش رولى بار كەڭ يۆگىمە سىزىق ئورالغان. كۇچاردا بىر دەستە رەسىمدىكى كىچىك كۆرنۈشلەر ئاددىي تاغ شەكىللىك بەلگىلەر بىلەن ئايرىلغان. ئەكسىچە، كۇچارچە ئاددىي ئۆگىزىلەردە چوڭراق كۆرۈنۈشلەر ھەمىشە ئۈستىگە قاراپ يىغىلغان. بۇزۇلۇپ كەتكەن يېرىم ئوچۇق بىر تۈۋرۈكتە بەزىدە يان چېگرىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. يېرىم ئوچۇق بۇ تۈۋرۈك ئېھتىمال تايانچ تۈۋرۈك بولۇپ، بۇرۇن گاندارادا تايانچ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەگمىنىڭ ئاستىغا ياكى سوقىچاق ئويۇقلارغا ئايرىم بۇددا ياكى بۇدساتۋالارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. كۇچاردىمۇ يوپۇرماق شەكىللىك يۆگىمە سىزىقلار كۆرۈنۈش رامكىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن(847). سارچۇقتىمۇ يۆگىمە سىزىقلار كۆرۈنۈش رامكىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، دېۋا ياكى بۇدساتۋالارنىڭ تولۇمدەك كۆپكەن تونى بۇ يەردە بەزىدە ئويۇقلارنىڭ بېزەك بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن (848). دۇخاندىكى تاۋار تۇغدا ھەمىشە چوڭ بىر مەركىزىي رەسىم، ئىككى يېنىدا كىچىك كۆرۈنۈشلەر بار. بۇ كۆرۈنۈشلەر قاتمۇ-قات تىزىلغان ۋە ئاددىي ئۇششاق گۈللەردىن

تۈزۈلگەن ئاددى گۈللۈك رامكا بىلەن ئورالغان ياكى باشقا بىر تىك يېزىلغان رامكىلىق خەنزۇچە خەت چېگرا قىلىنغان. دۇخاندا خەنزۇ تام رەسىملىرىنىڭ رامكىسى دائىم گۈل شەكلىدىكى بەزى يۆگىمە سىزىقلاردىن ئىبارەت. بۇرۇنراق ۋاقىتلاردا، ئەگەر رەسىم يۈزى سىغدۇرالىسا، كۈنگۈرە ۋە راۋاق تاملىرى ياكى قەسىر تاملىرىمۇ بەزىدە ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئورىلاتتى (849).

تۇرپاندا مۇنداق ھادىسىلەر بار: ئوتتۇرا ئىران تىلى ياكى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى قەدىمكى تۈرۈك تىلىدىكى مانى قول يازمىلىرىنىڭ ئۈستۈنكى گىرۋىكى ھەممىشە رەڭگارەڭ يۆگىمە سىزىقلار بىلەن بېزىلىدۇ. بۇ يەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ چۆرىسىگە دائىم گۈل، تولۇق بولمىغان گۈل ياكى يۆگىمە سىزىقلار بىلەن رامكا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆرۈمە چاچسىمان نەقىش، بۇرمىسىمان نەقىش ۋە پۈرمە سىزىقلىق نەقىشلەر بار. دۇخاندىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ ئوتتۇرىسىدا مەركىزىي رەسىم، ئىككى يېنىدا كىچىك كۆرۈنۈشلەر بولغان بىر قەدەر چوڭ تام رەسىملەر بايقالدى. مەسىلەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر سۇ بۇتىنىڭ ئۆزگەرگەن قىياپىتى ۋە خەنزۇچە بېغىشلىما ئەنە شۇنداق رەسىمدۇر. تام رەسىمنىڭ تۆۋىنى كىچىك كۆرۈنۈشى بىلەن تولغان (850).

## بېزەك (ئاۋاتامساكا)

ئۇيغۇر دەۋرىدىكى تۇرپان رەسساملىقى كۈچار مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىن كېيىن باشلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر دەۋرىدىكى بېزەك بويۇملار (ئاۋاتامساكا) كۈچار مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكىدىن گۈزەل دېيىلسە، بۇنى ئۇزۇن مۇددەت يېتىلگەنلىكىنىڭ شاراپىتىدىن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. نىلۇپەر تەخت (پارماسانا) نىڭ ئېسىل شەكىللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى (177-بەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندىكى تولىمۇ خىلمۇ-خىل ۋە غايەت تەسىرگە ئىگە نۇر ھالقىسى ۋە ئۆرۈك مېغىزى شەكىللىك ماندورلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ .

نۇر ھالقىسىنىڭ قوللىنىشى جەھەتتە ئىكونوگرافىيەدە بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە يوق، گەرچە ئۇ بىر چوڭ كىشى (شۇ سەۋەبتىن: بۇددا) نىڭ 32 قىياپىتىنىڭ 15-سى بولسىمۇ (851). ئۇنىڭ شەكلى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق قاتتىق بەلگىلىمە يوق. شۇ سەۋەبتىن، نۇر ھالقىسى ئىكونوگرافىيە بابىدا ئەمەس، بېزەك ھەققىدىكى مۇشۇ بابتا مۇھاكىمە قىلىندى. نۇر ھالقىسى (باشنى ئوراپ تۇرىدۇ نۇر چەمبىرىكى) بىلەن ماندورلا (بەدەننى ئوراپ تۇرىدىغان نۇر چەمبىرىكى) نى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ماندورلارنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى پەقەت بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىر. چۈنكى، بەدەننى ئوراپ تۇرغان نۇر ھەممىشە «ئۆرۈك مېغىزى» شەكىللىك بوللىۋەرمەيدۇ. باشتىكى نۇر ھالقىسى باشتىن-ئاياغ كەم-كۈتىسىز بولىدۇ. ئەگەر يەنە بىر مادورلا بولسا، ئۇ ھالدا نۇر ھالقىسى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى توسۇۋالىدۇ. غەربىي ياۋروپا خرىستىيان دىنىدىكى مۇقەددەس نۇر ھالقىسى رىم ئىمپېراتورىغا چوقۇنۇشتىن كەلگەن. ماندورلا تەرەققىيات تارىخىدا نۇر ھالقىسىنىڭ چوڭىيىشىدىن ئەمەس، ئەۋلىيا ئولتۇرغان ئالدىدىكى ئوپۇقنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر قۇرۇلما سەۋەبىدىن ھەيكەلنى تامدىن داۋاملىق يۆتكەشكە توغرا كەلسە (ئوپۇقتىن يۆتكەش مۇمكىن) ياكى رەسىمدىكى مۇھىم شەخسكە ئەھمىيەتلىك رامكا سىزىشقا توغرا كەلسە، ئادەمنى ئوراپ تۇرىدىغان ماندورلا سىزىسى پىكرى تۇغۇلىدۇ.

نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلانىڭ قوللىنىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەتكارلىرىنى خىلمۇ-خىل بېزەك بۇيۇملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەمما، نۇرنىڭ ئەتراپىغا چېچىلىش ئىدىيەسى باشتىن-ئاياغ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغىنى يوق. —— ئاجانتا (A jānta)، گاندارا ۋە فوندۇكىستان (Fondukistan) دا نۇر ھالقىسى رەسىمى ئىشلىتىلگەن. بۇددا باشتىن-ئاياغ نۇر ھالقىسى ئوراپ تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بىراق، باشقا نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق تەسۋىرلەنمەيدۇ. ئەكسىچە، سوغدىيانادا نۇر ھالقىسى كەڭ قوللىنىدۇ. پەنجىكەنتتە دەھرىي ئاقسۆيەكلەر بەزىدە مۇشۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ. ناۋادا بىر غوڭغا چالغۇچىمۇ (852) مۇشۇنداق زىننەتلەنسە، تەبىئىي ھالدا، ئۇ مۇشۇ تۈرقى بىلەن پەرىشتىمۇ

نېمە دېگەن ئۇي تۇغۇلدۇ، ئەپراسىياپنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرىنىڭمۇ نۇر ھالقىسى يوق، لېكىن، ئوخشاش بىر ئورۇندا، نەزىر-چىراق مېھرابىنىڭ يېنىدىكى بىر روھانىينىڭ نۇر ھالقىسى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى تېۋىنغۇچىنىڭمۇ نۇر ھالقىسى بار (853) . تۆت ئۈيلۈك جۇڭگونىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان يەر. بۇ يەردە ھەممىشە ئاددىيراق نۇر ھالقىسى قوللىنىلدۇ. يالغۇز «خېنزۇچە مەلىكە» (ئۇ پىلنى چېچىغا قىستۇرۇپ ئۇدۇنغا ئېلىپ كەلگەن دېيىپ رىۋايەت قىلىنىدۇ) لا ئەمەس، شۇ رەسىمدىكى توقۇش ماشىنىسىنىڭ كەينىدە تۇرغان كىشى (ئۇ يىپەك فابرىكىسىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن)، باشقا بىرەر رەسىمدىكى توقۇمىچىلارنى قوغدىغۇچى ئىلاھ، بارلىق «قۇش ھەمراھ بولغۇچىلار» ۋە مەغلۇپ بولغان قۇش ھەمرا بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق تەسۋىرلەنگەن (854) . مىرەندىكى بۇددانىڭ ئاددىي نۇر ھالقىسى بار (855)، «ۋېسسانتارا-جاكتا» دىكى بۇدساتۋا شاھزادىنىڭ مۇنداق سىمۋولى يوق .(856)

تۇمشۇقتا دېۋا بىر نۇر ھالقىسى بىلەن بېزەلگەن، بۇددانىڭ نۇر ھالقىسى گۈللەر بېزەلگەن، ئۇنىڭ ماندورلاسى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ (196-رەسىم). قۇشۇردا كۆكتىكى سازەندە ۋە ئۇسسۇلچى پەرىشتىلەر نۇر ھالقىسى بولغىنى ئۈچۈن، دېۋا ۋە بۇدساتۋالارغا ئوخشاش فاني ئالەمدىن ھالقىغان شەخسلەر دەپ قارىلىدۇ. بۇددانىڭ نۇر ھالقىسىدىن باشقا، ماندورلاسىمۇ بار، ھەتتا مۇنداق ماندورلا ئۇ تاش تاۋۇتتا ياتقاندىمۇ بار (857). كۇچاردا، بۇددانىڭ نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلاسى بار، بۇدساتۋا، دېۋا ۋە ۋاجراپانىلارنىڭ بىرلا نۇر ھالقىسى بار، لېكىن، ئارخاتنىڭ نۇر ھالقىسى يوق، گەرچە ئۇلار بۇددانىڭ ئەڭ مۇھىم ھۆرمەتكە سازاۋەر شاگىرتلىرى بولسىمۇ، «ئاۋادانا» دا رۇپاۋاتى (Rupavati) (ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ) ھەققىدىكى تەسۋىردە بۇدساتۋا شاھزادىسىنىڭ نۇر ھالقىسى بار. ئەمما، ھەسرەت-نادامەتكە چۆمگەن خوتۇنىنىڭ نۇر ھالقىسى يوق. تۆۋەندىكى ھادىسىنىڭ ئەھمىيتى چوڭ: شاھ ئۇدرايانا (Udrayana) ۋە ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان خوتۇنى كاندراپرابا (Candraprabha) نىڭ نۇر ھالقىسى بار، گەرچە ئۇلارنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدە ھېچنېمە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، كۇچار خانى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ نۇر ھالقىسى بولغىنى ئۈچۈن گەۋدىلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى راھىبنىڭ نۇر ھالقىسى يوق. (خاننىڭ نۇر ھالقىسىنى سېپى بار كىچىك شارلاردىن تۈزۈلگەن يەنە بىر گۈلدەستە ئوراپ تۇرىدۇ). ئاخىرىدا تۆت توخرى سەدىقچى ياكى تېۋىنغۇچىنى كۆزىتىپ باقايلى: ئالدىنقى ئۈچىسىنىڭ نۇر ھالقىسى بار. قارىغاندا، بۇ ئەلدە نۇر ھالقىسى جەزمەن دەھوي ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن (858) .قەدىمكى جۇڭگودا نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلا تارقالمىغان. قىسقىسى ۋە ماندورلا تارقالمىغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە دائىر قەبرە ئىچى قاپارتمىسىدىكى نۇر ھالقىسى ئەجەبلىنەرلىك ھالدا بۇنىڭدىن مۇستەسنا: سىچۇەندە بىر كىشى ئۇ يەردە تارقالمىغان نىلۇپەر تەختتىن كېيىنكى زامانلاردا بۇددا ۋە راھىبلار كىيگىنىگە ئوخشاش كىيىمنى كىيىپ ئولتۇرىدۇ، رەسىمنىڭ ئاددى نۇر ھالقىسى بار. شەندۇڭدا سەككىز قىرلىق بىر تۈۋرۈكتىكى نۇرغۇن رەسىملەر ئىچىدە غەيرى مىللەت كىيىمنى ئۈرە تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ نۇر ھالقىسى بارلىقى تەسۋىرلەنگەن. يەنە شۇ تۈۋرۈكتىكى باشقا ئۈچ رەسىمنى ئىشەنچىلىك ھالدا بۇددانىڭ رەسىمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. (177- بەتكە قاراڭ). گەرچە بۇ كىشىلەرنىڭ سالاھىيتىنى ئېنىقلاشقا بولمىسىمۇ، بۇ جوڭگو ئەڭ بۇرۇن قوللانغان نۇر ھالقىسىدەك قىلىدۇ.

5 - ئەسىردە يۇنگاڭدا نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. نۇر ھالقىسى بۇدساتۋا ۋە دېۋادىلا ئەمەس، كۆكتىكى پەرىشتىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەمما، دەۋرداش سەدىقچىسى ئۇچرىمايدۇ. دۇخاندا بۇددادىن باشقا، بۇدساتۋا، دېۋا، تۆت ماخاراج تەڭرى ۋە بەزىدە ئارخاتلارنىڭ ھەممىسىدە بىر نۇر ھالقىسى بار. غەربنىڭ تەسىرى بار چاغلاردا يەنى تۇغباتلارنىڭ ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كىشىلەر پادىشاھلارغىمۇ نۇر ھالقىسى سىزغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مۇنداق قىلمايدىغان بولدى، شۇندىن كېيىن، جوڭگونىڭ نۇقتىينەزىرى ۋە ئادىتى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. دۇخاندا

بۇددانىڭ ماندۇرلاسى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. نۇر ھالقىسى بىلەن ماندورلانىڭ رەسىملىرى ھەمىشە ماسلاشتۇرۇلغان (229ـ رەسىم)، يەنى ئىككىسى ئوخشاش گۈلدەستە قىلىپ قوراشتۇرۇلغان ياكى ئىككىلىسى ئوخشاش رەڭدە ھەسەن- ھۈسەندەك نۇر چاچىدۇ (859).

قوچودا مانى دىنى مۇخالىسلىرى ئىچىدە نۇر ھالقىسى ئەۋج ئالغان، پەرىشتە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پوپلارنىڭ بىر (قىياس قىلىنغان) پادىشاھقا ئوخشاش نۇر ھالقىسى بار، ئۇلارنىڭ كېيىنكە تىزىلغان چەۋەندازلارنىڭ رەسىمى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ ھەقتە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك بىر كىشى قۇياش ۋە كىچىكرەك ھىلال بىلەن بېزەلگەن، بۇ كىشى مانىنىڭ ئۆزى ياكى شەرق دىنىي جەمئىيىتىدىكى موزاك (m ozak ) (860). كىشىلەرنىڭ قوچودىكى مانى دىنىدا نۇر ھالقىسىنىڭ رولى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئېنىق ئەمەس؛ بەزى كىشىلەرنىڭ نۇر ھالقىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن «ئەۋلىيا» دەپ قارىلىدۇ، گەرچە ئۇلاردىن بىرىنىڭ رەسىمى چوڭراق بولغىنى ۋە قالغانلارغا سۇر- ھەيۋە نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇش بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كىرىست كۆتۈرگەن بىر چەۋەنداز نۇر ھالقىسى بار قىلىپ، تەختتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى نۇر ھالقىسىدىن باشقا يەنە ماندورلاسى بار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (861).

تۇرپاندىكى بۇددىنىزىم رەسىملىرىدە بۇدساتۋانىڭ باشتىن ـ ئاياغ دېگۈدەك نۇر ھالقىسى بار؛ نەتىجىدە بۇرۇن بالا يەيدىغان ئالۋاستى ھارىتى (H ariti) ۋە ئۇنىڭ ئېرىسى پانسىكا (pancika) ياكسا مۇشۇنداق قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باللار ئانداق تەسۋىرلەنمىگەن. بىر يىپەك رەسىمدە راھىب ياكى راھىبە سىياقىدىكى كىستىگاربانىڭ چىرايلىق ھالقىسى بار. ئەمما، دوزاخ ئىشكى ئالدىدىكى بىر رەسىمدە، ئۇ ھەقىقىي راھىب سىياقىدا ، يەنى مونچاق ئاسمىغان ۋە نۇر ھالقىسى يوق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. تۆت ماخراج تەڭرى، دېۋا، رىسى پەرى، كىشاترىيا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، ۋاجراپانى، ئارخات ۋە «براھمان»لارنىڭ ھەممىسىنىڭ نۇر ھالقىسى بار، ئەمما، مەيلى براھمانىنىڭ بالا شاگىرتلىرى بولسۇن ياكى ۋايسىيا ۋە سەدىقچىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ نۇر ھالقىسى يوق. نىسبىتى بۇزۇق، بىراھمان ۋە بەزى ئارخاتلارنىڭ نۇر ھالقىسى يوق (862). قوچودا پەقەت بۇددانىڭلا نۇر ھالقىسىدىن باشقا، يەنە ماندورلاسى بار. ئىككىسى نىيەت قىلىش سورۇنىدا ئالاھىدە چىرايلىق سۈرەتلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ـ دۇخاندا بەزىدە مۇشۇنداق ئەھۋال بولغىنىدەك ـ ئۇلار بەكلا ئوخشىشىدۇ: بىر قېتىم ئىككىسىنىڭ گىرۋىكى يالقۇن چىقىرۋاتقان يۇرۇقلۇق دەستىسىدىن تۈزۈلگەن، ھەر بىر يورۇقلۇق دەستىسى ئۈچ گۆھەر (ترى راتنا) دىن چېچىلىدۇ (230ـ رەسىم) ، يەنە بىر قېتىم ئىككىسىنىڭ گىرۋىكى گۈللەر بىلەن تولغان ـ بۇ دىنىي بېزەك (ئاۋاتامساكا) نىڭ ئەينەن ئىپادىسى (231ـ رەسىم) ياكى گىرۋىكىگە ئىمىر- چىمىر سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن كۈنلۈكسىمان گۈللەر تاللانغان (232ـ رەسىم)، ياكى ئىچكى قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپى نۇر چېچىپ تۇرغانلىقى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ، ئاخىرقى مىسالدا (233ـ رەسىم) ، بارلىق بېزەكلەردىن باشقا، بۇددانىڭ بېشىنىڭ كەينىگە يىقىن قىلىپ نىلۇپەر گۈلى نەقىشلەنگەن (863)، نۇر ھالقىسى ۋە ماندورلانىڭ گۈزەللىكى نوقۇل بىر خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن (864). قوچودا نۇر ھالقىسى ئەۋلىيا ۋە ئوتتۇرا ياشنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ، ئېھتىمال، ئۇ يالغۇز بىر خىل كىشىلەرگىلا خاس بولماسلىقى مۇمكىن، ياشلارنىڭ بېشىدا نۇر ھالقىسى بولمايدۇ. ناۋادا راھىبچە كىيىنىپ، چېچىنى ئۈشنىسغا قىلىپ تۈگۈۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇددا دەپ قاراشقا بولىدىغان كىشىنىڭ نۇر ھالقىسى بولمىسا (181 ـ بەت) ، بۇ مۇھىم ئىستىسنا ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

## بوشلۇقنى تولدۇرۇش

بۇددا نوملىرىدا ھەمىشە ماندا راۋا يامغۇرى تىلغا ئېلىنىدۇ، دېۋا ۋە ئاپسارا ياكى باشقا تېۋىنغۇچىلار، مېھرى- شەپقەت تەلىماتى» دىن ھاياجانلانسا، كۆكتىن ماندا راۋا (تۆت خىل ئەرش گۈلنىڭ بىر خىلى، ئاق رەڭلىك بولىدۇ ـــ ئۇيغۇرچە ۋە تەرجىمان ئىزاھاتى) ياغدۇرىدۇ. بېزەكلىكتىكى نىيەت قىلىش سورۇنىنىڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان ئارقا

كۆرۈنۈشى مۇشۇنداق ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن (865). ئەمما، مۇنداق چۈشەندۈرۈشى بەزىدە بىرەر بوشلۇقنى تولدۇرغان گۈل ۋە باشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. كۇچاردا بىر قاتار (ئون ئالتە؟) ئارخاتنىڭ رەسمى بار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوخشىمىغان رەڭدىكى ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، بۇ ئارقا كۆرۈنۈشى شارسىمان دېگۈدەك گۈللەر بىلەن تولغان. بۇددا نىرۋانا ۋاقتىدا، كاسياپا نىرۋانا بولغۇچىنىڭ پۇتى ئالدىدا ئىقتىدا قىلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇرىدۇ، بۇ رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، بۇ گۈللەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، گۈلنىڭ ئاتىلىق ۋە ئانىلىقلىرىمۇ ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. ئۇلار تولا ئېغىر بولغاچقا، چۆرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى بىر قېتىملىق ئاجايىپ «يامغۇر» دەپ قىياس قىلىش تەستەك قىلىدۇ (866) . قوچودىمۇ رەسىملەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش گۈل، يوپۇرماق ياكى چوڭ-چوڭ گۈلدەستىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىلىدۇ(867). بۇ نەرسىلەر بەزىدە پەقەت تېۋىنغۇچىلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداق چۈشىنىش مۇمكىنكى، بۇ نەرسىلەر بۇ يەردە بوشلۇقنى تولدۇرغان، مۇقەددەس يەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنداق تولدۇرۇش زىننەتلەش رولىنى ئوينايدۇ (868).

5. (1) چۇچا ۋە باشقىلار

مايترى سىمتىنىڭ كۇماراجىۋا (kum arajivas) تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى ۋە بۇددا نوملىرىنىڭ باشقا خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا سۇكاۋاتى (ئامىتا بۇددانىڭ غەربتىكى جەننىتى ــ ئۇيغۇرچە تەرجىمان ئىزاھاتى) بەكمۇ گۈزەل تەسۋىرلىنىدۇ.

دۇخان تام رەسىملىرىدىكى بېزەكلەرمۇ شۇنىڭغا ماس كېلىدۇ. پەرىلەر تىزىق مونچاق، كىچىك قوڭغۇراق ۋە مۇرەككەپ جىيەكلەر بىلەن بېزەلگەن، كىشىلەر ھەتتا جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئاشۇنداق بېزەكلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، بۇتخانىلارلا ئەمەس، قەسىر ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ شۇنداق بېزىلىدۇ.

كۇچاردىكى بىر رەسىمدە (869) بۇددانىڭ گۇەنسىيىسى بېشى قاينامسىمان شەكىلدە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك تۆت تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن پوپۇك ۋە رەڭدار لېنتىلار ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ھەرە چىشىسىمان جىيەك ۋە كۆركەم چۇچىلار تۇرپاندىكى بىر گانداراچە ھەيكەلتاراشلىق بۇيۇمى بولغان ياغاچ پۈتتىمۇ بار (870) . بېزەش ئۇسۇلى سۈپىتىدە تام رەسىملىرىدىكى چۇچىلارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك، ئۇلاردىمۇ بېزەك ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى تەبىئىي (180- بەتكە قاراڭ).

(2) داستىخان: جۇڭگودا ھازىرمۇ شىرەگە داستىخان سالىدۇ، نەزىر- چىراغ مېھرابىغا (871) پەردە تارتىدۇ، لېنتىلارنى ئاسىدۇ، بۇ نەرسىلەر بولغىچە ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرىدۇ، مۇنداق بېزەكلەر جۇڭگودا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخى تارقالمىغان. ئەگەر دۇخاندا باقى ئالەمنىڭ ئون تەڭرىسى شىرەگە ئۇزۇن ساڭگىلاپ تۇرغان ۋە قاتلانغان داستىخان سالغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا قوچو ئۇيغۇرلىرى دىنىي جەھەتتە مۇنداق ئەھۋالنى تەقلىد قىلغان. ئۇيغۇرچە پۈتۈك پۈتۈلگەن بىر ياغاچ بەت باسما ماتېرىيالىدا (872) شىرەگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل داستىخان سېلىنغان: تېگىدىكىسى سۇس رەڭدە، يەرگىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىدىكىسى قېنىق رەڭدە، ئۇنىڭدىن ئىككى چارەكچە قىسقا، ئۈستىدىكىسى بىر غېرىچچە كېلىدۇ. قوچودا مۇنداق داستىخاننىڭ خىلمۇ- خىل شەكلى ئۇچرايدۇ (873). بىراق، ئۇيغۇرلار تىزدا ئېگىزلىكتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تېخى ئادەتلەنمىگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن تۇرمۇشتا ئېگىز شىرە ئىشلەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق ئېگىز شىرەلەر يوپۇقى بىلەن بىللە خەنزۇ رايونلىرىدىن كەلگەن.

(3) پەردە: خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگوغا ئائىت بىر سۈرۈندا دېرىزە پەردىسىگە بۇلۇتسىمان نەقىش سىزىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئۆيدە بىرەر كىشىنىڭ ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەن. ك فىنستېر بۇش مۇنداق پەردىلەرنىڭ نۇرغۇن رەسىمنى ئېلان قىلدى. مۇنداق پەردىلەرگە ھەمىشە «ھەرە چىشىسىمان لېنتا» لار قوشۇمچە

قىلىنىدۇ (874).

خۇجايىنىنىڭ جايىنى خاس بېزەش ئۈچۈن، ئۇ تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىك پەردىلىرى ھەم قەبرىنىڭ قاپارتما نەقىشلىرى ۋە تام رەسىملىرىگە ئۇ ياقتۇرىدىغان نەرسىلەر سىزىلىدۇ، جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە(875) نۇرغۇن پەردىلەر سىزىلغان، ئاستانىدىكى بىر رەسىمدە (876) ئۆلگۈچى ياتىدىغان يەر سۇس بولۇتسىمان نەقىش ۋە يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن، بۇ ئالدىنقى تۇرك دەۋرىدە خەنزۇلاردا كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

رەسىمدىكى پەردىلەر بەزىدە مەۋھۇم بوشلۇق ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، دۇخاندىكى بىر تام رەسىمدە (877) ئىپسلزادە بىر خېنىم دىنغا كىرىش ئۈچۈن چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئايال يا مىلادىيە 529- يىلى راھىب بولغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن ۋۇدى، يا بولمىسا «مايتىرى سىمىت» ، (ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسگە تونۇش بولغان دراما ئەسىرى) تىكى قىستۇرما رەسىم، بۇ ئەسەردە مەزكۇر ئايال پادىشاھ مايترىيا دەۋرىدە ئېرىگە سادىق بولۇپ، ياتلىق بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ يەردە خۇددى سەھنە دېكراتسىيەسىدەك، ئايال خىزمەتكار ۋە مەيۈس شاھزادە (ئۇنىڭ دىنىغا كىرىش ۋاقتىنچە توسۇلىدۇ) باشلاپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ چۆرىسى بىر پارچە لاتا بىلەن ئورالغان، بۇ لاتىنى بىر نەچچەيلەن بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇمۇ ئالاھىدە بىر ئېغىز راھىب ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، 77 - بەتتە قوچۇدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

يۇنگاڭ ۋە مەيجى تېغىدا (878) نەزىر - چىراغ سورۇنىدىكى ئويۇقلارنىڭ يېنى ۋە ئۈستى ھەر خىل پەردىلەر بىلەن بېزىلىدۇ. (234 - رەسىم)، بۇ خەنزۇ ئۆيلىرىدىن كەلگەن بىر خىل بېزەش - ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر دەۋرىدە خەنزۇچە قۇرۇلۇش شەكلى قوچۇدا بەك قارشى ئېلىنغان، ھازىر پەردە تارتىلغان رامكا ياكى پەقەت پەردە ئەۋلىيا سۈرىتىنىڭ رامكىسى سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، بۇرۇنقى ئويۇقلارنىڭ ئالدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردىمۇ خەنزۇچە يۇملاق شىپائلار تەسۋىرلىنىدىغان بولدى (219 - رەسىم) (879) . مۇنداق ئىسپاتلار بۇلۇتسىمان گۈللۈك پەردىلەر بىلەن زىننەتلىنىدۇ، ئىككى يېنىغا لېنتىلار ئېسىلىدۇ. بىر بۇددا ئىچىدە ئولتۇرۇپ شىپاڭ ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆزىتىۋاتىدۇ، يەنە بىر بۇددا تامغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. مۇشۇنداق بېزىگەندە ئىككى بۇددانى مۇكەممەل بىر رامكا ئىچىگە ئالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش تۈگۈلگەن پەردىلەرمۇ بۇرۇن يەتتە بۇتنى بىر- بىرىدىن ئايرىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى توقۇلما بۇيۇمدىكى ئويۇقتا نەقىشلەنگەن(880)، بەزىدە تۈگۈلگەن تاۋار پەردىلەر ئارىلىقىغا بىر تېۋىنغۇچى سىزىلغان، دەرۋەقە، مۇنداق تاۋار پەردىلەر ئېسىلزادىلا بولىدىغان بېزەك بۇيۇمدۇر. (235- رەسىم) (881)، ھەتتا بىر بۇتخانا تۈغىدا تېۋىنغۇچىنىڭ بېشىغا دۇمباقتەك كۆپكەن پەردىنىڭ رەسىمى سىزىلغان(882). مۇنداق تۈكۈلگەن پەردىلەر بايلارنىڭ ئۆيىدە دائىم ئۇچرايدۇ، بىراق، بىر قېتىم ئاددى ئايالنىڭ پەردىسى تۈكۈلگەن دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن(883). رەسىملەردە جۇڭگوچە قۇرۇلۇشلارنىڭ تاشقى بۇرجەكلىرىگىمۇ بېزەك تۈگۈنى بار، پىچىلغان بۇقىنىڭ قېنى يۇققان مۇشۇنداق پەردىلەر ئېسىلىدۇ (35- رەسىم) (884)، پەردىلەر ئەمەلىيەتتە ئىچىگە ئېسىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار رەسىمدە ئىپادىلىنىشى كېرەك، مۇنداق پەردىلەر رەڭ ۋە ئۆزگىرىشچان قاتلاقلىرىدىن شەكىللەندۇرگەن تۇرلۇك- تۈمەن تۈسى بىلەن چىرايلىقتۇر. تۇرپاندىكى بىر ياغاچ باسما ماتېرىيالدا(885) ئۆيدە ياكى گۈلخانىدا يۈز بەرگەن، دىنىي ۋە دەھرىي كۆرۈنۈشلەر يانمۇ - يان تەسۋىرلەنگەن. پەقەت ئاپا بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۇپىدا ئولتۇرغان كۆرۈنۈشنىڭلا ئىككى يېنىغا پەردە تارتىلىپ، ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغان. مۇنداق بېزەش ئۆي ئىچى ئازادە ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلەش شەكلى دەپ قارىلىدۇ.

كىشىلەر ياقتۇرغان پەردە بىلەن ئىپادىلەشتە مۇنداق ئەھۋاللار بار: شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر تام

رەسىمدە(886) سەپەر هارۋىسىنىڭ كەينىدە لەپىلدەپ تۇرغان پەردە سىزىلغان. بۇنىڭدا هارۋىنىڭ تېز مېڭىشى بىلەن ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ سالقىندىن هوزۇرلىنىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، پەردە سىرتتىن ياكى ئاپتاپتىن توسۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەيدىكەن، تېخىمۇ مۇھىمى، بېزەك ۋە رەسىملەردە تەسۋۋۇر قىلىنغان بوشلۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىدىكەن.

## خاتىمە

ئەمدى بىز تارىم دىيارىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تۇرمۇشىدىن تۈرك تامغىسى بېسىلغان كىچىككىنە، ئەمما مۇھىم بىر دۆلەتنىڭ تۇرمۇشىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ھەد-ھېسابسىز خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللار نۇقتىنەزىرىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى «ئۇقۇش» ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردىمىز.

قوچو خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىرى يايلاق تۇرمۇشىدىن شەھەرلىشىش تۇرمۇشىغا، مۇستەقىل دۆلەتتىن مۇڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر رايونى بولۇشقا، بۇددىزىم گۈللەنگەن دەۋردىن ئىسلاملىشىشقا، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىن تۈركلەشكەن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشقا، غەربتىكى ئىراننىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خەنزۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇردى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيتى «ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى كىلاسسىك» مەدەنىيەتمۇ، خەنزۇ مەدەنىيەتمۇ ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنىڭ شەرقتىكى ئۇلۇغ قوشنىسىنىڭ تۇرمۇشى شەكلىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇنى يوقۇنۇپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاددىي ئامىلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مۇراسىم، ئۆي جابدۇقلىرى، ئايلاش شەكلى ۋە سوتسىئولوگىيە تامغىسى بېسىلغان مۇنداق ئائىلىنىڭ باشقا مىللەت ئىگە بىلەن بىرلىشىش- بىرلەشمەسلىكىدىكى مۇشۇ ئادەتكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاددى ئاۋامدىن باشقا، يەنە بىر ئىمتىيازلىق تەبىقىمۇ مەۋجۇت. پەقەت سەل بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا مۇنداق تەبىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بېزەك بويۇملىرى ئېسىلغان بەلۋاغنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنەتتى. مۇنداق ئادەت مۇڭغۇل دەۋرىگە كەلگەندە تاشلىۋېتىلدى. دەرىجە ئورنىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق ئۇسۇل كېيىن باشقا شەكىلگە ئالماشقان بولۇشى مۇمكىن.

تۇرپاندا سەدىقچىلەرنىڭ رەسىمدە سوغدىچە ۋە توخرىچە بېغىشلىمىلار ئۇچرىمايدۇ، بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال. دېمەك، ئۇيغۇر تىلى بايلارنىڭ تىلىغا ياكى ئەڭ تۆۋەن چەكتە شۇ يەردىكى بۇددا مۇرتلىرىنىڭ تىلىغا ئايلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر دەۋرىدە قوچو سەنئىتى ھىندى ياكى توخرىلارغا مايىللىقىنى يوقاتتى، ئۇنىڭغا ئاساسەن جوڭگو ئىدىيەسىنىڭ تامغىسى بېسىلدى. لېكىن، كۆڭۈزىچىلىك ئىدىيەسىنىڭ چوڭچىلىقى ۋە سەلتەنىتىگە ئوخشىمىغان ھالدا، ھەتتا يۇمۇلاق تۈيغۇ ۋە كىنايىنى نامايەن قىلغاندىلا مۇمكىن بولىدىغان ئۇيغۇر رەسىملەردە قول ئىشارىسىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە ئىپادىنىڭ جانلىقلىقى بىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

---

ئىزاھاتلار:

(720) «قوچو»، 18-، 19-، 22- بەتلەر؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»بەتكە 65-،162- قاراڭ.

(721) مەيجىنسەن تېغى: جىلڭ جېندو، 80-بەت، تۈزكۈچى راھىب دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچلۈق ئۇشىنشاسىغا قاراپ ، ئۇنى بۇددا دېگەن تۈزۈكرەك، گەرچە ئۇ ھۆرمەت مۇدراسى (anjali-mudra) قىلىۋاتقان بولسىمۇ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى. تۇرپاندىكى كېيىنكى مەزگىللەرگە دائىر ياغاچ بەت ماتېرىياللار: «نەپىس رەسىملەر»، N I، 7076، 7479، ئۇيغۇرچە ئەسلى ماتېرىيال، قارا خوتو: يېڭى دېھلىدىكى ستەيىن ساقلىغان ماتېرىياللار.

(722) كەشتە سۈرەت «نەپىس رەسىملەر»، III، 4910؛ يىپەك سۈرەت: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، 6420.

(723) كۆچار: ئۇماگائى «ئوتتۇرا ئاسىيا رەسىملىرى»، توكيو، 1957-يىلى، 9-بەت، بېزەكلىك، «قوچو»، 17-، 29-بەتلەر؛ «نەپىس رەسىملەر»، III

4511، خەنزۇچە يازما.

(724) «نەپىس رەسىملەر»، III، 6973.

(725)ئۇدا يانا پادىشاھى: «خەنزۇچە بۇددا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، 330ـبەت، ئەسلىدىكى رەسىم: W، كون، 5ـبەت؛ R گۆبلىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇددىزم سەنئىتى» دىن پايدىلىنىڭ، 1968ـيىلى كيولىن كۆرگەزمىسى، 6ـبەت؛ بۇ ئويما رەسىم چىگلىياڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلانماقتا.

(726) تۇرپان: «نەپىس رەسىملەر»، III، 6163؛ سارچۇق؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 193ـبەت.

(727) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 7ـبەت = 214ـرەسىم.

(728) «نەپىس رەسىملەر»، III، 7479، 204ـبەتتىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

(729) مىزونۇ-ناگاھىرو، VI، 61ـبەت = 215ـرەسىم.

(730) گرۇنۋېدېل: «ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتى» 150ـبەتنىڭ ئاستىدا.

(731) مىسىر: Aسپېيىبېر، 19ـرەسىم، 6ـ،14ـبەتلەر.

(732) نويىن ـئۇلا: ئۇمبخارا، 71ـبەت.

(733) دۇخاندىكى نىلۇپەر تەخت: ماسۇ موتو، 117ـ بەت= 216ـ رەسىم.

(734) بۇددا چىرايلىق نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرىدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»III ، 21ـبەت=217ـ رەسىم.

(735) نىلۇپەر ئورۇندۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 621ـ بەت؛ چوڭقۇر ئويلىنىش رەسىمى: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە» ، XXX.

(736) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، II ،7ـبەت= 218ـ رەسىم.

(737) پاكار ئورۇندۇق تەخت: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە» ، 136ـ بەت= 219ـ رەسىم.

(738) قوچو، ئولتۇرغان بۇددا: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 620ـ بەت ۋە 631ـ بەتلەر، راھىب: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 640ـبەت، سارچۇق: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 466ـ بەت،209ـ بەتتە «يوروقلۇق» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن: قىزىل: ئۆرە تۇرغان راھىبنىڭ «نۇر چەمبىرىكى قوشۇمچە ماتېرىيالى»: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 239ـ ۋە 242ـ بەتلەر؛ ئۆرە تۇرغان بۇددا : «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 339ـ344ـ بەتلەر؛ قۇمتۇرىدىمۇ ئوخشاش: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 38ـبەت. «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» نىڭ 25ـ بېتىدىكى 1ـ ئىزاھتا مەنبە تىلغا ئېلىنمىغان. ـــ جوڭگو : k. فىنىستېربۇش، مىلادىيە 212ـ يىلىدىكى قەبرە؛ 173ـ قىستۇرما رەسىم؛ يىنەندىكى قەبرە، 282ـ، 283ـ ۋە 330ـ قىستۇرما رەسىملەر؛ c خونتىس «دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دىنى قاراش ۋە كۆگزى ئىدىيەسى» دىن پايدىلىنىشنىڭ ؛ قېزىۋېلىش جەمئىيتى، مىيۇنخېن- بازېل، 2ـ توم، 48ـ بەتنىڭ تۆۋىنىدە شەرقتىكى خان ھەزرەت بىلەن غەربتىكى خان ئانا باقى ئالەمدىن كەلگەن تاغۇ مۇئەككەللىرى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىسىدىكى «نۇر چەمبىرىكى» نىڭ مەلۇم مەنىسى بولىدۇ.

(739) «نەپىس رەسىملەر» III ، 6435.

(740) شىپتىكى رەسىم: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، XXVIII ، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 615ـ بەت؛ 77ـ بەتكە قاراڭ.

(741) M. جىم : «بۇددانىڭ تۇرمۇشى»، جوڭگونىڭ ياغاچ بەت رەسىم پارچىسى، فرانكفورت، 1968ـيىلى، 26ـ بەتنىڭ تۆۋىنى.

(742) «جوڭگو سەنئىتى» II ، 5 .

(743) بۇددانىرۋانا، تۆت چاسا ياستۇق: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» ، VI، 11ـ بەت، تەخمىنەن مىلادىيە 7ـ ئەسىر؛ دېۋالارنىڭ مەرسىيەسى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 91ـبەت؛ دەۋرداشلارنىڭ مەرسىيەسى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» VI، 15ـ بەت = «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 415ـبەت.

(744) بۇ يەردە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 6ـ بەت ، باشقا رەسىملەر: «بۇددا

دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 356- بەت؛ كۇماگائى: «ئوتتۇرا ئاسىيا رەسىملىرى» ، توكيو، 1957- يىلى 5-بەت.

(745) قوتۇر: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»: Ⅶ، 30-بەت.

(746) قارا شەھەر: ستەين «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە» ، 127-بەت.

(747) قاراخوتو: «دېھلىدىكى ستەيىن ساقلىغان بويۇملار» ، 6313 ۋە 0275.

(748) مىزۇنو- ناگاھىرو،Ⅷ، 45- بەت.

(749) يىغلاۋاتقان راھىب: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 561- بەت؛ بۇ دۇنيادىكى ئېتىقادچىلار: ئاندرېۋس ، XX؛ ۋاجراپانى: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 562-بەت؛ براھمان: كۇماگائى، ئاندرېۋس، XXⅦ ، 190- بەتكە قاراڭ؛ ئالۋاستىنىڭ مۇزىكىسى : «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 527- ، 586- بەتلەر.

(750) گرۇنۋېدېل : «ئىدىقۇت شەھرى ھەققىدە » 161- بەتنىڭ تۆۋىنى؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 223-، 239-بەتلەر؛ خۇيېر: يىراق شەرقتىكى فرانسوز ئىنستىتوتى خەۋىرى» XXⅦ ، 1-، 9- 14- بەتلەر؛ لو دېرېس: «نىيەت قىلىش رەسمى».

(751) «قوچو» ، 17-29-بەتلەر.

(753) «قوچو» ، 28- بەت = 220- رەسىم.

(754) «قوچو» ، 27- بەت: «ساددارما پۇنداريكا سۇترا» Ⅶ باب.

(755) بۇ ئۇقۇم ھەققىدە : زىركىل: «بۇددىزم رەسىملىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى » توكيو، 1945- يىلى ، 115- بەتنىڭ تۆۋىنى ، 60- بەتنىڭ تۆۋىنى.

(756)«قوچو»،18-بەت =221-رەسىم.

(757) شۇ يەرلىك راھىبلارنىڭ كىيىمنى كىيگەن ئارخات: «قوچو» 28-، 29- بەتلەر؛ يەڭلىك ۋە كۆكرىكى ئوچۇق تون كىيگەنلەر: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 21-، 22-، 29- بەتلەر، بېزەك مارجان ئاسقان ئارخات: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 27-بەت.

(758) «قوچو» 20-،21- بەتلەر.

(759) «قوچو» 24- بەت؛ كەمتۈك: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 20-،19-،21-،-18،25- بەتلەر.

(760) (a) «قوچو» 23- بەت، چاۋاننېس پايدىلىنىڭ، 83 –نومۇر ياكى (M ahavfstu B ahu buddhfsura)، ئىككىنچى ئوبرازدىن پايدىلىنىڭ (b) «قوچو» 26- بەت، «ساددارما پۇنداريكا سۇترا، 12- باب، بىزنىڭ رەسىمىمىزدە ئۇ ئەجدىھا خانىنىڭ قىزى سۇپىتىدە سول تەرەپكە، ئوتتۇرىغا ۋە ئوڭ تەرەپكە سىزىلغان. كېيىن ئۇ بىر ئادەمگە، ھەتتا بىر بۇدساتۋاغا ئۆزگىرىپ، ئورنى سول تەرەپتە، ئوتتۇرىدا ۋە سول تەرەپتە بولىدۇ. ئۇ بۇدداغا گۆل تۇتقاندا ئوڭ تەرەپ يۇقىرىدا تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىيەت قىلغان چاغدا ئوڭ تەرەپ تۆۋەندە تۇرىدۇ،(c) «قوچو» 27-بەت، گېتتى، 15- بەتتىن تەپسىلىي كۆرۈڭ؛ ۋون گابائىن: «مايترى سىمىت»: E لاموتنىڭ «ھىندىستان بۇددىزىم تارىخى» دىن ئېلىنغان.

(761) «قوچو»، 22-بەت، 28- بەتلەر.

(762) «قوچو» ، 17-، 28-بەتلەر.

(763) بۇدساتۋا: «ئىدىقۇت شەھرى ھەققىدە»، 20- بەت، 10- ئەسىر.

(764) بۇسساگلى، 99-بەت، 8-9-ئەسىر؛ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 91-بەت؛ قۇمتۇر، 8-9 — ئەسىر؛ «نەپىس رەسىملەر» II ، 6362، 6578، تۆت ساخاراج تەڭرىنىڭ بىرىنىڭ تاجىدىمۇ قۇياش ۋە ئاي بار: «نەپىس رەسىملەر» III ، 6369.

(765) «ئىدىقۇت شەھرى ھەققىدە» IX= 222- رەسىم.

(766)«مەڭقول –ملىڭ كۆزلۈكئاۋالىكېتىسۇۋارا»،«ئىدىقۇت شەھرى ھەققىدە»،سوغات تەغدىم قىلغۇچى ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى يېزىلغان ،«نەپىس رەسىملەر » : III،7783.6652.

(767) «دېھلىدىكى ستەيىن ساقلىغان بۇيۇملار»؛ «نەپىس رەسىملەر» ؛ III،6709.

(768) ئۈلۈۋالغۇچى : «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» 613- بەت.

(769) «نەپىس رەسىملەر» III، 6588.

(770) «نەپىس رەسىملەر» III، 4797.

(771) «ئىدىقۇ شەھىرى ھەققىدە»، X V II؛ ئەسلى تېكىستى؛ ۋون گاباىئىن مەشلى: «مايترى سىمىت».

(772) قىلچىلىق مانجۇ شىرى بۇددا: «نەپىس رەسىملەر»، 111، 7559؛ قارا خوتودىن چىققانلىقى ھەققىدە: «دېھلىدىكى ستەين ساقلىغان بويۇملار»

(773) «قوچو»، 9-بەت

(774) ھارتى: 1. «قوچو»، 8-بەت = 223-رەسىم؛ 2. «قوچو» 40-بەت = 52-بەت، 149-رەسىم.

(775) ئاتاۋاكا: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، X دىن پايدىلىنىلىق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 98-، 113-، 176-، 411-بەتلەر؛ ھەممە ماتېرىياللار قىزىل (كۆچار) دىن ئېلىنغان.

(776) ستەين: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 125-بەت.

(777) كۆچار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» VI، 14-بەت، تەخمىنەن مىلادىيە 7-ئەسىر.

(778) ستەين: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 124-بەت.

(779) «قوچو»، 56-بەت.

(780) كۆچار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمقى يادىكارلىقلار»، 111، 2-بەت، مىلادىيە 7-ئەسىردىن بۇرۇن،

(781) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 116-بەت: بىر پۈتۈن قارىغاندا، بۇنىڭ ئالدىدىمۇ ئىككى قۇر ئۈستاز، ھەر قۇردا 6 دىن كىشى بولۇشى مۇمكىن.

(782) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار »، VI، 18-بەت، 9-10-ئەسىر، بېزەكلىك، بۇ رەسىم mita_sütr äs Vajracchedikapra (مايترى سىمىت) نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

(783) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، 111، VII، 33-بەت.

(784) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، 111، 2-بەت،

(785) «قوچو»، 47-بەت.

(786) «قوچو»، 17-، 29-بەتلەر.

(787) ئاندرېۋس، X X VII 8-بەت

(788)كوماگائى

(789) «قوچو»، 26-بەت.

(790) «قوچو»، 18-بەت، 224-رەسىم.

(791) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 513-بەت = 164a-رەسىم.

(792) كارتىنكېيا: «قوچو»، 33-بەت .

(793) پارىۋارا ياكسا: بۇسساگلى 102-بەت، بېزەكلىك.

(794) «قوچو»، 17-بەت.

(795) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 89-بەت.

(796) «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، IV، A، 205-بەتنىڭ تۆۋىنى.

(797) «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، X، 296-بەتنىڭ تۆۋىنى.

(798) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 154-بەتنىڭ تۆۋىنى.

(799) «قوچو»، 47-بەت.

(800) 755-ئىزاھاتقا قاراڭ، 57-بەتنىڭ تۆۋىنىدە.

(801) يىپەك رەسىم: «نەپىس رەسىملەر»، III، 4998. — ياغاچ بەت باسما بۇيۇم: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش. III، 7076. بۇ قالدۇق بىر قاتلىما كىتابنىڭ تۆت بېتىنى ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تۆت بەت مۇشۇ كىتابنىڭ بېشى بولۇشى مۇمكىن. ئالدىنقى ئۈچ بەتنىڭ ھەر بىرىدە بىر بۇددا، بىر بۇدساتۋا ۋە يەنە بىر بۇددا راۋرۇس ئولتۇرىدۇ، ھەر بىرىنى بىردىن پارىۋارا كۈتىدۇ. ئۇ تۆتىنچى بەت چۈشەندۈرۈش بار ئاپسارانىڭ رەسىمىدىن ئىبارەت. — «نەپىس رەسىملەر»، III، 7480-نومۇرلۇق قالدۇق بىر قاتلىما كىتابنىڭ بىردىنبىر بېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇشۇ ئاپسارانى ئوخشاش رەسىم بار. بىر ياغاچ بەت تەقلىدىي بۇيۇمنىڭ بەكمۇ ئىلھاللاندۇرارلىق ئەھمىيىتى شۇكى: ئىككىلا بېتىدە ئوخشاش ئاپسارا، ساز ۋە گۈل ئايرىم-ئايرىم ياغاچ بەتلەرنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى بەتلىرىدە ئىككى يول سىزىق بولسا، 7076-نومۇرلۇق قالدۇقنىڭ ھەر بېتىدە بىرلا يول سىزىق بار. 7480-نومۇرلۇق قالدۇقتا سازەندە ئايالنىڭ ئىلۈپىر تەختىنىڭ ئاستىدا يەنە باشقا ئۈچ تۈپ گۈل بار.

(802) كىسگار با ھەققىدە: H، بوخنېر: ئۇنىڭدىن باشقا، مانابې، 73-بەت.

(803) «تېشۇ ئىسسايكىيو»، X III، 11، 721-777.

(804) «دۇخاننىڭ 600 يىلى»، لوندون، 1944-يىلى 50-بەتنىڭ تۆۋىنى، 16-بەت.

(805) بۇسساگلى 117-بەت، 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى .

(806) ئوخشاشلا دۇخاندىن تېپىلغان: ستەين «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىسىن خاتىرىسى»، 93-بەت؛ ئۇگاۋا-توكۇشى بۇ تېمىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان ۋە نۇرغۇن قىستۇرما رەسىملەرنى بەرگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، «تايۇ ئىسسايكىيو»، رەسىملىك ئالبوم، VII، 645-، 662-بەتلەر.

(807) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، X I = 222-بەت.

(808) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، X .

(809) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، X VI .

(810) «قوچو»، 43-بەت.

(811) «نەپىس رەسىملەر»، III، 7556، 7260.

(812) «قوچو» 47-بەت.

(813) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، IV، 20-بەت.

(814) بۇ كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ نومۇرى: «نەپىس رەسىملەر»، III، 2، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش: 4535، 4607، 4647، 4690، 4693، 4951، 6266، 6281، 6331، 6360، 6332، 6337، 6394، 6395، 6443، 6619، 6670، 7246، 7248، 7256، 7272، 7451، 7473، 7578، 8734.

(815) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 605-بەت، «نەپىس رەسىملەر»، III، 6239

(816) «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، III، 81-بەت.

(817) ۋون گاباشن: «قەدىمقى تۈرك ئابىدىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە سېھىرگەرلىك مەنىسى»؛ «ئانتروپولوگىيە»، 48-توم، 1953-يىلى، 537-556-بەتلەر.

(818) E.پىنكىس،115-بەت.

(819) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V، 22-بەت، تون: 225-رەسىم.

(820) پروپېكسىيىلىك جاھاز: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 630-بەت، پارچە-پۇرات مىساللار..

(821) كۆنلۈك: «جۇڭگو سەنئىتى»، 64،11-بەت؛ دۇخان = 226-رەسىم.

(822) نەقىشلىك كۆنلۈك: «قوچو»، 21-بەت 227-رەسىم.

(823) قوڭغۇراق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 639-بەت.

(824) ئاۋاز چىقىرىدىغان ياغاچ: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 242-بەت.

(825)قوڭغۇراق شەكىللىك ۋاجرا: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، V III

(826) تۆت ئۆگىلىك چېقىن: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 168-بەت.

(827) anjali-mudra: «قوچو»، 26-بەت؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 132-بەت؛ سەل بۇرۇنراق مەزگىلى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، II ، 2-بەت،

تۇم ئاڭلاۋاتقان بۇددا؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» نىڭ anjali-mudra تارمىقىغا قاراڭ.

(828) sanadarsana-mudra : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VII، 32ـبەت؛ «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، 116ـبەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، XXX، VII.

(829) Varada-mudra: «قوچو»، 21ـ، 23ـ، 24ـبەتلەر.

(830) dhyana-mudra: «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، XXX، IV؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 136ـبەت؛ ساۋا، 279ـبەت.

(831) abhaya-mudra، قىزىلدا: قىلىچ كۆتۈرگەن بىر دېۋا، بۇسساگلى، 79ـبەت، تەخمىنەن مىلادىيە 5ـئەسىر؛ سارچۇقتا: ئەجدىھا شاھ، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 465ـبەت، كىرىشتە: نۇر ھالقىسى بار قەھرىمان، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 435ـبەت؛ بولۇپمۇ تېپكى قىزىلدىكى ئاتاۋاكا ياكسا، ئۇ ئوڭ قولىدا بىر بالىنى يېتىلىۋالغان، سول قولىدا قوغداش ئىشارىسى قىلىپ تۇرىدۇ، روشەنكى، ئۇ بۇدداغا ئىتائەت قىلغان: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»،417ـبەت؛ قوچودا: بىر بۇددا ئامما ئىچىدە بىر ئۆي ئالدىدا ئايان بولىدۇ، كىشىلەر بۇدداغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى، 481ـبەت، ئىشىك مۇئەككىلى ئالدىدا ئۆزىگە تىزلىنىپ تۇرغان ئاقسۆيەككە قاراپ تۇرىدۇ، ئىككىلىسىنىڭ نۇر ھالقىسى بار: «قوچو»، 17ـبەت؛ نۇر ھالقىسى بولغىنى ئۈچۈن ئوچۇق كۆرۈنىدىغان راھىب بېشىنى ئىشەنچ بىلەن پۇتىغا قويۇپ ياتقان بوغا بالىسىغا قاراپ تۇرىدۇ؛ «نەپىس رەسىملەر»،III، 7059 (ئۆيغۇرچە ياغاچ بەت باسما ماتېرىيالىدىكى قىستۇرما رەسىم).

(832) jnana-mudra: ساگۆچى 279ـبەت، «خەنزۇچە بۇددا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، 203ـبەت؛j . خاككىن ۋە j . كارلىنىڭ 58ـ قىستۇرما رەسىمىدىن پايدىلىنىلدى: قاقراقتىن تېپىلغان.

(833) bhumi-sparsa-mudra: فوكلېر مۇللېر «ۋېدا دىنى ۋە ھىندى دىنى ئەپسانىلىرى»، «ھىندى دىنى مىفولوگىيەسى، ئىكنوگرافىيەسى لۇغىتى» گە بېسىلغان، شتۇتگارت، 97ـبەت؛ كۇچاردا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، V ، 7ـبەت؛ قوچودا: «نەپىس رەسىملەر»، III، 7479 (ياغاچ بەت باسما ماتېرىيال).

(834) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 322ـبەت.

(835) «ياقۇتلارنىڭ بېزەش تېخنىكىسى»؛ «مىللەتشۇناسلىق يېتەكچىسى»، 8ـقىسىم، ھامبۇرگ، 1954ـيىلى، 210ـبەت، 13 جەدۋەل، 71 قىستۇرما رەسىم.

(836) ستەيىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 124ـبەت؛ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار»، 1962ـيىلى، 7ـسان، 83ـ، 87ـبەتلەر: ۋاڭ شۇ.

(837) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 662ـ، 663ـبەتلەر.

(838) «يىڭى يول»، گېرمانىيە تەتقىق قىلىۋاتقان شەرق، لېيپسىگ، 1944ـيىلى،XXVI جەدۋەل، 7ـرەسىم.

(839) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 675ـبەت.

(840) جېك جېندو: «مەيجىشەن تېغىدىكى غارلار»، 27ـرەسىم.

(841) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمقى مۇقەددەس جايلىرى»، 634ـ، 637ـ، 645ـ، 649ـ، 657ـبەتلەر.

(842) شەكلى ئۆزگەرگەن تۇخۇمسىمان تىكىچ: مىزۇنو ـــ ناگاھىرو، بۇددانىڭ پۇتى ئاستىدا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»،IV، 69ـبەت، بۇددا بار بىر چوڭ كۆرۈنۈشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش،IV، 61ـبەت، مېڭتۈينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، I، 9ـبەت؛ بىر بۇدساتۋانىڭ ئاستىدا: يۇقىردىكىگە ئوخشاش، VI، 15ـبەت؛ تۆت پەرىشتە ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان، نۇر چېچىۋاتقان بىر مەرۋايىتنىڭ يان چېگرىسىدىكى شىپتا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش VI، 38ـبەت.

(843) يۆگىمە سىزىق: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش VII، 48ـبەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش IX، 45ـبەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش VI، 68ـبەت؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش V، 57ـبەت؛ ئۇنىڭ ئىچىدە ئاۋپاپادۇكا (Aupaduka)

پەرىشتىنىڭ يۆگىمە سىزىقى بار: يۇقىردىكىگە ئوخشاش، VII، 47ـبەت.

(844) تىزىق مۇنچاق تىكىچ: بېلېنسكي-دۇئېرفېر، 136ـبەت؛ يۇقىردىكىگە ئوخشاش، 137ـبەت، پەنجىكەنتتىن تېپىلغان؛ يۆگىمە سىزىق: يۇقىرىدىكىگە

ئوخشاش، 139ـ141ـبەتلەر، ۋاراخشادىن تېپىلغان؛ ئىككىسى تەڭ ئىشلىتىلگىنى: شىشكىن، XIV ، ۋاراخشادىن تېپىلغان.

(845) تۇمشۇق: ھامبىس، 170ـبەت = 228ـرەسىم: بۇسساگلى، 70ـبەت.

(846) قۇمتۇر: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 20ـبەت.

(847) كۇچار، تاغ ئىگىللىك بەلگە: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 92ـبەت، 189ـبەت: ئادەم ئۆگزە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، III، 10ـبەت: VI، 11ـبەت، 12ـبەت: بۇزۇلغان تۇۋرۇك:«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 14ـبەت: يۆگىمە سىزىق: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار». VI، 13ـ، 15ـبەتلەر:VIII ، A ـبەت.

(848) سارچۇق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 444ـبەت، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 461ـبەت: قاپارتما بۇيۇم: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، I، 30ـ، 32ـبەتلەر.

(849) تاۋار نۇغ: ستەين «مىڭئۆي»، X II ، تام رەسىم: «جۇڭگو سەنئىتى»، II ، 1ـبەت: قىسىر تېمى: فۇكارد، 20ـبەت.

(850) ئىچىدىكى يۆگىمە سىزىق ۋە پەرىزات: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 623ـبەت: گۈل: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 572ـبەت: يۆگىمە سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن گۈل: «قوچو» 17ـ، 29ـبەتلەر: يۆگىمە سىزىق: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 553ـبەت: تولۇق بولمىغان گۈل گىرۋەكلىك ئۆرۈمە چاچسىمان نەقىش: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش 559ـبەت؛ بۇرمىسىمان نەقىش: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 553ـ ، 594ـ بەتلەر، پۇرمە سىزىقلىق نەقىش: 553ـبەت؛ ئۆزگەرگەن قىياپەت: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»،IV، 18ـبەت.

(851) «بۇددا چوڭ لۇغىتى»، 275ـبەت؛ (دىئامېتىرى) تۇراقلىق نۇر، ئۈزۈك مېغىزى شەكىللىك ماندورلا: «كيوتو ترى پىتاكا»،XXX،8ـ، 744ـبەتلەر ۋە «كەينىدىكى نۇر».

(852) بېلىنسكىي ـــ دۇئېرفېر، 142ـقىستۇرما رەسىمدىكى ئاقسۆيەكلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ نۇر ھالقىسى يوق، ئەمما، «ھەيكەل ۋە رەڭدار نەقىش» تىكى XIII ۋە X V قىستۇرما رەسىملەردىكى ئاقسۆيەكلەرنىڭ ھەم بېلېنسكىي-دۇئېرفېر، 134ـبەتتىكى غوڭغا چالغۇچىنىڭ نۇر ھالقىسى بار.

(853) پىل مىنگۈچى: بېلېنسكىي-دۇئېرفېر، 139ـ، 141ـبەتلەر، نەزىرە-چىراق مېھرابى: شىشكىن،X IV .

(854) مەلىكە، يىپەك فابرىكىسى قوغدىغۇچى ئىلاھە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان توقۇمىچىلارنى قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋە مەلىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشى (بۇ كىشى چېچىنى ئاياللارنىڭ ئىنتايىن سەنئەتلىك چاچ شەكلىدە تارىۋالغان): ستەين: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 60ـبەت، توقۇمىچىلارنى قوغدىغۇچى ئىلاھ: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 32ـبەت، (دىيا كونوۋانىڭ باھا بېرىشى: «ئۆدۈن بۇددىزم ئىكونوگرافىيىسى ھەققىدىكى بىر پارچە ھۆججەت»): قۇش ھەمراھ بولغۇچى، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 69ـ، 59ـبەتلەر؛ مەغلۇپ بولغان قۇش ھەمراھ بولغۇچى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 59ـبەت.

(855) «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇخاندىكى قەدىمكى بۇددىزم سەنئىتى»: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، V ، توكيو، 1962ـيىل، 57ـبەت، ستەينگە ئاساسلىنىدى.

(856) ستەين: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە»، 57ـبەت: «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك خاتىرىسى»، 43ـبەت.

(857) سازەندە ۋە ئۇسسۇلچى پەرىشتىلەر: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 22ـبەت؛ دېۋا ۋە بۇدساتۋا: بۇسساگلى، 89ـ، 91ـبەتلەر، نوم سۆزلەۋاتقان ۋە نىرۋانا بولغان بۇددا: بۇسساگلى، 88ـبەت: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VII، 30ـبەت.

(858) بۇددا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» A,VII؛ بۇدساتۋا ۋە دېۋا؛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، بۇسساگلى، 30ـ بەت، ۋاجراپانى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»VIII ,A ؛ رۇپاۋاتى : بۇساساگلى، 84ـ بەت؛ شالو ئۇ درايانا : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار (1) VI، 69ـبەت= بۇسساگلى، 49ـ بەت؛ كۇچار خانى: ۋالدىسمىت«گاندارا، كۇچار، تۇرپان»، 36ـ بەت؛ تۇخرى سەدىقچى: بۇسساگلى، 80ـ بەت.

(859) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەبرە ئىچى قاپارتمىسى: k فىنستىربۇش، 89ـ بەت، سىچۇەندىن تېپىلغان، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 330ـ بەت ،

جەنۇبى تەرىپى، شىمالى تەرىپى ۋە ئۈستى ، شەندۇگەدىن تېپىلغان.

ــــ يۈنگاڭ، بۇدساتۋا ۋە دېۋا: مىزۇنۇ- ناگاھىرو، 51- بەت؛ كۆكتىكى پەرىشتە، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 28- بەت.

ــــ دۇخان، بۇددا: نۇر چېچىپ نۇر ھالقىسى ۋە مۇناسىپ ماندورلا : ماسۇموتو، 117- بەت = 216-رەسىم؛ كىستىگاربانىڭ نۇر ھالقىسى ھەسەن- ھۈسەنگە ئوخشاش رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ بۇساساگلى، 117-بەت؛ تۆت ماخاراج تەگرى: بۇساساگلى، 116- بەت؛ ۋىشنۇ، غەربىي ۋىي سۇلالىسى دەۋرى، «جۇڭگو سەنئىتى»، II ، 37-بەت؛ ئارخات، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 48-بەت.

(860) پەرىشتە: بۇساساگلى، 3-بەت؛ تەختتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان روھانى، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» II ، 8-بەت» باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك پوپ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ؛ پادىشاھ : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» II ، 8 - بەت؛ مانى (؟): «قوچو» ، 1-بەت.

(861) بىر توپ كىشىلەر : «قوچو»، 7-بەت . چەۋەنداز: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 677- بەت، تەختتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» II ، 26-بەت.

(862) ھارىتى ۋە ئېرى: «قوچو، 8- بەت، كىستىگاربا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 43-بەت، دوزاخ ئىشىكى: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 17-بەت؛ كارتتىكېيا ياكسا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 33-بەت؛ نىيىتى بۇزۇق براھمان : يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 47-بەت.»

(863) نىيەت قىلىش سورۇنىدىكى بۇددا: «قوچو» 18-، 24-، 17-،21- بەتلەر = 230-، 231-، 232-، 233- رەسىملەر.

(864) رەڭلىك نۇر ھالقىسى: بۇساساگلى، 97-بەت.

(865) : «قوچو» ،17- قۇردىن 29- قورغىچە.

(866) كۇچار، ئارخات، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار ،IV، 11-، 12-بەتلەر؛ نىرۋانا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، III، 2-بەت.

(867) قوچودا، «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى»، 556-، 561-، 616- بەتلەر = 303-بەت.

(868) «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 621- ، 623- بەتلەر، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» V ، 26-بەت.

(869) گۇەنسىي: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار»، VI، 11-بەت، تەخمىنەن مىلادىيە 7- ئەسىر.

(870) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە»، XVIII ، 1-بەت.

(871) ۋىلىيامىس، 17-، 395- بەتلەر.

(872) باقى ئالەمنىڭ ئون تەگرىسى، دۇخان: ماسۇموتو، 115-، 116- بەتلەر؛ تۇرپان: «نەپىس رەسىملەر» III، 4690.

(873) «قوچو» ، 5- ، 47- بەتلەر؛ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» IV، 18-بەت؛ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس جايلىرى» ، 629- بەت.

(874) K فىنىستىر بۇش، پەردە: 26- بەت، 32- ، 205-، 280-، 288- 291- بەتلەر: ھەرە چېشىمان لىنتا: يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 285-،316-319، 321-324- بەتلەر.

(875) ناگاھىدو: سۇي پو

(876) ستەيىن: «ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونلىرى»، 107- بەت.

(877) «دۇخان تام رەسىملىرى» 1957- يىل، 23-بەت،

(878) مېيجىشەن تېغى: ناتۇرى – ۋا سۇجى، 82 — 83 - بەتلەر= 234- رەسىم.

(879) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە» ، 136- بەت.

(880) «ئىدىقۇت شەھىرى ھەققىدە» ، 143-بەت.

(881) تېۋىنغۇچى : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر قەدىمكى يادىكارلىقلار» ، III، 18- بەت = 235- رەسىم؛ IV، 16- بەت.

(882) «قوچو» ، 3- بەت.

(883) يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 47- بەت.

(884) قوچو، 18- بەت.

(885) «نەپىس رەسىملەر» ، ا]]، 7623، سۇلۇك دەۋرى.

(886) دۇخان: فۇكارد، 19- بەت.

(تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى......)

**تەھرىرلىگۈچى :ئەركىن ئىسمىتىيار قۇتلۇق**

# ۋىسال تاپقان ئۆمۈرلۈك ئارزۇ

ئامىنە غاپپار

*(ــ گابائىن خانىمنىڭ ئېلىمىزگە قىلغان زىيارىتىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )*

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، بۇ قەدىمىي، سىرلىق ماكان ــ يىپەك يولىدا جارائىلاپ ئۆتكەن كارۋان قوڭغىرىقى ئاسىيا كىندىكى رايونىغا، جۈملىدىن قەدىمىي ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى بىساتىغا ئاجايىپ پارلاق مۆجىزاتلارنى پۈتۈپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇ بىپايان زېمىن، چەكسىز قۇم-باياۋانلاردا نامايەندە بولغان مەدەنىيەت جاۋھىراتلىرىمىز 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ياۋرۇپا ئەللىرىدىن كەلگەن سەيياھ ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى، ئۇلار بۇ جايلارغا قايتا-قايتا كېلىپ، تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ، قۇم-باياۋانلارنى كېزىپ، تەكشۈرۈپ-قېزىش ئارقىلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتتى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز غەرب ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئىلىم-پەن ئالىمىرىنى ھەم مەدەنىيەت پېشىۋالىرىنى سېھىرلەپ، ئۇلارغا بۇ ھەقتە تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە زور ئىلھاملارنى بەردى.

ئەنە شۇنداق ئالىملارنىڭ بىرى، خەلقئارادا ئاتاغلىق تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقاتىدا تۆھپىسى ئەڭ چوڭ بولغان گېرمانىيەلىك ئالىم، ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئاننا مارىيا گابائىن خانىمدۇر.

گابائىن خانىمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى، زېھنىنى سەرپ قىلىپ ياراتقان قەدىمىي ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى، سەنئىتى، تۇرمۇش ۋە ئۆرۈپ-ئادەتلىرىگىچە تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ناھايىتى مول ۋە مەزمۇنى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىققا دائىرا ئەسەرلىرىلا ئون نەچچە تومغا، ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى 200 نەچچە پارچىگە يېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمىي يازما يادىكارلىقلار، ئەۋرىشكىلەر، رەسىملەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم، نوقتىلىق ۋە مول ھوسۇللۇق مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركولوگى گېڭ شىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدا دېيىلگەن يادىكارلىقلار گابائىن خانىمنىڭ 20ـئەسىرنىڭ 30ـيىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىپ چىققان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئەسىرى «قەدىمكى تۈركىي تىللار گراماتىكىسى » غا ئاساس بولغان. بۇ مۇشۇ ساھەدىكى تۇنجى ئەسەر بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسى مول، كۆز قاراشلىرى ئېنىق، دۇنيا تۈركولوگىيە تەتقىقات ساھەسى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەرگە ئايلانغان».

گابائىن خانىم تۈركولوگىيە بويىچە مول بىلىم ۋە غايەت زور تۆھپىلىرى بىلەن تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلىنغان. ئۇزۇن ۋاقىت گېرمانىيەدە ھەمدە تۈركىيە، ياپونىيەلەردە ئوقۇتۇش بىلەن شوغۇللىنىپ، نۇرغۇن تۈركولوگلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ يەنە گېرمانىيە ئورال-ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ۋە «خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى» نىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان. 1971ـيىلى تۈركولوگىيە ۋە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان شانلىق تۆھپىسى ئۈچۈن خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. گابائىن خانىم 1932ـ1933ـيىللىرى

ئېلىمىزگە ـ بېيجىڭغا كەلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان. ئۇ بېيجىڭدا تۇرغان مەزگىلدە بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 10-ئەسىردە باشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەتقىق قىلىپ قايتىپ كەتكەن.

1982-يىلى جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ نامىدا بۇ مەشھۇر ئالىمنى ئېلىمىزدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

پۈتۈن ياشلىق باھارىنى، زېھنىنى، ئۆمرىنى ۋە بارلىقىنى قەدىمكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، ئۆزى ئاياق بېسىپ باقمىغان بۇ زېمىننى ناھايىتىمۇ يىراقتا تۇرۇپ، پەقەت بۇ جايدىن ئېلىپ كېتىلگەن مول يېزىق يادىكارلىقلىرىنى، مىڭئۆي تام رەسىم ۋە ئەۋرىشكىلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خەلقئارادا مۇشۇ ئىلىم ساھەسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان بۇ قەيسەر ئايال شۇ يىلى 81 ياشتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزى تەتقىق قىلغان بۇ دىيارنى ئاخىر كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن 1982-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە ئېلىمىزدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

گابائىن خانىم بېيجىڭغا كەلگەندە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاشقى ئىشلار ئىدارىسى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ھەمدە كەسپداش ئالىملار ئۇنى ئايرودرومغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالغان، ئۇزۇن سەپەر بۇ ياشانغان ئالىمغا ھاردۇق يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ بەكمۇ خوشال، روھلۇق ھالەتتە قارشى ئالغۇچىلارغا: «مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دۆلەت ـ جۇڭگوغا 50 يىلدىن كېيىن يەنە كېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىدىم، مەن ئىنتايىن، ئىنتايىن خوشال» دېگەن.

بۇرھان ئەپەندىم گابائىن خانىمنى قارشى ئېلىپ زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالغاندا، بۇ ئىككى مويسىپىت قىزغىن پىكىرلەشكەن، ئۇلار يېرىم ئەسىر بۇرۇن بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە يۈز كۆرۈشكەندىكى مەنزىرىلەرنى ئەسلەشكەندىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندى ئۇنىڭغا: «سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى سەرپ قىلىپ قەدىمىي يۇرت ئىدىقۇتنى تەتقىق قىلدىڭىز، بۇ قېتىم تۇرپاننى ۋە ئىدىقۇت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان كۆرۈپ كېلىشىڭىزنى، ئېلىمىزدىكى ئىلمىي زىيارىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى ھەمدە سالامەت بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن» دېگەن. گابائىن خانىم بۇرھان ئەپەندىگە ۋە جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىدىكى كەسپداش ئالىملارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان.

گابائىن خانىم بېيجىڭدىكى مەزگىلدە 50 يىل بۇرۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى رەتلەپ تەتقىق قىلغان بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنى قايتا زىيارەت قىلغان، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگى گېڭ شىمىن ئەپەندى، ئۇيغۇر تىلى ئالىمى خەمىت تۆمۈر ئەپەندى قاتارلىق كەسپداشلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، پىكىر ئالماشتۇرغان. سۆھبەتتە ئۇ تۈركىي تىللار ۋە ئالتاي تىللىرى تەتقىقات تارىخىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى ۋە گېرمانىيە ئورال-ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ نۇرغۇن يېڭى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى بەرگەن، بىر تەرەپتىن جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى، تەرەققىيات ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياخشى باھا بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە تارىخ، ماناس ئېپوسى، رەسىم سەنئىتى ساھەلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بەزى كونكرېت تېمىلار بويىچىمۇ پىكىر ئالماشتۇرغان.

گابائىن خانىم مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ يىغىن زالىدا: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى تۈركىي تىللار

يازما يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيما رەسىم سەنئىتى ۋە جۇڭگو» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات بەرگەن. دوكلاتقا جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەيئەتلىرى، ئەزالىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستوتى مۇناسىۋەتلىك فاكولتېتلارنىڭ تەتقىقاتچى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى، تارىخ، دىن ساھەسىدىكى تەتقىقاتچى خادىملىرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان.

گابائىن خانىم ئۆز دوكلاتىدا مول ماتېرىيال ۋە چوڭقۇر بىلىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەر ۋە تارىخ، دىن قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، كەسىپداشلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دوكلاتىغا شۇنچە جىق ئادەمنىڭ قىزغىن قاتناشقانلىقىغا خوشال بولغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ ناھايىتى تېز ھەم زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئاخىرىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا گابائىن خانىمنى كۈتۈۋېلىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان. سەيپىدىن ئەزىزى ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۈركىي تىللار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گابائىن خانىمنىڭ ئېلىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. گابائىن خانىم ئېلىمىزنىڭ ئۇنى تەكلىپ قىلغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان ھەمدە بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئېرىشىشكە ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ تۇرپان، قومۇل ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئېچىش خىزمىتىنى كۆچەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن.

گابائىن خانىم 4-سىنتەبىر كۈنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىمى لىۇ شېڭۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇسالام ئابباس، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇيغۇر سەيرانى، ئاتاقلىق ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتئى، كەمىنە(مۇئەللىپ) ئامىنە غاپار ، نېمەت مىڭجانى قاتارلىق كىشىلەر ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق.

گابائىن خانىم ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلىدە ئۈچ قېتىم ئىلمىي دوكلات بەردى، ئىككى قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، تەڭرىكۆلى ۋە نەنسەنلەردە سەيلىدە بولدى.

ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئىلمىي دوكلاتى «ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ۋە جۇڭگو»، «ئورال - ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە» دېگەن تېمىلاردا بولۇپ، دوكلات شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك زالىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى، تەرجىمىسىنى لىۇشېڭۇ بىلەن ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى قىلدى. گابائىن خانىم بىرىنچى قېتىملىق دوكلاتىنى باشلىغاندا، «جۇڭگو تارىخچىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى توغرىلىق كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، جۇڭگولۇق كەسىپداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرى بىز ياۋروپالىقلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى بىزگە ئايان. ئەمما، بۇنىڭدىن سىرت ئارخېئولوگىيەمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تەمىن ئەتتى.... يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزدىنىشلەر بىزنى ھېلىھەم يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىمەكتە. بۇلارنى سىستېملىق رەتكە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان مول يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ، سانسكرىتچە، توخارچە، قەدىمكى خوتەنچە، سوغدىچە،

ئىپتالىتچە، قەدىمكى سۇرىيەچە، تاڭغۇتچە، كىدانچە، مۇڭغۇلچە، تۇبۇتچە ۋە ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرچە قاتارلىق يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل تۇرى، دەۋرى، مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ قايسى تىلدىن قايسى تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان يادىكارلىقلار تىلىنىڭ پاساھەتلىكى ھەققىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى ئەللەردىكى بىر مۇنچە ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى (يازما يادىكارلىقلار) تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ، مول ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ تەھلىلى ۋە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى.

«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ۋە جۇڭگو» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا رەسىم كۆرسىتىش چىرىقى ئارقىلىق بىر قىسىم مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى كۆرسىتىپ، رەسىملەردە ئىپادىلەنگەن دەۋر شەخسلەرنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تىپى، مەرتىۋىسى، پائالىيىتى، كىيىم-كېچىكى، ھەتتا چىراي-قىياپەت، پىسخىك ھالەتلىرىگىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، رەسىملەرنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئەينى دەۋردىكى تارىخقا، سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ھاياتقا، ئۆرۈپ-ئادەتلەرگە تەدبىقلاپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خەلقئارا ئورال-ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ئۈستىدىكى دوكلاتىدا، خەلقئارادىكى بىر قىسىم مەشھۇر تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتىنى تەكىتلىدى. ئورال-ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىنگلىز، فىرانسۇز، نېمىس، تۈركىي تىللاردىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى شۇ تىل بويىچە چىقىرىدىغان مەجمۇئەسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقالىلەرنىمۇ قوشۇپ چىقىرىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئاپتونۇم رايونىمىزغا كەلگەنلىكىگە، شۇنچە كۆپ كەسپداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىگە ئىنتايىن خوشال ئىكەنلىكىنى دوستانە ھېسسيات بىلەن بىلدۈردى، نەچچە يۈز كىشىلىك زالغا پاتماي قىستىلىپ ئولتۇرۇشقان، ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق دوكلاتىدىن يېڭى، نۇرغۇن بىلىم ۋە ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغان كەسپ ئەھلىلىرى ۋە بارلىق يولداشلار بىردەك قىزغىن چاۋاك چېلىپ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇمچىدىكى تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، دىن، ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئالىم مۇتەخەسسىلەردىن يۇسۇپ ھۇسەيىن،...قادىر ئەكبەر(ئۆزبېك)،گوپىڭلياڭ(خەنزۇ)،ئورازئانباي ئېكپۇبا(قازاق)،بولاتباي دوسجانىن(قازاق)، نىغمەت مىڭجانى، ئىبراھىم مۇتئىي، مەرىيەم سەيپۇلايېۋا، ئامىنە غاپپار، ئۇيغۇر سايرانى، مۇشۇيىڭ(خەنزۇ)، ئابدۇرېشىت ئىسلام، سۇبېيخەي(خەنزۇ)، رەھمىتۇللا جارىي، شياۋ جۇڭيى(خەنزۇ)، لۇجىشاۋ(خەنزۇ)، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ماھمۇت زەيىدى، ناسىرۇللا يولبولدى، ئەزىز يۇسۇپ، ھېيتەم ھۇسەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، شەرىپىدىن ئۆمەر، ۋاڭ بىڭخۇا قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى ھەم خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

گابائىن خانىم تىل تەتقىقات خادىملىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە، ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش ئەھۋالى، تۈركولوگىيە بويىچە خادىم تەربىيەلەش مەسىلىسى، ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ بىرلىككە كېلىش ئەھۋالى، لېكسىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قىزىقتى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە قىزىقتى، بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر بىز تەرەپتىن تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركولوگىيە بويىچە ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى، خادىم تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ۋە تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، ھەر بىر تىلنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدىن چىقىپ كاتېگورىيەلەرگە ئايرىشتىن ئىبارەت مېتود ۋە تەجرىبىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە كەسپداشلار

قىزىققان، سورىغان سوئاللارغا قىزغىن جاۋاب بەردى.

ئاخىرىدا، تىل-ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە، تارىخ قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر گابائىن خانىمغا كىتاب، دوپپا، ياغلىق سوۋغا قىلدى، گابائىن خانىم كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، دوپپىسىنى بېشىغا كىيىپ، كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە مەمنۇنلۇق مەنىلىك قىلىپ: «بۈگۈن ھەر قايسى مۇتەخەسسلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقىمدىن، سىلەردىن بۇ ساھەدە شۇنچە كۆپ ئىلمىي خادىملارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، قايتقاندىن كېيىن مۇشۇ رەسىم ئارقىلىق ھەر قايسىڭىزلارنى جەمئىيىتىمىزدىكىلەرگە تونۇشتۇرىمەن، كىتابلارنىمۇ ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىمەن» دېدى.

ئالىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى يەنە بىر مۇھىم پائالىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا بولدى. ئۇ مۇزېيغا بارغاندا قاتتىق ھاياجىلىنىپ، مۇزېيدىكى يېرىم كۈنلۈك پائالىيەت جەريانىدا بىردەممۇ ئارام ئالماي، مۇمكىنقەدەر كۆپرەك، تەپسىلىيرەك كۆرۈشكە قىزىقىپ تىنىماي مېڭىپ يۈردى. تۇرپان، كۇچار، باي قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىم نۇسخىلىرىنى ۋە باشقا بارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى تارتىپ جەسەتلەرگىچە بىر ياقتىن كۆرۈپ، بىر ياقتىن مۇزېي مۇتەخەسسلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇردى. ئەسلىدە مۇزېيدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش يېرىم كۈن بولسىمۇ، ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئەتىسى يەنە كەلدى. مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى تەكرار ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ، ئاخىرىدا خۇشال ھالدا: «مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش، رەتلەش جەھەتتە شۇنچە زور نەتىجە ياراتقانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بولدۇم، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك» دېدى ھەمدە كېيىنكى سورۇنلاردىمۇ مۇزېينىڭ نەتىجىلىرىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، «مۇشۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە پۈتۈن ئىنسانىيەت نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى.

گابائىن خانىم ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇيغۇر سەيرانى ئەپەندى كوئىنلون مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا ئۇنىڭغا ئۇزىتىش چېيى بەردى. چايغا ئابدۇسالاما ئابباس ئەپەندى، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى، نىغمەت ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى،مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندى، مەن ۋە لىۋشىڭخۇ قاتارلىق ئالىملار قاتناشتۇق. گابائىن خانىم زىياپەت زالىغا قېنىق ھالرەڭ، ئۇششاق گۈللۈك گىرىپ كۆينەك كىيىپ، لېۋىگە سۇس گىرىم قىلىپ، بوينىغا 1971-يىلى خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتى تەقدىم قىلغان ئالتۇن مېدالنى ئېسىپ، ئىچكى شادلىقى چېھرىدە جىلۋىنىلىپ تۇرغان ھالدا كىرىپ كەلگەندە، ھەممىمىز ھاياجان، ھۆرمەت ھېسسىياتىمىز بىلەن ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدۇق. بۇ گابائىن خانىمنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى ئاخشىمى ئىدى...

بىز گابائىن خانىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 11-سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن تۇرپانغا يولغا چىقىشقا تەييارلاندۇق. گابائىن خانىم يېنىك قەدەملىرى بىلەن بىز ئاز جىددى ۋە ئالدىرىغان قىياپەتتە ماشىنىغا چىقتى، بىز تۇرپانغا يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ يول بويى ئۈن چىقماي سۈكۈتتە كېتىۋاتاتتى، مەندىن سوئالمۇ سورىمايتتى، ئەتراپلارغا زەن سېلىپ قارايتتى....

توغرا، تۇرپان ئۇ بىر كۆرۈنۈشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىدە ئاز كۆرۈلىدىغان بىر گۆھەر ماكان. ئۇ يېرىم ئەسىر ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىن ئۇنىڭ باغرىغا چۆكۈپ تۇرۇپ تەتقىق قىلغان مۇنبەت زېمىن. شۇڭا، ئۇ بەلكىم شۇ تاپتا ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات جەريانىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئەتراپتىكى رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا بۇ ئۇلۇغ يىپەك يولىدا كېتىۋېتىپ، ئەينى چاغدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى ئۆزى سىناپ باققۇسى كېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا بولۇۋاتىدۇ!

دېگەندەكىدەك، بىز ئولتۇرغان پىكاپ داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ غول ئېغىزىدىن چىقاي دېگەندە، ئۇ پىكاپنى توختىتىشنى

تەلەپ قىلدى. پىكاپنى يول بويىغا توختىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەرگە چۈشتۇم. پەستە سۇپسۈزۈك ئۇلۇق غول سۈيى يېيىلىپ ئېقىۋاتاتتى، غول بويىدىكى بۈك-باراقسان توغراقلىق، قىپقىزىل چېچەكلەپ كەتكەن يۇلغۇنلۇق باش كۆز كىرەي دەپ قالغان پەسىلدە ھەقىقەتەنمۇ بىر گۈزەل تۈسكە كىرگەن ئىدى. ئۇ توغراقلىقنى خېلى ئارىلىدى، يۇلغۇن چېچەكلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئۇزاقىچە لەۋلىرىگە ياقتى. شۇنداق قىلىپ يول بويى بىر نەچچە قېتىم پىكاپتىن چۈشۈپ، ساي يولىدا ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چەكسىز قۇملۇقلارغا قاراپ، يىراق مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدى....

بىز ئاخىرى، ئوت يۇرتىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز كېلىپ چەتئەللىكلەر چۈشىدىغان تۇرپان 1- مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق. كەچلىك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ، مېھمانلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان قويۇق ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سەنئەت نومۇرلىرى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. گابائىن خانىم كونسېرت بارلىقىنى ئاڭلاپ چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، دەرھال تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقىپ، شوخ قىزغۇچ گۈللۈك گىرىپ كۆينەكنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ، روھلۇق شاد-خورام ھالدا كونسېرت كۆرۈشكە تەييارلانغان ئىدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ساياھەت ئىدارىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە كونسېرت گابائىن خانىمنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدىن كېيىن باشلىنىدىغان بولدى.

سېنتەبىردە تۇرپاندا ئۈزۈملەر مەي بولۇپ پىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان باراڭ ئاستىدا چەتئەللىك مېھمانلار لىق ئولتۇراتتى، گابائىن خانىم ئالدىنقى رەتتىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئويۇن باشلاندى. ئوت يۇرتىنىڭ ئوت يۈرەك ئوغۇل- قىزلىرى تورزەك ياسىنىپ كۆچلۈك مۇقام ساداسى باشلىنىشى بىلەن سەھنىگە چىقىپ كەلگەندە، مېھمانلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، قىقاس كۆتىرىشتى. گابائىن خانىم ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بارلىق نومۇرلارنى ئاخىرغىچە ھاياجان ئىلكىدە قانماي كۆردى. سۈرەتلەرگە تارتتى، كونسېرت تۈگىگەندىن كېيىن، بارلىق ئارتىسلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

ئەرتىسى ئەتتىگەندىن باشلاپ، تۇرپاندىكى بىر يېرىم كۈنلۈك پائالىيىتىمىز باشلاندى، بۇ جەرياندا تۇرپان مۇزېيى، كارىز، يارغول قەدىمىي شەھىرى، قوچو قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆي قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى بىر- بىرلەپ كۆردى، بۇيلۇقتا سەيلە قىلدى.

ئۇ مۇشۇ ئورۇنلارغا كېتىۋاتقان ھەر بىر يولدا، بارلىق دىققىتى ۋە ئىشتىياقى بىلەن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە، دېھقانلارغا، باغۋارانلىق ھويلىلارغا، ئۈزۈملۈك باغلارغا، چۈنچىلەرگە، ئالدىراش ئۈزۈم ئۈزۈپ توشۇۋاتقان قىز-يىگىت، باللارغا، ھەر خىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دېھقانلارغا، ئېشەك ۋە ئات ھارۋىلىرىدا كېتىۋاتقان قىز- چوكان، موماي، بوۋايلارغا قاراپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىپ ماڭدى. بەزى جايلاردا پىكاپتىن چۈشۈپ، دېھقانلار بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ ئاددى ئۆيلىرىنى، باغلىرىنى، ئېغىل- قوتانلىرىغىچە كۆرۈپ سۈرەتكە تارتتى. مەن ئۇنىڭ قىزىقىشى چىقىپ تۇرغان كەيپىياتى ۋە ھەرىكەتچانلىقىغا قاراپ «چارچاپ قالمىسىڭىز بولاتتى» دېسەم، ئۇ «ياق، مەن ناھايىتى ھاياجاندا، ئىدىقۇتلۇقنى يىراق تۇرۇپ ئۆمۈربويى ، ماتېرىياللارغا قاراپ تەتقىق قىلىپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن مانا ھايات ئىدىقۇتلۇقلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك،تېپىلماس قىممەتلىك پۇرسەت، قانچە كۆپ كۆرەلىسەم، شۇنچە ياخشى» دېدى.

گابائىن خانىم كارىزغا چۈشكەندە، مۇزدەك سۈپسۈزۈك ئېقىۋاتقان كارىز سۈيىنى بىز چۈمۈچ تەييارلاپ بولغىچە بىر قانچە قېتىم ئىككى قولى بىلەن ئۇچۇملاپ ئېلىپ، خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك ھوزۇرلىنىپ ئىچىۋەتتى. گابائىن خانىم يېپەك يولىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي دىياردىكى نەچچە مىڭ يىللىق بوران- چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ، ھەر خىل ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرۇپمۇ يەنىلا مۇكەممەللىكىنى يوقاتماي، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى كەڭ، قۇرۇلۇشلىرى ئۆزگىچە، ھازىرمۇ قويىندىن قەدىمىي مەدەنىيەت دۇردانىلىرى ئۈزلۈكسىز تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقان

يارغول قەدىمي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى، ئاستانە قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆي قاتارلىق جايلارنى زوق بىلەن كۆردى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئاز كۆرۈلىدىغان يارغول، ئىدىقۇت قەدىمي شەھەرلىرىگە كىرگەندە، شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىلارغا، ئىبادەتخانىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇددا مۇنارلىرىنى، مۇنارنىڭ پەشتىقىغىچە چىقىپ شەھەرنىڭ ئومۇمي مەنزىرىسىنى قەدىمي شەھەرنىڭ ھەر بىر كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان مۇنارلار توپىنى كوچا، رەستە، ئاھالىلەر ئولتۇراق مەھەللىلىرىنى، ئىچكى- تاشقى شەھەر سېپىللىرى ۋە مەھكىمە ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلارنى تەپسىلي كۆردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەتقىقاتىدا مۇھىم مەنبە بولغان مىڭئۆيلەر بابىدىكى نۇرلۇق گۆھەر- بېزەكلىك مىڭئۆيگە بارغاندا، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇ تەشنالىق بىلەن 40 نەچچە بۇددا غارىنىڭ ھەممىسىنى كۆردى، بەزىلىرىنى تەكرار كۆردى، ئۇ مەلۇم بىر غارنى سىنچىلاپ كۆرۈۋاتقاندا، تامدىكى لېكوكنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىمزاسىنى كۆرۈپ، «لېكوك ئاشۇ چاغدا بېزەكلىككە ئۇلاغلىق چىقىپ، مۇشۇ غارلاردا شام يېقىپ ئولتۇرۇپ ئىشلىگەن» كەن دەپ ئەسلىدى.

گابائىن خانىمنىڭ بېزەكلىكتىكى ئەڭ زور خوشاللىقى ۋە ھاسلاتى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئەسلى تەسەۋۋۇردىكى غارلار بىلەن ئەمەلىيەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق كۆڭلىنىڭ يورۇپ قالغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى بېزەكلىكتە كېيىن تېپىلغان، سىرتقا تېخى تولۇق ئېچىۋېتىلمىگەن بۇددا تام رەسىملىرى غارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى بولدى. بۇ غاردىكى تام رەسىملىرى ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولۇپ، رەڭلىرى يېقىندا سىزىلغاندەك ئۆز پېتى، يەنى كۆكى كۆك، قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق، ئىنتايىن پاكىزە، نەقىش، گۈل- گىياھ، ئادەم رەسىملىرى شۇنداق كۆركەم ۋە چىرايلىق ئىدى. بۇنى كۆرگەن گابائىن خانىم ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە : بۇ تام رەسىملىرى نېمەدېگەن ئېسىل، نېمەدېگەن قىممەتلىك، مەن بۇ رەسىملەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەنمەن، بۇ يەنە بىر يېڭى تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ، دېدى. (دەرۋەقە، تارىختىكى «ئىكسپېدىتسىيەچىلەر» نىڭمۇ بۇ غاردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكى ئېنىق تۇراتتى. ئا).

گابائىن خانىم ئاخىرىدا بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن ئىبارەت بۇ ئاز ئۇچرايدىغان دۇنيا مەدەنىيەت مىراسىنى قۇتقۇزۇش ، ئاسراش، ساقلاپ قېلىشقا دائىر قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا بېزەكلىكتىن ئايرىلدى، ئۇ بېزەكلىككە يېتىپ كەلگەندە، تەشنالىق بىلەن ھېچنىمىگە قارىماي، 50 نەچچە باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن چەبدەس قەدەم بىلەن پەسكە چۈشۈپ كەتكەنىدى، قايتار چاغدا يەنە شۇ پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا توغرا كېلەتتى، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئەھۋال سورىدىم، ئۇ ئىنتايىن رازىمەنلىك قىياپەتتە: «ئەھۋال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت، مەن ھازىر ئۆزەمنى تامامەن ئۇنتۇدۇم، چارچىغىنىمنىمۇ، قانداق بولىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، ھازىرقى خوشاللىقىم ۋە ھاياجىنىمنى سىلەرگە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، سىلەرگە كۆپ رەھمەت» دېدى، مەن «يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز ، سىز بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز» دېدىم، ئۇ «مەن ياشىنىپ قالدىم، كېيىنكى ئۆمرۈمنى بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، بۇ قېتىم كەلگىنىمگە بەك خوشالمەن، ئىنتايىن رازىمەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ بېزەكلىكتىكى ئېكسكۇرسىيەسىنى تۈگىتىپ ئۇ تۇرپان مۇنارى، بۇيلۇقلارنى سەيلى قىلغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ 13- سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن لىيۇشىڭۇ ئەپەندى بىلەن يوغانتېرەك پويىز ئىستانسىسىدا پويېزدا ئولتۇرۇپ دۇنخۇاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەن گابائىن خانىمغا ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە - تۇرپاندىن دۇنخۇاڭغا ئۇزىتىپ قويغىچە ھەمراھ بولدۇم. تۇرپاندا ئىككىمىز بىر ياتاقتا ئورۇنلاشقاندا، ئۇنىڭ خوشاللىقتىن مېنى قۇچاقلاپ كەتكىنى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئاخىرقى كۈنلەردە مەن بۇ مۇتىبەر ئايالغا يوشۇرۇنچە سەپسېلىپ قارايتتىم، چۈنكى ئىچىمدە، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتكەنلىكىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەسىپكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىدەك پاكىت ئالدىمدا تۇرسىمۇ،

كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بۇ سوئال ماڭا ئارام بەرمەيتتى. لېكىن بۇ ئىلىم مۇتىبىرىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئەدەپ يۈزىسىدىن بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن ئۇدۇل سورىغىلى بولامتى؟!

لېكىن ئىنچىكە سەپسېلىشىمچە، ئۇنىڭ ياشلىقىدا بىر تەلتۆكۈس گۈزەل ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، چۈنكى، «سىرى كەتسىمۇ سىنى كەتمىگەن» دېگەندەك، ھازىرقى يېشىمدىمۇ ئازراق ئېگىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا نازۇكلۇق چىقىپ تۇرغان زىلۋا قامىتى، ئۇزۇنغا ياراشقان قىسقا، قويۇق بۇدرە چاچلىرى، ئاق-سۈزۈك رۇخسارى، دېڭىز سۈيىدەك كۆك، يوغان كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك ئېگىز قاڭشىرى ئۇنىڭ جىسمانى جەھەتتە نۇقسانسىز بىر غەرب گۈزىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

خەيرىيەت، غايىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەسىپكە بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىنى ئويلاشمىغان شۇنچە ئىلمىي ئىكسپېدىتسىيەچى سۈپىتىدە كىشىلەرمۇ بارغۇ!

ھەش- پەش دېگۈچە، گاباﺋىن خانىمنىڭ ئېلىمىزگە زىيارەتكە كېلىپ - كەتكىنىگە مانا بۇ يىل توپتوغرا 30 يىل بوپتۇ، گاباﺋىن خانىم شۇ زىيارىتىدىن كېيىن يەنە ئۆز دۆلىتىدە 11 يىل ياشاپ 1993-يىلى 1-ئاينىڭ 15- كۈنى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى، بىر ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ كەسپى ئىشلىرى يولىدا ئارمان قىلغان ئىشلىرىنىڭ رويابقا چىقىشى نەقەدەر قىممەتلىك! گاباﺋىن خانىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ، ۋىسال تاپقان ئارزۇسىدىن شېرىن لەززەتلىنىپ ، بۇ دۇنيادىن خۇشلاشقاندۇ!

خەلقئارا ھۆرمەتكە ئىگە بۇ شۆھرەتلىك ئالىم تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئىززەتلىنىپ، «مەرىيەم ئاپا» دېگەن نام بىلەن مەڭگۈ خاتىرىلەنگۈسى.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :


1. «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» ،(خەنزۇچە) 7- سان (1982-يىل)

2. «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» (خەنزۇچە) 1983- يىلى 9-،10-،12- سانلىرى.

3. گېنىڭ شىمىن : «گېرمانىيەدىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ، 2010- يىل 1-سان.


(ئاپتور:ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تىل يېزىق كومىتېتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوچو قەدىمكى شەھىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار

ئۆمەرجان ئابدۇقادىر

دۆلەت ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا بولغان سېلىنمىسىنىڭ بارغانچە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قوغداش ۋە رېمونت قىلىش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشتى. بولۇپمۇ 2004-يىلى باش شۇجى خۇجىنتاۋ "تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە قەدىمكى مەركىزى شەھەرلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.بولۇپمۇ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە.ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى زۆرۈر. دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى «تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش پەن-تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ‹10- بەش يىللىق› پىلان» دىن ئىبارەت «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» گە قاراڭ) دەپ تەستىقىي يوليورۇق بەرگەندىن بۇيان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يەنە بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلدى. 2005 -يىلى مەركەز مالىيەسى چوڭ تىپتىكى نۇقتىلىق خارابە ئىزلىرىنى قوغداش مەخسۇس تۈرى تۇرغۇزۇپ مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقاندىن كېيىن 2006-يىلى «10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى چوڭ نۇقتىلىق خارابە ئىزلىرىنى قوغداش ئومۇمىي لايىھەسى» نى تۈزدى. ئومۇمىي مەبلەغ ئىككى مىليارت يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 430 مىليون يۈەننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق چوڭ خارابە ئىزلىرىنى قوغداش رېمونت قىلىشقا ئاجرىتىپ بېرىلدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى دۇنياۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قامۇسىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بۇ تۈر مەبلىغىگە ئىلتىماس قىلىپ 210 مىليون يۈەن مەبلەغكە ئېرىشىپ قوچو قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، تەيزاڭ بۇددا مۇنارى،بېزەكلىك مىڭئۆيى، تۇيۇق مىڭئۆيى قاتارلىق نۇقتىلىق خارابە ئىزلىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى باشلىۋەتتى. بۇ چوڭ پۇرسەتتىن تۇنجى بولۇپ قوچو قەدىمكى شەھىرى نۇقتىلىق خارابىسى بەھرىمان بولدى. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ رېمونت قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەدىمكى شەھەرنىڭ نۇقتىلىق ئورۇنلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تازىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. قېزىش جەريانىدا نۇرغۇن يېڭى مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە ئىزنالىرى بايقىلىپ قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەھەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇش قىياپىتىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى.

## 1. ئوردا شەھەرچىسى

ئوردا شەھەرچىسى ئىچىدىكى يەرئاستى خانىسى: بۇ ئوردا شەھەرچىسى ئىچىدىكى 100 كۋادىرات مېتىرلىق خارابە ئىزىنى قېزىش جەريانىدا بايقالغان. شىمالى تەرەپكە ئېچىلغان ئىشىكتىن كىرىپ پەلەمپەي ئارقىلىق بۇ خانىگە كىرگىلى بولىدۇ. بۇ خانىنىڭ ئۇزۇنلىقى 4.55 مېتىر؛ كەڭلىكى 4.35 مېتىر كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا خام توپا قاتلىمىدىن سۇپا چىقىرىلغان. قېزىش جەريانىدا بۇ يەر ئاستى خانىسىدىن پەلەمپەي ۋە پولغا ياتقۇزۇلغان كوك كاھىشلار، چوڭ ئىدىش ساپال ئەسۋاپ پارچىلىرى بايقالدى. كىرىش ئىشىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر قەدىمكى قۇدۇقنىڭ بارلىقى بايقالدى.

ئاشلىق ساقلاش ئىسكىلات خارابىسى ئىزى: بۇ يەر ئاستى خانىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، چاسا شەكىلدىكى بىر قەدەر چوڭ ئۆي بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 12 مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى4.85 مېتىر كېلىدۇ.بۇ ئۇزۇن ئۆينىڭ ئىچىگە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئىككى رەت چوڭ-چوڭ ئاشلىق ساقلاش ئىدىشلىرى

قويۇلىدىغان ئورەكچىلەر قېزىلغان بولۇپ، غەربىي رەتتە تۆت چوڭ ئورەكچە، شەرقىي رەتتە ئۈچ چوڭ ئورەكچە ساقلىنىپ قالغان. ئورەكچىلەرنىڭ ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1.70~1.60 مېتىر ئەتراپىدا، مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىسكىلات ئەينى ۋاقىتتىكى خان جەمەتىدىكى مەلۇم بىر جەمەتنىڭ ئاشلىق يېمەكلىك ساقلاش ئىسكىلاتى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنكەن. چۈنكى، خان ئوردىسى جايلاشقان خان جەمەتى ۋە ۋەزىر سانغۇنلار تۇپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ئوردا شەھەرچىسى ئىچىدىكى بىر قانچە ئورۇندا بۇ خىلدىكى خارابە ئىزلىرىنى يەنە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

### 2. چوڭ ئىبادەتخانە رايونى شەرقىي شىمال كىچىك ئىبادەتخانىسى

بۇ ئىبادەتخانە خارابىسى شۇ ئەتىراپتىكى چوڭ ئىبادەتخانە خارابىسىدىن قالسا، ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان بىردىن بىر ئىبادەتخانە خارابە ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق بوران چاپقۇن تەبىئى ئاپەتلەر سەۋەبىدىن كۆپ قىسىم جايلىرى بۇزۇلۇپ پەقەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26.5 مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 14 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 مېتىر، كەڭلىكى8.5 مېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 7_8 مېتىردىن ئوشۇق كېلىدۇ. بۇ خارابىلىكنى قېزىش جەريانىدا ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە يېقىن جايدا بىر قەدىمكى قۇدۇق ۋە بىر سۇ ياكى ئاشلىق ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ئىدىش (چېقىۋېتىلگەن )ئورنى بايقالدى. بۇ يەردىمۇ يەنە باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش ئىبادەتخانە پولىغا ياتقۇزۇلغان كۆك خىش پارچىلىرى ۋە كۆك ساپال ئەسۋاپ پارچىلىرى بايقالدى.

### 3. قەدىمكى كاڭ ئىزى

بۇ خارابە ئىزى چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بايقالغان بولۇپ، ئىچكىرى تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيدە يەنى شەرىق تەرەپتىكى ئۇزۇنلۇقى 9.40 مېتىر؛ كەڭلىكى 2.45 مېتىرلىق ئۆيدە قىشلىق ئىسسىنىدىغان كاڭ؛ غەربىي تەرەپتىكى ئۇزۇنلۇقى 9.50 مېتىر؛ كەڭلىكى ئىككى مېتىرلىق ئۆيدە يازلىق كاڭ بايقالغان. قىشلىق كاڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.25 مېتىر؛ كەڭلىكى 1.70 مېتىر بولۇپ، يەنە 75 سانتىمېتىر ئورۇن تىندۇرما كاڭ قىلىنغان. يازلىق كاڭنىڭ كەڭلىكى 2.00 مېتىر؛ ئۇزۇنلۇقى 1.45 مېتىر بولۇپ يەنە غەربىي تەرەپتىن تامغا يۆلەپ ئۇزۇنلۇقى 1.45 مېتىر؛ كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر قىلىپ ئۇزارتىلغان. قىشلىق ئۆينىڭ شىمالى تېمى بىلەن كاڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ ياكى ئاشلىق ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىدىش ئورنى بايقالدى. شەرقىي تامدا بولسا بىر ئۆيۈق_تەكچە بولۇپ، تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنى قويۇش ئۈچۈن ياسالغان.غەربىي تام كاڭغا يېقىن جايدا بىر مورا_ ئوچاق بايقالدى. بۇ ئىككى ئېغىز بىر يۈرۈش ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئۆزئارا كىرىپ چىققىلى بولىدىغان ئىشىك ئورنىنىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، چوڭ ئىبادەتخانىنى مەركەز قىلىپ ياسالغان بۇ خىلدىكى راھىپلارنىڭ تۇرمۇش ئۆيلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدا قىشلىق ياكى يازلىق كاڭلار بايقالدى. كاڭنىڭ بۇنداق قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئايرىلىشى ئەلبەتتە رايونىمىزنىڭ ھاۋا كېلىماتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئالىملار چوڭ ئىبادەتخانە ۋە بۇ قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىلىرىنى قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ياسالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ كاڭلار قوچو ئۇيغۇرلىرىدىكى كاڭچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەمەلى ئەۋرىشكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 4.مەركىزى تۈۋرۈكلۈك تەكچىلىك بۇددا مۇنارى قەسرى

بۇ چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان، بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانە خارابە ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 2008 _ يىلى8 _ ئايدا نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش رېمونت قىلىش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئىبادەتخانىنىڭ شەكلى تۆت چاسا، مەركىزىدە چاسا تەكچىلىك بۇددا مۇنارى بولۇپ، تىپىك قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانە بىناكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر؛ كەڭلىكى 13 مېتىر؛ مەركىزىدىكى تەكچىلىك بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.70 مېتىر، كەڭلىكى 6.60

مېتىر؛جەنۇب تېمىدا ئۈچ قەۋەت (ھەر قەۋەتتە يەتتىدىن كىچىك بۇت تەكچىسى بار) كىچىك بۇت تەكچىسى، بىر قەۋەت چوڭ بۇت تەكچىسى (بۇ قەۋەتتە ئۈچ چوڭ تەكچە بار) ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تەكچىلەردىكى ئەينى ۋاقىتتا بېرىلگەن رەڭ بوياقلارنى ھېلىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. تەكچىلىك بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي تېمىدا ئەسلى بىر زور بۇددا ھەيكىلى بولۇپ، تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىنمىغان، بىراق بۇت ھەيكىلى ئولتۇرغۇزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 3.20 مېتىر؛ كەڭلىكى 2.50 مېتىر كېلىدىغان سۇپا ئىزناسى ساقلىنىپ قېلىنغان.

## 5. ئىچكى شەھەر سېپىلى ئىبادەتخانىسى

بۇ ئىچكى شەھەرنىڭ غەربىي تېمى يەنى چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىرلەر ئىلگىرى گېرمانىيەلىك گرۇنۋېدىل ۋە لىكوكلار بۇ جايدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋېلىش بىلەن بىرگە بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئالاقىدار بىر قىسىم قىممەتلىك تام رەسىم ۋە ۋەسىقىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار بۇ خارابىگە ‹‹a›› ئىزى دەپ نام بەرگەن.

بۇ قېتىمقى قېزىش جەريانىدا تويا دۆۋىسى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ خارابە ئىزىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىبادەتخانە تاملىرى ۋە ئۇستىگە چىقىشتا ئىشلىتىلگەن پەلەمپەي ئىزنالىرى، ئۇستىدىن چوڭ ئىبادەتخانە تەرەپكە ئۆتىشكە بولىدىغان ئەگمە تورۇسلۇق يان ئىشىكى قېزىپ چىقىلىپ تازىلاندى.

## 6. شەرقىي جەنۇبى قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىسى

ھازىر ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزىدىن قارىغاندا بۇ بىر يۇرۇش خام تۇپا كېسەك قۇرۇلمىلىق قۇرلۇش بولۇپ، تاملىرى خام تۇپىنى لاي قىلىپ ياكى نەمدەپ خاڭداپ سوقۇپ ، تورۇسىنى كېسەك بىلەن ئېگىپ ياسالغان؛ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر،كەڭلىكى 16 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شەرىقتىن غەرىپكە قاراپ 9 ئېغىز ئۆي ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇنى شۇ بولدۇكى، قېزىش جەريانىدا شەرق تەرەپتىكى بىرىنچى ئېغىز ئۆي پول قىسمىدىن ئاز ساندا تام رەسىملىرى بايقالدى. بۇ بەلكىم كىچىك تىپتىكى يۇقراۋى ئىبادەتخانە ئىزناسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنداق ئۆي تېگىدىن تام رەسىم بايقىلىشى قوچو قەدىمكى شەھىرى ئىچىدە يۇنجى قېتىم بولۇپ، نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ رەسىملەرگە قارىتا رېمونت قىلىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تازىلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

## 7. شەرقى بۆلەك قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىسى

بۇ قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرق تەرەپ ئوتتۇرا قىسمىغا يەنى ئوردا شەھەرچىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدىنلا بۇ جايدا نۇرغۇن يىللىق بوران چاپقۇنلاردىن ئامان قالغان 3ـ4 ئېغىز قەدىمكى تۇرالغۇ خارابىسى بار ئىدى. بۇ قېتىمقى قېزىش ـ تازىلاش جەريانىدا بۇ خارابە ئىزىنىڭ شەرىق تەرىپىدىكى ئىلگىرى يەرلىك دېھقانلار ئېتىزلىققا بېرىپ - كېلىشتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تۈز يول ئاستىدىن قەدىمكى ئىبادەتخانە خارابە ئىزى بايقالدى. بۇ خارابە ئىزىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىن قارىغاندا بۇ بىر مەركىزى تۈۋرۈكلۈك ئايلانما كارىدورلۇق ئىبادەتخانە بولۇپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تام ئىزنالىرى، ئىبادەتخانە تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئۇلىغا قويۇلغان يۇمۇلاق چېچەك (نىلۇپەر) نەقىشلىك ئۇل تاش قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرق تەرەپ يەر ئاستىدىمۇ نۇرغۇن خارابە ئىزلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، قەدىمكى شەھەرنىڭ بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## 8. سەكسەن بۇرجەك ئىبادەتخانىسى

بۇ قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان بىر بۇددا مۇنارى، بىر ئىبادەتخانە بىر گەۋدە

قىلىنغان كىچىك تېپتىكى ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر سەكسەن بۇرجەك ياكى سەكسەن بۇرجەك ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتايدۇ. ئىبادەتخانا ئىچىدىكى تورۇس يان تاملىرىدا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان رەڭلىك تام رەسىملەر بار. بۇ ئىبادەتخانا قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە (12-، 13-ئەسىرلەردە) بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئىبادەتخانا ئەتراپىنى قېزىش تازىلاش جەريانىدا نۇرغۇن ساپال كاھىش پارچىلىرى بايقالدى. بۇ ئىبادەتخانا خارابە ئىزىمۇ نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، قوچو قەدىمكى شەھىرىنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى تۇرپاننىڭ تارىخىنى، دىنى ئېتىقادىنى، مەدەنىيەت - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تازىلاش جەريانىدا يېڭىدىن تاسادىپەن بايقالغان يۇقىرىقى بىر قىسىم خارابە ئىزلىرى قوچو مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىسمەن بوشلۇقلارنى يەنە بىر قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە بەلگىلىك ئىلمى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قوچو قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش خىزمىتىدە قوغداش دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەرقانداق ئىش ھەرىكەتلەرگە قارىتا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنىڭ، قوغداش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(ئاپتور:تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان بىر كاللەك يىپەك رەختىنىڭ تازىلىنىش ۋە رەتلىنىش ئەھۋالى

مەريەمگۈل ئىبراھىم

2008 - يىلى 6 - ئايدا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسى يارغۇل قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ مەسئۇلى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان يوغان تېرەك تاغ ئارىسىدىن تېپىلغان بىر تاغارغا قاچىلانغان ‹‹بايلىق›› نى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مەسئولىغا تاپشۇردى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ خەۋەر تېپىشى بىلەن بۇ ‹‹بايلىق›› مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، تازىلاش، رەتلەش ئىشخانىسىدىكى تېخنىكا خادىملارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

مەن مۇشۇ بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان كەسپى خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىنچىكە ھەم جاپالىق ۋەزىپىنى دادىللىق بىلەن ئۈستۈمگە ئالدىم. چۈنكى بۇ بۆلۈم قۇرۇلغان يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان، 1000 پارچىدىن ئارتۇق يۇڭ، پاختا رەختتىن تىكىلگەن 2800 - 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر ۋە رەخت پارچىلىرى، 2000 پارچىدىن ئارتۇق قەغەز تۈرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، قەغەزنى كۆپ قەۋەتلىك قىلىپ تىكىلگەن قەغەز ئاياق ، بۆك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، 10 پارچىدىن ئارتۇق ئۈستىگە گۈل نۇسخىلىرى ۋە ئادەم سۆرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن تاۋار قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تازىلاپ، رەتلەپ، ھەر قايسى مۇتەخەسسىس ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپكەلدىم. بىراق، بۇ قېتىمقى تازىلاش، رەتلەش خىزمىتى مەن ئۈچۈن سالىمقى ئېغىر ، قىممىتى يۇقىرى بولغان بۇيومنى تازىلاش تېخى تۇنجى قېتىم ئىش ئىدى.

مەن ئالدى بىلەن خىزمەتدىشىم بىلەن بىرلىكتە، كونكرېت پىلان تۈزۈپ، شۇ بويىچە تەييارلىق خىزمىتىنى باشلىدىم. بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەم ئۆلگەن چاغدا، روبىرۇ شەكلىدە ياتقۇزۇلۇپ دەپنە قىلىنغان، كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ ناھايىتى قالايمىقان ھالەتتە تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايال جەسەتىنىڭ ئۈستىگە كەيگۈزۈلگەن بۇ يىپەك كىيىملەرنى بىر قەۋەت – بىر قەۋەتتىن ئاجرىتىپ، ئوخشۇشلۇق ھالدا بۇ ئىنچىكە، جاپالىق ۋەزىپىنى تاماملىدىم.

تۆۋەندە بۇ بىر كاللەك يىپەك رەختنى تازىلاش، رەتلەش ئەھۋالىدىن قىسقىچە دوكلات بېرىپ ئۆتىمەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان، ئۇزاق ۋاقىت تاشلىنىپ قېلىپ، ئاللىبۇرۇن قېتىپ، بىر كاللەك «ئەخلەت» كە ئايلىنىپ قالاي دېگەن بۇ «بايلىق» مېنى ھەقىقەتەنمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ بىر كاللەك يىپەك رەختنى بىر قانچە كۈن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق، بىر قانچە يىللىق خىزمەت تەجرىبەمگە ئاساسەن، رەسمى قول سېلىپ تازىلاش قارارىغا كەلدىم.

## 1.كاللەكلىشىپ كەتكەن يىپەك كىيىمنى ئاجرىتىش جەريانى

ئالدى بىلەن كىچىك چاڭ - تۇزان سۈمۈرگۈچنى ئىشلىتىپ ، بۇيۇمنىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى چاڭ - تۇزانلارنى تازىلىدىم، ئاندىن ئۇچى ئۈچلۇق تۆمۈر قىسقۇچنى ئىشلىتىپ، قېتىپ كاللەكلىشىپ قالغان ، يىپەك كىيىملەردىكى ئېلىۋېتىشكە بولىدىغان ھەر - خىل ئەخلەت قاتىملارنى تازىلىدىم. ئاندىن تەييارلانغان 30% لىك ئىسپىرت ئېرىتمىسىنى، چاسا قىلىپ كېسىپ تەييارلانغان خام شۈەنجى قەغەزگە پۈركۈپ، يېرىم كۈن دۈملەپ ، دۈملەنگەن قەغەزنى كاللەك رەختنىڭ ئاستى- ئۈستى ھەتتا كىچىك يۇچۇقلىرىغىچە قىستۇرۇپ ، تەييارلانغان قېلىن يالتىراق بىلەن ئوراپ، يېرىم كۈن دۈملىگەندىن كېيىن، ئۈستىدىكى يالتىراق ۋە قەغەزلەرنى ئاستا ئېلىۋېتىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسە پەرق ئەتكىلى بولىدىغان، ئادەم بەدىنىدىن

چىققان ھەر خىل سۇيۇقلۇقلار، لاي ـ لاتقىلار بىلەن بىرىكىپ قېتىپ كەتكەن، ئەمەلىيەتتە ئىسپىرت ئېرىتمىسى بىلەن ئازراق بولسىمۇ يۇمشىغان يىپەك كىيىم ـ كېچەكلەرنى بىر تەرىپىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا ئاجرىتىشقا باشلىدىم. كىيىمدىن چىقىۋاتقان ھەر خىل بەدبۇي پۇراقلار، ھەر بىر قەدەمدە ئۇچراۋاتقان ئۇگۇشسىزلىقلار مېنى خېلىلا گاڭگىراتقان ھەم چارچاتقان بولسىمۇ، قەتئىي بوشاشماي، يەنىلا بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ، كىيىمنىڭ ئۈستىدىكى ھەر بىر يىڭنە بىلەن تىكىلگەن جاينىڭ ئىزناسى، رەڭگى ئاللىبۇرۇن ئۆڭۈپ سۇسلىشىپ كەتكەن كىيىم ئۈستىدىكى گۈل نۇسخىلىرى قاتارلىق مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلماي، 10 قانچە كۈن تىرىشىش ئارقىلىق، جەسەتكە كەيگۈزۈلگەن كىيىمنىڭ ئەڭ سىرتىدىكى قەۋىتىنى ئوڭۇشلۇق ئاجرىتىپ ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىر پارچە «كالىلەك يىپەك رەخت» نى يالىتىراق بىلەن ئوراپ قويۇپ، ئاجرىتىش خىزمىتىنى ۋاقتىنچە توختاتتىم.

### 2. يۇيۇپ ـ تازىلاش جەريانى

ئاجرىتىپ ئېلىنغان بۇ بىر پارچە يىپەك رەختنى رەخت تۈرىدىكى قەدىمىي بۇيۇملارنى مەخسۇس يۇيۇپ تازىلايدىغان چوڭ داسقا بىر قەۋەت يۇمشاق تورنى (ئادەتتە پاختا رەخت ياكى يۇمشاق تور ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بىر پارچە يىپەك رەخت بىر قەدەر مىنەت بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ئۇششاق تۆشۈكلۈك يۇمشاق تورنى ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم) سېلىپ، ئۈستىگە ئاجرىتىپ ئېلىنغان بۇ بىر پارچە يىپەك رەختنى ئاستا تەكشى يېيىتىپ ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇنىڭ جەسەتنىڭ ئەڭ ئۈستىگە كەيگۈزۈلگەن ، ئۇزۇن يەڭلىك ، قىسقا يىپەك كىيىم ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم. كىچىك پارچىسىنى ئېلىپ، رەخت رەڭگىنىڭ ئۆڭىدىغان ـ ئۆڭمەيدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلىپ، رەڭگىنىڭ ئۆڭمەيدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ ، ئاندىن تەييارلانغان كىچىك چوتكا، تۇمۇر قىسقۇچ، بامبۇك ياغىچىدىن ياسىۋالغان كىچىك پىچاق قاتارلىق ئەسۋاپلارنى ئىشلىتىپ، كىيىمنىڭ ياقا تەرىپىدىن باشلاپ، ئازراق ـ ئازراقتىن سۇ قۇيۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تازىلاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتىم . ئاللىقاچان ئېلاستىكىلىقىنى يوقاتقان بۇ يىپەك رەخت ، قول قاتتىقراق تېگىپ كەتسىمۇ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى، شۇڭلاشقا باشتىن ـ ئاخىر چوقۇم سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل مەشغۇلات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ خىزمەت مېنىڭدىن ھەم ناھايىتى سەۋرچانلىق ھەم ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلاتتى.

شۇ تەرىقىدە كىيىمنىڭ بىر تەرىپىنى 10 قانچە كۈن ئىنچىكىلىك بىلەن تازىلىغاندىن كېيىن، (كەسپى تەلەپ بويىچە، بەزى يۇيۇپ چىقىرىشقا بولمايدىغان داغلار شۇ پېتى ساقلاپ قېلىنىدۇ) ئۈستىگە ئوخشاش يۇمشاق كىچىك تۆشۈكلۈك تورنى يېپىپ، كەينى تەرىپىنى ئۆرۈپ، ئوخشاش ئۇسۇلدا تازىلاش ئېلىپ باردىم ھەم تېخنىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا تازىلاپ، رەتلەپ چىقتىم.

### 3. رەتلەش جەريانى

يۇيۇپ تازىلانغان يىپەك كىيىمنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق لۆڭگىنى بېسىپ، (ئادەتتە سۇ سۈمۈرىدىغان قەغەز ياكى يۇمشاق لۆڭگە ئىشلىتىلىدۇ) ئۈستىدىكى سۇلارنى سۈمۈرتۈپ، يېرىم قۇرۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۈستى تەكشى ئۈستەل ئۈستىگە پاختا رەختنى يېيىتىپ، تازىلانغان يىپەك كىيىمنى رەخت ئۈستىگە ئۆرۈپ قويدۇم. بۇ باسقۇچ تېخىمۇ ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىگە يېيىتىلغان يىپەك كىيىمنىڭ قاتلانغان، پۈرلەشكەن جايلارنى تۇمۇر قىسقۇچ بىلەن ئوڭشاپ، كىيىمنىڭ ئۆرۈش يىپ (经线) ۋە (纬线) ئارقاق يىپلىرىنى، كىيىم ئۈستىدىكى سۇس گۈل نۇسخىلىرىنىڭ يۇنۇلۇشلىرىنى ئۆز ـ ئارا ماس كەلتۈرۈپ، كىيىمنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ئازراق بولسىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بىر پارچە رەختنىڭ جەسەتنىڭ ئەڭ سىرتىغا كەيگۈزۈلگەن كىيىم ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدىم. ئاندىن بۇ بىر پارچە يىپەك كىيىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تازىلاپ ھەم رەتلەپ چىقتىم. بۇنىڭ بىلەن بۇ بىر پارچە كالىلەك يىپەككە بولغان ئىشەنچ ۋە قىزىقىشىم تېخىمۇ ئېشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ

قىلىپ (ئاجرىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى ئاجرىتىش خىزمىتىنى بىر قانچە ئاي توختىتىشقا توغرا كەلدى) ئارقا ـ ئارقىدىن بىر دانە قىسقا يىپەك يوپكا، بىر دانە قىسقا تاۋار يوپكا، بىر دانە يىپەك كەمزۇل، بىر دانە يىپەك ئاسما كاناي پۇشقاق ئىشتان، بىر دانە تاۋار قىسقا كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان، بىر دانە تۇمار قاتارلىق تولىمۇ قىممەتلىك بولغان يىپەك كىيىملەرنى مۇۋەپپىقىيەتلىك هالدا هەم بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ چىقاردىم هەم تازىلىدىم. ئەڭ ئاخىرقى قەۋىتىنى ئاجراتقان ۋاقتىمدا، ئويلىمىغان نەتىجە كۆرۈلۈپ، ماڭا تېخىمۇ ئىلھام بولدى. كىيىمنىڭ بۇ قەۋىتىمۇ خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن يېرىم يىلدىن كۆپرەك توختىتىپ قويۇلغاچقا، يەنىلا بۇرۇنقى هالىتىدەك پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاتما هالەتكە كېلىپ قالغانىدى.



1ـ رەسىم كىيىمنى ئاجرىتىشتىن بۇرۇنقى هالىتى (1ـ رەسىمگە قاراڭ)

مەن يەنىلا ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان تۈزۈپ، شۇ بۇيىچە 12 سائەت ئەتراپىدا دۇملەپ يۇمشىتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئاجرىتىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇ تەرىقىدە بىر قانچە كۈن تىرىشىش ئارقىلىق، ئەمدىلىكتە، جەسەت كىيىمنىڭ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان باش تەرىپىدە، ئۆز ۋاقتىدا بويۇن قىسمىغا بېزەك ئورنىدا ئېسىپ قويۇلغان، مۇكەممەل ساقلانغان تۆت چاسا شەكىلدىكى تۇمارنى ئاجرىتىپ ئالدىم.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، هازىرغا قەدەر تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمي كىيىم ـ كېچەك، قۇرۇق جەسەتلەر ئىچىدىن پەقەتلا ئىككى خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان ئورۇنغا ئېسىلغان بېزەك بايقالغان. بىرى، (ئالدىنقى ماقالامدا تىلغا ئېلىنغان) سىڭگىم ئېغىزى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بېزەك ئورنىدا كىيىمنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ يان تەرىپىگە ئېسىۋالىدىغان رەڭلىك قاپچۇق. يەنە بىرى، مەزكۇر ماقالىدىكى جەسەت دەپنە قىلىنغان چاغدا بېزەك ئورنىدا بويىنغا ئېسىپ قويۇلغان چاسا شەكىلدە قاتلاپ تىكىلگەن تۇمار شەكىللىك بېزەك. ئوخشاش بولمىغان ئورۇنغا ئېسىلغان بۇ ئىككى خىل بېزەك ـ ئوخشاشلا خانىم ـ قىزلارنىڭ پۇراقلىق بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان بۇيۇم ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

كېيىنكى قەدەمدە، جەسەتنىڭ بۇ قەۋىتىگە كەيگۈزۈلگەن، قىسقا، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتاننى ئاجرىتىپ ئالدىم. ئەڭ ئاخىرىدا، جەسەتنىڭ ئىچكى قەۋىتىگە كەيگۈزۈلگەن ئاسما، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتاننى خېلى ياخشى ساقلانغان هالەتتە ئاجرىتىپ ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىم ساقلانغان كىيىمنى ئاجرىتىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئوڭۇشلۇق تاماملاندى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆۋەندە ئاجرىتىپ ئېلىنغان كىيىملەرنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. سېرىق رەڭلىك تاۋاردىن تىكىلگەن، ئۇزۇن يەڭلىك قىسقا كۆڭلەك.** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان

بۇ كۆڭلەك، ئالدى ـ كەينى پەشلىرى قىسقا، يېڭى ئۇزۇن ھەم كاناي شەكلىدە، ھازىرقى زامانىدىكى خانىم ـ قىزلارغا مودا بولىۋاتقان كىيىم پاسونىدا تىكىلگەن بولۇپ، جەسەتنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋىتىگە كەيگۈزۈلگەن. بۇ كىيىم بىزگە ئەينى چاغدىكى كىيىم ساھەسىنىڭ ئىسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بەردى. كىيىمنىڭ سول تەرىپىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، سول تەرىپىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 55 سانتىمېتىر، كىيىمنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، كىيىمنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ بىر يېڭىنىڭ ئۇچىغىچە ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 91 سانتىمېتىر، ساقلىنىپ قالغان يەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55 سانتىمېتىر، يېڭىنىڭ كەڭلىكى 29 سانتىمېتىر بولۇپ، كىيىمنىڭ ساقلىنىپ قالغان سول تەرىپىنىڭ ئاستى يان گىرۋىكىگە 7.7 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېچىلغان چەك قويۇلغان.

2 ـ، 3 ـ رەسىمگە قاراڭ


(2 ـ رەسىم تاۋار كۆڭلەكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى)


(3 ـ رەسىم تاۋار كۆڭلەك ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كېسەللىك ئەھۋالى)

**2. سېرىق رەڭلىك شايىدىن تىكىلگەن كەمزۇل.** ئالدى ئۈچۈق، ئۈچۈق سېرىق رەڭلىك شايىدىن تىكىلگەن بۇ يىپەك كەمزۇل – جەسەتكە كەيگۈزۈلگەن كىيىملەرنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە كەيگۈزۈلگەن كىيىم بولۇپ، ھازىرغا قەدەر پارقىراقلىقىنى يوقاتمىغان. شايى رەخت - بىزگە ئەينى چاغدىكى يىپەكلەرنىڭ شۇ قەدەر پارقىراق، سىپتا، ئىسىللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلدۇردى. كىيىمنىڭ ئالدى سول تەرىپىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى، ئوڭ تەرىپى ۋە كەينى تەرىپىنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن. كىيىمنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1.59 مېتىر، كەڭلىكى 1.05 مېتىر، كىيىمنىڭ سول يېرىم تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 46.5 سانتىمېتىر، ياقىسىنىڭ ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىدىكەن (4 ـ، 5 ـ رەسىمگە قاراڭ ).


(4 ـ رەسىم تاۋار كەمزۇلنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى)


(5 ـ رەسىم تاۋار كەمزۇلنىڭ ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كېسەللىك ئەھۋالى)

**3. سىرىق يىپەكتىن تىكىلگەن قىسقا يوپكا.** بۇ يىپەك يوپكىنىڭ تىكىلىشى ئالاھىدە بولۇپ، ئۈچ پارچە يىپەكنى ئۆزئارا ئۇلاش ئارقىلىق تىكىلگەن. يوپكىنىڭ كەينى تەرىپى بىر پارچە، ئالدى تەرىپى ئىككى پارچە يىپەكنى ئۇتتۇشمە ھالەتتە كەلتۈرۈپ تىككەن، يوپكىنىڭ ئوڭ تەرىپى سول تەرەپنى بېسىپ تۇرغان. يوپكىنىڭ ئۇزۇنلىقى 72 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 59 سانتىمېتىر. يوپكىنىڭ ئالدى ئوڭ تەرەپ ساقلىنىپ قالغان پارچىسىنىڭ كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، سول تەرەپ ساقلىنىپ قالغان پارچىسىنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر. ئۇزۇنلىقىنى يوپكىنىڭ ئەسلى ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ (6-، 7- رەسىمگە قاراڭ).





(6- رەسىم تاۋار يوپكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى) (7-رەسىم تاۋار يوپكىنىڭ ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كېسەللىك ئەھۋالى)

**4. شايىدىن تىكىلگەن يوپكا.** بۇ يوپكىنىڭ تىكىلىشمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدە بولۇپ، بەل قىسمىغا 8 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تاۋارنى قوش قاتلاپ تىكىپ بەللىك قىلغان، يوپكىدىكى گۈل نوسخىلىرى ئوچۇق. يوپكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پېشىل رەڭلىك تاۋاردىن ئىككى تال بوغقۇچ تىكىلگەن، بۇ بوغقۇچلار يوپكىنىڭ ئالدىنى چىگىش ۋە بوشىتىش رولىنى ئوينىغان. ھەر بىر تال بوغقۇچنىڭ ئۇزۇنلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 28 ، 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر. بەللىكنىڭ سول ئاستى تەرىپىگە يېشىل تاۋاردىن ئۇزۇنلۇقى 30.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر كېلىدىغان يالغان يانچۇق تىكىلگەن. ئوڭ تەرەپنىڭ ساقلىنىشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، بۇ تەرەپتە يانچۇقنىڭ بار - يوقلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. (8 -، 9 - رەسىمگە قاراڭ)





(8- رەسىم شايىدىن تىكىلگەن يوپكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى) (9-رەسىم شايىدىن تىكىلگەن يوپكىنىڭ ئۈستىدىكى ساقلانغان كېسەللىك ئەھۋالى)

**5. قىسقا، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان.** بۇ ئىشتاننىڭ تىكىلىشمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ساقلانغان ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاۋارنى قاتلاپ بەللىك قىلغان. بەللىك قىلىنغان بۇ تاۋار بەلنىڭ كەينى تەرىپىدىن چىگىلگەن، بەللىك قىلىنغان تاۋارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئايرىم — ئايرىم ھالدا ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى تال تاۋار بوغقۇچنى يۆگەپ، قىسقا ئۇچلىرىنى ئىشتاننىڭ ئىككى پۇشقىقىغا ئۇلاپ تىككەن، ئۇزۇن ئۇچىنى ئىشتاننىڭ سىرتقى تەرىپىگە ساڭگىلىتىپ قويغان. ئىككى پۇشقاقنىڭ ئارىلىقى 13 سانتىمېتىر، بۇ كىچىك ئىشتاننىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ ساقلىنىشى ئاساسەن ياخشى، پۇشقاقنىڭ ئاستى تەرىپى تىتىلىپ كەتكەن، ئىشتاننىڭ ساقلىنىپ قالغان ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، پۇشقاقنىڭ ئۇزۇنلىقى 35 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 37 سانتىمېتىر كېلىدۇ. (10- , 11- رەسىمگە قاراڭ)



(10-رەسىم كەڭ پۇشقاقلىق قىسقا ئىشتاننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى )



(11-رەسىم كەڭ پۇشقاقلىق قىسقا ئىشتاننىڭ ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كىسەللىك ئەھۋالى)

**6.كەڭ پۇشقاقلىق ئاسما ئىشتان.** تاۋاردىن تىكىلگەن بۇ ئاسما ئىشتان خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.40 سانتىمېتىر . ئىشتاننىڭ ئوڭ تەرەپ ئاسمىسى ياخشى ساقلانغان، سول تەرەپ ئاسمىسىنىڭ يېرىمى يوق. ياخشى ساقلانغان ئوڭ تەرەپ ئاسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىشتاننىڭ كۆكرەك قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 68 سانتىمېتىر . كۆكرەك قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۇزۇنلۇقى 56 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاۋار بوغقۇچنى قاتلاپ بېسىپ تىككەن. تاۋار بوغقۇچنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.8 سانتىمېتىر بولغان ئىككى تال بوغقۇچ كېيىنەك شەكلى چىقىرىلىپ 9 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ چېگىلگەن. ئىشتاننىڭ يوتا قىسمى كۆكرەك قىسمىغا ئۇلىنىپ، كۆپ پۇرۇم قىلىپ تىكىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئاسما ئىشتاننىڭ يوتا قىسمى تاراراق، ئاستى قىسمى كەڭ كاناي شەكلىدە بولغان، پۇشقاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 87 سانتىمېتىر، ئۈستى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 37 سانتىمېتىر، پۇشقاق ئاستىنىڭ كەڭلىكى 51 سانتىمېتىر. ئىشتاننىڭ سول پۇشقاق بەل بىلەن تۇتاشقان جايغا ئۇزۇنلۇقى 39 سانتىمېتىر، ئۈستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، ئاستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 3 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدىكى يالغان يانچۇق تىكىلگەن. ئىشتاننىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ساقلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس، پۇشقاقنىڭ يان تەرەپتىكى تىكىش يىپلىرى چىرىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئىشتاننىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان داغلار بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئەسلى رەڭگىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىدى. ئاساسلىق سېرىق، قىزىل رەڭلەر ساقلىنىپ قالغان. (12، 13 ـ رەسىمگە قاراڭ)





(12ـ رەسىم كەڭ پۇشقاقلىق ئاسما ئىشتاننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى )

(13ـرەسىم كەڭ پۇشقاقلىق ئاسما ئىشتاننىڭ ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كىسەللىك ئەھۋالى )

**7. تۆت چاسا شەكىللىك تۇمار بىزەك.** تاۋاردىن تىكىلگەن بۇ تۇمار شەكىللىك بىزەك، ئۆلگۈچىنىڭ بويىنغا ئېسىلغان بولۇپ، كىيىمنىڭ ئەڭ ئىچكى قەۋىتىنى ئاجراتقان چاغدا مۇكەممەل ھالەتتە بويۇن تەرىپىدە بايقالدى. بۇ تۇمارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 41 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاۋارنى قاتلاپ تىككەن. ساڭگىلىتىپ ئېسىلغان تۆت چاسا شەكىللىك تۇمارنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ئوخشاشلا 5 سانتىمېتىر بولۇپ، قاتلاپ تىكىلگەن تۇمارنىڭ ئىچىگە ئۈششاق يۇمشاق دانچىلار قاچىلاپ قويۇلغان . بويۇن قىسمىغا ئېسىلغان تاۋارنىڭ بويۇننىڭ سول تەرىپىگە كېلىدىغان قىسمى چىگىلگەن. تاۋاردىن تىكىلگەن تۇمارنىڭ ئۈستىدىكى گۈل نوسخىلىرى ئىنتايىن كۆركەم، رەڭلىرى ناھايىتى ئۇچۇق ساقلانغان. سىڭگىم ئېغىزى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، بىزەك ئورنىدا كىيىمنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ يان تەرىپىگە ئېسىۋالىدىغان رەڭلىك قاپچۇق بىلەن بۇ رەڭدار تۇمار ئوخشاشلا خانىم – قىزلارنىڭ پۇراقلىق بۇيۇملارنى قاچىلايدىغان بۇيۇمى بولۇشى مۇمكىنكەن.

( 14 - رەسىملەرگە قاراڭ، 15- 16، 17-)





( 14، 16 رەسىملەردىكى خىل قاپچۇقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى )

( 15،16–رەسىملەر ئىككى خىل قاپچۇقنىڭ ئۈستىدىكى ساقلىنىپ قالغان كەسلىك نەۋالى )

بۇ ئايال جەسەت دەپنە قىلىنغان چاغدا، ئۈستى تەرىپىگە ئىككى قەۋەت، ئاستى تەرىپىگە تۆت قەۋەت كىيىم كەيگۈزۈلۈپ، روبىرۇ ھالەتتە ياتقۇزۇلۇپ، دەپنە قىلىنغان دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ جەسەت، ئالدىنقى باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن ھەم ناھايىتى قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن بولغاچقا، بايقالغان چاغدا، پەقەتلا قاتما ھالەتتىكى كىيىملەر قالغان بولۇپ، جەسەتنىڭ ئۈستىخان – سۆڭەكلىرى بايقالمىغان.

نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئەينى چاغدىكى « ئېسىلزادىلەر » ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بۇ ئايال جەسەتنىڭ قاتمۇ – قات پۇزۇر كىيىملىرىنى ئوڭۇشلۇق ئاجرىتىپ، رەتلەپ چىقتىم.

نۆۋەتتە، بۇ يىپەك كىيىملەر ھەر قايسى ئەللەردىكى كەسىپ ئەھلى ۋە مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەھلىل ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇلاردا زور قىزىقىش پەيدا قىلماقتا. ئەلۋەتتە، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئىنسانلار جەمئىيىتى، يوقىرى قاتلام، ئوتتۇرا قاتلام، ئوتتۇرا يوقىرى قاتلام، تۆۋەن قاتلام دېگەندەك قاتلاملارغا بۆلۈنگەن. مەن تازىلىغان بۇ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ جەسەتمۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل ئىنچىكە تەتقىق قىلىشىمىزغا، تەھلىل قىلىشىمىزغا ئېھتىياجلىق.

( ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارى ئىدارىسىدا )

**تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

# تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى ئويۇن - تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## 1. تىياتىر سەنئىتىگە قىسقىچە تەبىر

تىياتىر سەنئىتى- ئەدەبىيات، گۈزەل - سەنئەت، مۇزىكا- ئۇسسۇل، ئورۇنداش ماھارىتى ، دېكراتسىيە، تەقلىدىي تاۋۇش، چىراغ ،گىرىم، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنىڭ بىر- بىرىگە ماسلىشىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ ئوينىلىدىغان ، دەۋر روھى ۋە ئىنسانلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى جانلىق ،ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر تۈرلۈك سەنئەتنى ئىبارەت.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيادا ئۇزاق تارىخى يىلتىزغا، دۇنياغا مەشھۇر مۇزىكا- ئۇسسۇلغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە ئوينىغان ئويۇن تىياتىرلىرىنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقى ، ئۇنىڭغا قانداق نام بەرگەنلىكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم . ئەمما ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقى قوللىنىۋاتقان تىياتىر ئاتالغۇسى چەتئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىبارە ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم . فرانسۇز تىلىدىكى theatre، ئىنگلىز تىلىدىكى theatre، گېرمان تىلىدىكى theatron (تىياتىرون) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ‹كۆرۈش مەيدانى›ياكى‹تاماشا قىلىش سورۇنى› دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. بۇ خۇددى قەدىمكى، گرېكلاردا ۋە رىملىقلاردا Ars (سەنئەت ) سۆزى قول ھۈنىرى ۋە ئىلىم –پەن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش ، ئىنگلىز تىلىدىكىArt فرانسۇز تىلىدىكىlart ،گېرمان تىلىدىكى kunst ئىبارىلىرىنىڭ « سەنئەت» دېگەن مەبھۇمى بىلەن بىللە يەنە «ماھىرلىق»، «ماھارەت»دېگەن مەنىسى بولغىنىغا ئوخشاش بىر –بىرىدىن قوبۇل قىلىش ، ئاخىرىدا دۇنياۋى (خەلقئارالىق ) ئاتالمىغا ئايلىنىش جەريانىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، ئەڭ دەسلەپتە گرېك تىلىدا theatron (تىياتىرون) دەپ نام قويۇلغان تىياتىر سەنئىتى ئەينى زاماندىكى ئىككىنچى تەبىئەت بولغان ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىجادىي پائالىيەت ۋە ئۇنىڭ لەززىتى بىلەن باشلانغان. تىياتىر سۆزىنىڭ مەنىسى ئىپتىدائىي چالغۇلار ۋە مۇزىكىلار ، ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار ۋە رەسىملەر ، دەسلەپكى يېزىق ۋە بىناكارلىق قاتارلىق ئىنسان پائالىيىتىدىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەت ماھارىتىگە قارىتىلغان ئىدى.

ھازىر بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان «تىياتىر» دېگەن ئىبارىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش كەڭ دائىرىدىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا بىز دراما ، كومېدىيە ، تراگېدىيە، مۇزىكىلىق دراما، ناخشىلىق ئوپېرا ۋە ئۇسسۇللۇق ئوپېرالارنى تىياتىر دەپ ئاتايمىز[1].

ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئاتالغان تىياتىر سەنئىتى ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كىنو سەنئىتى، تېلېۋىزىيە سەنئىتى، گۈزەل- سەنئەت قاتارلىق قېرىنداش سەنئەت خىللىرىنىڭ ياردىمى ، تولۇقلىشى ۋە ھەمكارلىقىغا مۇھتاج. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەنئەت خىللىرىنىڭ تىياتىر سەنئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مەلۇم جەھەتتە ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىق مەۋجۇت ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەرق ۋە ئوخشىماسلىقلارمۇ خېلى كۆپ.

تىياتىر سەنئىتى- تۇنۇگۈنكى ، بۈگۈنكى ۋە ئەتىدىكى رېئال ھايات كارتىنىسىنى سەھنىدە ئۆز سىياقىدا ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىشكە قادىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلگىلىك بوشلۇق ۋە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ جەريانى ، ئەمەلىيىتى ۋە تەپسىلاتلىرىدىن تارتىپ ھەغداسىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ ھەمدە جانلىق پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى ھېسسىياتلىق ، تۇرمۇشلۇق، تەبىئىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مەلۇم دەۋر شارائىتى ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەكشىسىز ھاياتى ۋە تەسىرلىك ئىش- ئىزلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا جانلىق ھېكايە قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاماشىبىنلارغا ئېنىق كۆرەلەيدىغان ، ئاڭلىيالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان پۇرسەتنى تۇغدۇرۇپ بېرىش

ئارقىلىق ئۇلاردا چىن ھېسسىيات ۋە ئىشەنچ ھاسىل قىلالايدۇ. تىياتىر- ئۆتمۈشتىكى تارىخنى ، بۈگۈنكى رېئال دەۋرنى ئۆز شەكلىدە ئىپادىلەپ بېرىش ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئىستەك ، قايغۇ — شادلىقلىرىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ستىرولۇق ، سىمفونىيەلىك ، گارمونىيەلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تىياتىردىكى ئىپادىلەش كۆپ قىرلىق ، رېئال، ئەمەلىي،كونكرېتنى ۋە جانلىق ئىپادىلەشتۇر②.

## 2. قەدىمكى ئويۇن- تىياتىر ماكانى- تۇرپان

تارىخ - ئارخېئولوگىيە مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا ، قەدىمدىن ئويۇن — تىياتىر ماكانى بولۇپ كەلگەن تۇرپان يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئەجدادلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت رايونىغا ئايلانغان. مەسىلەن ، 1993-يىلى يارغول كۆلىنىڭ غەربىدىكى تەكشى تۆپىلىكتىن بايقالغان كونا تاش قورال ئىزى ③،پىچانىدىكى دىغار، ئىندۇر قۇش قاتارلىق ئوتتۇرا تاش قورال ئىزلىرى ④، ئايدىڭكۆل، سىڭگىم، ئاستانە ۋە ئۈرۈمچىدىكى سەيۋوپۇ قاتارلىق يېڭى تاش قورال ئىزى ⑤قاتارلىق ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلار ۋە يادىكارلىقلار بۇ مۇنبەت زېمىندا 50-20مىڭ يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىدىن تارتىپلا ئەجدادلار پائالىيەت قىلىپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت- سەنئەت ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يۇقىرىقىدەك ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋادىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىپتىدائىي غار-ئۆڭكۈر تۇرمۇشى ئەجدادلارنىڭ ھايات-پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىجتىمائىيلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ بىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ئىقتىدارىغا ئەقىل چىغرىقى ، تەسەۋۋۇر ۋە خىيال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ھېسسىياتچان قابىلىيەتلەرنى ئاتا قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن غار- ئۆڭكۈر تۇرمۇشىدىكى ئەجدادلار ھەر خىل خىيال ، ھەر خىل تەسەۋۋۇر ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپتىدائىي تەپەككۇر ۋە روھ-ئىلاھىيەت ، ئېتىقاد قارىشىغا ئىگە پاراسەتلىك ئادەمگە ئايلاندى. كېيىنچە ئوتنىڭ تىزگىنلىشى، ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى ، ئۇلاغنى بىۋاستە ئوزۇقلۇق ئوبيېكتى قىلىشتىن ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈش ، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە ھايۋان كۆندۈرۈش ،ئىپتىدائىي ناخشا- ئۇسۇل ۋە ئويۇن —تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋەھاكازالار بىلەن بىللە ئەجدادلار تۇرمۇشىدا ھەرخىل قىزىقارلىق ،يۇمۇرلۇق ،كومېدىيەلىك كوللېكتىپ ئويۇنلار بارلىققا كېلىشكە ياشلانغانىدى. بۇ ئالامەتلەر ئەڭ دەسلەپكى ئويۇن- تىياتىرلارنىڭ يىلتىزى ،بىخلىنىشى، ئۆسۈپ چىقىشى ئىدى.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلار ئىسپاتلىدىكى، دىيارىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرى ھەقىقى مەنىسى بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئۆز -ئۆزىنى بىلگەن، مۇئەييەنلەشتۈرگەن، تەشكىللىگەن ۋە ئىپادىلەشكە قەدەم قويغان، تىپىك ئىپتىدائىي — ئېتنىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان دەۋرى بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئەجدادلار ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىكىدەك تەييار غار-ئوڭكۈرلەرنى تۇرمۇش مۇھىتى سۈپىتىدە ، تەييار ئوزۇق ئوبيېكتلىرىنى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە مېۋە تېرىۋېلىش نىشانى سۈپىتىدە قاراپ ياشىغىنى يوق. ئۇلار ئەمدىلىكتە سىلىقلاپ، قىرىپ — ئويۇپ، ئۇلاپ، ھەر خىل تاش قوراللار ياسىدى، ساپال ۋە توقۇلمىلارغا ئابستىراكىت فىگورا — نۇسخىلار سىزىشتى، كەپە ۋە چېدىرلار تىكىشتى، ئۆيدە ھايۋان كۆندۈرۈش، دەسلەپكى تېرىقچىلىق، ئاددىي شەكىلدىكى مال ئالماشتۇرۇش ۋە يىراق قاتناش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئىپتىدائىي ئېتىقاد، خىلمۇ-خىل ئىلاھ- مەبۇدىلارغا سېغىنىش، تۆتەم ئاجايىپاتلىرى، ئىپتىدائىي ناخشا-ئۇسۇل، تىياتىر ئويۇنلىرى، ئەپسانە- رىۋايەت ۋە مىللىيەتلىك مۇشۇ مۆجىزىدار دەۋردە ئاپىرىدە بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ مەيدانغا چىققان برونزا (تۇچ) قوراللىرى دەۋرى كروران گۆزىلى ياشىغان دەۋر، ھەر خىل ئۇسۇللۇق ئويۇنلار بىلەن كوللېكتىپ مۇراسىملىق ئويۇنلار ۋە تۇرلۇك قىياپەتتىكى ھەيكەل-قورچاقلار ئاپىرىدە بولغان دەۋر، ھەر خىل كومېدىيىلىك، يۇمۇرلۇق، مەسخىرىلىك، قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن تىياتىر خاراكتېرىدىكى ئارىلاشما ئويۇنلار ئىپادىلەنگەن قىياتاش سىزمىلىرى يارالغان دەۋر، ئارىيان-توران، قوش-غوز قەبىلىلىرى ھارۋا (قاڭقا) ياسىغان ۋە كېچىكمەي ئاتلىق ئوقياچىلارغا ئايلانغان دەۋر، ھۈنەر-كەسىپ پىرلىرى بىلەن شامان كاھىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولغان دەۋر، ئەندىزە ، نۇسخا، ھۈنەر-كەسىپ قېلىپلىرى گېئومېترىيەلىك

قائىدىلەر بىلەن ئېتنولوگىيەلىك روھىيەت تېپىنى بىرلەشتۈرگەن دەۋر بولدى. ئىنسانىيەت قانداق ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولمىسۇن، ھېلىمۇ ئۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياراتقان مەدەنىيەت ئەندىزە نۇسخىلىرى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت، سەنئەت، ئادەت، ئېتىقاد، فولكلور ۋە روھىيەت يىلتىزلىرىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق!

مەلۇمكى، دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ ياۋايىلىق، توپ-پادىلىق، ۋارۋارلىق، نادانلىق ۋە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىكى ئەجدادلىرى جاھالەت دەۋرىدىكى ھايۋانات دۇنياسى بىلەن كۈرەشلىرىدە ئۆز غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆزىنىڭ ھايۋانلاردىن ئۈستۈنلىكىنى ھېس قىلىشقا ۋە ئۇنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە قىزىققان ھەمدە ئۇنى ئېگىز قىيا تاشلارغا ئەينەن سىزىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق رەسىملەر دەسلەپىدە ناھايىتى ئاددىي يالاڭ سىزىقلار بىلەن، كېيىنچە قېلىن ۋە سوس سىزىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭ بىلەن سىزىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئوقيا تۇتقان مەرگەن سۈپىتىدە ئوۋ نىشانى بولغان ھايۋانلارنىڭ جىددىيلىك پەيتىدىكى كۆرۈنۈشىنى سىزىش ئارقىلىق ئوۋ غەلىبىلىرىنى خاتىرىلىگەن. ئۇلار ھايۋاننى قوغلاۋاتقان، ئوقيا-نەيزە تەڭلەۋاتقان ، قوللىرىدىكى قوراللىرىنى ھايۋانلارغا قارىتىپ قارىغا ئېلىۋاتقان ، بۇغا، ئارقار، كېيىك، جەرەنلەر قېچىۋاتقان قىياپەتتە، يولۋاس، شىرلار خىرىس قىلىش قىياپىتىدە، ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىش ھالىتىدە سىزىلغان بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتى ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ھايۋان ئوبرازى بىرىنچى ئېستېتىك ئورۇندىن قالدى. بۇ چاغدا خېلى مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت- نەزەرى ئادەم ئوبرازىغا ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم ئوبرازى كۆپىيىپ ھايۋان ئوبرازى ئازىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان پائالىيىتى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئاساسى تېمىسىغا ئايلاندى. ھەر خىل ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر، كوللېكتىپ مۇراسىملىق پائالىيەتلەر، ھايۋان ھەرىكىتى ۋە ئىنسان پائالىيىتىگە تەقلىد قىلىنغان قىزىقارلىق ئويۇنلار، كومېدىيەلىك ، مەسخىرىلىك قىزىقچىلىقلار ۋە باشقا تىياتىرلىق خاراكتېر ئالغان ھەر خىل ئويۇنلار قىيا تاش رەسىملىرىدە بارغانسېرى كۆپلەپ ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

تارىخ، ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىدىن مەلۇمكى، ھەر خىل كومېدىيەلىك تىياتىرلىق ئويۇنلار باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى . قەدىمكى ئەجدادلار تەبىئەت بىلەن كۈرەشتە ، ئوۋچىلىق ۋە ئەمگەك جەريانلىرىدا ، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى جەڭلەر ۋە ئىپتىدائىي ئىبادەت مۇراسىملىرى جەريانلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ- ھەسرەت ياكى غەلىبە شادلىقلىرىنى ئەنە شۇنداق كومېدىيەلىك تىياتىرلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدى. قىزىقارلىق، كومېدىيەلىك ھەرىكەت، ھاياجان، تەسىرلىنىش قاتارلىقلار تەدرىجىي رەۋىشتە ئىپتىدائىي تىياتىرلىق ئويۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئوۋچىلىق ئويۇنلىرى، ئەمگەك ئويۇنلىرى ئەڭ قەدىمكى تىياتىرلىق ئويۇنلار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇنداق تىياتىرلىق ئويۇنلار دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاددىي شەكىللەردىن بىر قەدەر مۇرەككەپ شەكىللەرگە قاراپ راۋاجلاندى. ھەرخىل كۈلكىلىك، كومېدىيەلىك تىياتىرلىق ھەرىكەتلەر ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل قىزىقارلىق ھەرىكەت شەكىللىرىنى ۋە تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق ھەرىكەت قىلىقلارنى بەدىئىي ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى. قېلىپلاشتۇرۇلدى. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئەڭ قىزىقارلىق، كۈلكىلىك ۋە ئۆلگىلىك ئويۇن - تىياتىرلىق ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ئوبرازلىق تىل — ئوبرازلىق ھەرىكەت لۇغىتى تەركىبىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى تۈھپىسىز.

تارىخ- ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، تارىختىكى تۇرپان ۋادىسى پەقەت غەربىي يۇرتتىكى ناخشا- ئۇسسۇل ماكانلىرىدىن بىر بولۇپلا قالماي يەنە مەشھۇر ئويۇن- تىياتىر ماكانىمۇ بولغانىدى. قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ شامانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدىكى ئويۇن- تىياتىرلىرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا ئۆزىنىڭ شەرق، غەربكە مەشھۇر

ناخشا — ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى بىلەن قوشۇلۇپ، سەنئەتشۇناسلار ۋە تارىخ-تەزكىرە مۇئەللىپلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. مەسىلەن، ئېلىمىز جۇڭگونىڭ « تاغ — دەريالار قامۇسى » (« 山海经 ») قاتارلىق تارىخىي ئەپسانىلىرىدە پادىشاھ خۇاڭدى قەدىمكى تۇرپانغا تەۋە بولغان تەڭرى كۆلىگە ساياھەتكە كېلىپ باتىسخان ( ئۇماي 洲王母 ) ئانا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، بۇ مەنزىرىلىك جايدا ناخشا — ئۇسسۇل ۋە قىزىقارلىق ئويۇن — تىياتىرلاردىن هۇزۇرلانغانلىقى تىلغا ئېلىنسا، « جۇ قائىدە — يوسۇنلىرى » (« 周礼 »)، « بامبۇك يىلنامە » (« 竹书纪年 »)، «چى قەبرىگاھلىقىنىڭ يىلنامە خاتىرىسى » قاتارلىق كىتابلاردا ( مىلادىيەدىن 21 — ئەسىر ئىلگىرى ) تى لو ئىسىملىك كىشىنىڭ ( بەزى مەنبەلەردە مەنسەپنىڭ ) تۆت تەرەپ خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا — ئۇسسۇل، ئويۇن — تىياتىرلىرىنى ئوردىغا توپلىغانلىقى ، بۇنىڭ ئىچىدە غۇز — قاڭقىللارنىڭ ئويۇن تىياتىرلىرى بارلىقى قەيت قىلىنغان. « جىننامە. مۇزىكا تەزكىرىسى » (« 晋书.音乐志 ») قاتارلىق مەنبەلەردە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119-يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە كەلگەندە «هەرخىل ئويۇنلار» (百戏) دەپ ئاتالغان تىياتىر ھەم سېرىك ئويۇنلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ قايتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان، «سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» («隋书.音乐志»)، «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» كونا تاڭنامە . مۇزىكا تەزكىرىسى » («旧唐书，音乐») قاتارلىق مەنبەلەردە جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر ئوردىلىرىدا قوچو مۇزىكا — ئۇسسۇللىرى بىلەن قىزىقارلىق ئويۇن — تىياتىرلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

دۇن ئەنجىيە يازغان « مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ خاتىرىلىرى »، سۈي لىن چىن يازغان « بىلىم يۇرتى خاتىرىلىرى »، نەنزۇ يازغان « ناغرىخانا خاتىرىلىرى »، چېن ياڭ يازغان « نەغمەنامە » قاتارلىق كىتابلار بىلەن « تاڭ نەزم كۇللىياتى » دا تاڭ سۇلالىسى ( 618_907 ) دەۋردىكى قوچو مۇزىكا — ئۇسسۇل ، تىياتىر — ئويۇنلىرىنىڭ تىزىملىكى ، ئوقۇتۇلۇش ۋە ئوينىلىش ئەھۋالى ، تاڭ دەۋرىدىكى كلاسسىك شائىرلارنىڭ مەدھىيە نەزملىرى بېرىلگەن. « سۇڭ سۇلالىسى تارىخى . مۇزىكا تەزكىرىسى »، ۋاڭ يەندىنىڭ 928 — يىلى يازغان « قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى »، « لياۋ سۇلالىسى تارىخى . مۇزىكا تەزكىرىسى »، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى »، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»،« مىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى »، 1745 — يىلى يېزىلغان « مۇزىكىلىق كۈيلەر تەپسىلاتى »، 1759 — يىلى يېزىلغان « خانلىق ھۆرمەت چالغۇلىرىنىڭ شەكىللىرى » قاتارلىق مەنبەلەردە تۇرپاننىڭ مۇزىكا — ئۇسۇل ۋە ئويۇن-تىياتىرلىرىغا دائىر قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلانغان . بۇلار ئەلۋەتتە تۇرپان ۋادىسىنىڭ قەدىمكى ئويۇن — تىياتىر ماكانى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان يازما مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر تۇرپان ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردىن بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى نىقابلىق كۆرۈنۈشلەر، ھەرخىل قىزىقارلىق ئويۇنلار، مۇراسىم — مەرىكە ئويۇنلىرى، دراماتىك خاراكتېردىكى ھەييارلىق ، مەككارلىق ۋە كومېدىيەلىك قىزىقچىلىقلار قەدىمكى شامان — توتېم مەشرەپلىرىدىلا ئۆز ئىزىنى كۆرسەتكەنىدى .يەنە سەنئەتخۇمار، ئويۇن-تىياتىرلارغا ھېرىسمەن تۇرپان خەلقى ئارىسىدىكى نورۇز —سۇمۇلە ( ئۇندۇرمە كۆك) مەشرەپلىرىمۇ روشەن ئويۇن — تىياتىر خارەكتېرىگە ئىگە بولغانىدى . يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقى ، قارا خوجا ، ئاستانە قەبرىستانلىقلىرى، پىچاندىكى سۇ بېشى ، ياڭخى قەبرىستانلىقى قاتارلىق 3500_2000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ياغاچ ، لاي ۋە گەجدىن ياسالغان كومېدىيەلىك ئادەم ( ئويۇن — تىياتىرچى ) قىياپەتلىرى ، مايمۇن . شىر ، قۇش ۋە توخۇ سىياقىدا نىقابلانغان قىزىقچى ئويۇن — تىياتىرچى ھەيكەللىرى، ھەتتاكى ياغاچقا لايىنى چاپلاپ ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ ، ئۈستىدىن رەڭ بېرىپ ۋە ھەرخىل ئېسىل كىيىم —كېچەكلەر بىلەن جابدۇندۇرلغان ئاكتىيورلار سىياقىدىكى ئويۇن — تىياتىرچىلار ھەيكەللىرى (6) ۋە قەبرە تاملىرى بىلەن قەغەزلەرگە سىزىلغان تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر ⑦ قاتارلىقلار قەدىمكى تۇرپان ئاھالىلىرى ئىچىدە ناھايىتى قەدىمدىلا ئويۇن — تىياتىر چۈشەنچىسى ۋە پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

فاشيەن (法显) ۋە شۋەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى بىلەن تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمىلارنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە خوتەن ، كروران ، لوپنۇر ، كۇسەنلەردە داغدۇغىلىق « بۇت يۆتكەش مۇراسىمى » ، « بۇت يۇيۇش مۇراسىمى » پائالىيەتلىرى بولغان ، بۇلار ئۆز تەركىبىگە تىياتىر سەنئىتى مەزمۇنلىرىنى ئالغان .قومۇلدىن ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان « مايتىرى سىمىت » تىياتىر كىتابى كۆپ پەردىلىك بۇددا تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئوينالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . جۇڭگو يىلنامىلىرى بىلەن باشقا تارىخىي مەنبەلەردە ئېيىنى زاماندا سېرىكچىلىق، دارۋازلىق قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى، نىقابلىق (大面具戏) تىياتىرلار، مەسىلەن، « باتۇر » (拔头) ، « سۇمۇز » ( 苏莫遮)، « شىر ئويۇنى » قاتارلىقلار تۇرپان،كۇسەنلەردىن ئىچكىرىگە كېلىپ قويۇلغانلىقى، بۇ ئويۇنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقى، ھەتتا ياپونىيەگە تارقالغانلىقى يېزىلغان . بىز تۇرپاندىكى سىڭگىم ، بىزەكلىك ، يارغول تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان « بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى » دا كۆپلىگەن دراماتىك سۇژىتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈمىز . ئۇلارنىڭ تراگېدىك ، كومېدىك ژانىرلىرى كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ .

19ـ20ـئەسىرلەردىكى « غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى » مەزگىللىرىدە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى بولۇپمۇ ئۇدا تۆت قېتىم كەلگەن گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن تىياتىر سەنئىتىگە دائىر رەسىم ۋە ھەيكەل ـقورچاقلار، قەغەز ھەم رەختلەرگە سىزىلغان تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر شۇنداقلا « سارىپۇتدا ھەققىدە قىسسە » ، « بۇددا مۇخلىسى نەنتانىڭ سەرگۈزەشتىسى » ، « مائىتىرنىڭ ئۇچرىشىشى » ھەممىدە باش – ئاخىرى كەمتۈك ئەمما قەدىمكى مۇرەككەپ، تەسىرلىك،ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر قىسىم تىياتىر ئورگىناللىرى(8) قاتارلىقلار تۇرپان ۋادىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن تارتىپلا قىزىقارلىق ، تەسىرلىك ئويۇن –تىياتىرلارنىڭ ئىزچىل ئوينۇلۇپ كەلگەنلىكىنى مۇئايىيەنلەشتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ .

تۇرپاندىكى قەدىمگاھلاردىن تېپىلغان رەسىم ۋە ھەيكەل – قورچاقلاردا قەدىمكى تۇرپان ئاكتىيورلىرىنىڭ قىياپىتى ئۇچۇق كۆرۈنۈپلا قالماستىن ، يەنە ھايۋان شەكلىدە گىرىم قىلىنغان ۋە نىقابلانغان ئاكتىيورلارمۇ كۆرۈنىدۇ . بۇ خىل كىيىنىش ۋە گىرىملار كۈچلۈك كومېدىك ھالەت پەيدا قىلغان . تۇرپان ئويۇن ـ تىياتىرلىرىغا ئالاقىدار تارىخىي مەنبەلەردە يېگى يىل كىرگەندە ئات ، كالا ، تۆگە سوقۇشتۇرۇپ ، ئويۇن ئوينىلىدىغانلىقى ، كۈزدە بېشى ئىتقا ، يۈزى مايمۇنغا ئوخشايدىغان گىرىم قىلغان « ۋۇرۇج » (« 波罗遮) ئويۇنى ئوينىلىدىغانلىقى ، بۇنىدىن باشقا يەنە توسۇ (透变) ياكى ۋۇسۇ (握塑) ناملىق تىياتىرلىق ئويۇنىنىڭ بولىدىغانلىقى ، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇاڭلۇ (双陆) دېگەن شاخماتتەك ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان(9).

يەنە مىلادىيە 4ـ 5ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ كۇچا ۋە تۇرپان ئاكتىيورلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا دىياردا « ئۇيغۇر تىياتىرلىرى » (戏胡) ئوينالغانلىقى ،سۇي ، تاڭ دەۋرلىرىدە تۇرپان ئاكتىيورلىرى چاڭئەن، لوياڭلاردا ئوينىغان « شىر ئويۇنى » ، « ئەجدىھا ئويۇنى » ، « سۇمۇز ئويۇنى » ، «سارغايدى » ، « چەرخ پېلەك » ،« باتۇر »، « نىقابلىق كىشى» ، « مەست ئۇيغۇر يىگىتى » قاتارلىق نىقابلىق، كومېدىك تىياتىر ئويۇنلىرى بىزگە قەدىمكى ئويۇن – تىياتىر ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپان تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۇشىدىن دالالەت بېرىدۇ .

### 3. يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئويۇن ـ تىياتىر سەنئىتىگە دائىر ماددىي يادىكارلىقلار

ئاۋۋال شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قەدىمكى قەبرە – يادىكارلىقلىرى بىلەن دەپنە بۇيۇملىرىدا ئەكس ئەتكەن قەدىمكى ئويۇن – تىياتىر سەنئىتىگە دائىر نەمۇنىلەر ئېيىنى زاماندىكى ئېتنىك تۇرمۇش ۋە فولكلورلۇق ئادەت – يوسۇنىنىڭ بىر پارچە ئەينىكى سۈپىتىدە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . قەدىمكى قەبرە – يادىكارلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئارخېئولوگىيەلىك مەقسەتلەرنى كۆزلەپ كۆمۈلگەن ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى ، قەدىمكى ئەجدادلار نېمە ئوچۇن ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىلەرنى جەسسەت بىلەن بىللە كۆمدو ، دېگەندىن ئىبارەت .

بىزگە مەلۇم، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئابستىراكت تەپەككۇرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ھەممە نەرسىسىنىڭ كەينىدە شۇ نەرسىنى باشقۇرغۇچى تەڭرى- مۇئەككەللىرى بولىدۇ، دەيدىغان بارلىق ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل دىنىي قاراش شەكىللەنگەن. نەتىجىدە ئۇلار ئۆز بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئازراقمۇ چۈشەنمىگەچكە ، چۈشىدە ئۆزىنى ۋە باشقىلارغا كۆرەتتى، ئۆلۈكلەر روھىنىڭ ئۇرۇقلار كوللېكتىپىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى، قىسقىسى چۈشىدە كۆرگەن خىيالى روھلاردىن ئۇلاردا بىر خىل ئاجايىپ – غارايىپ خىياللار، تەلپۈنۈش، ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ياكى قورقۇش پەيدا بولغان. شۇڭا ئۇلار تەپەككۇرىمىز بىلەن تۇيغۇمىز تىنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەرىكىتى ، شۇڭا ئادەمنىڭ تېنى ئۆلسىمۇ روھىي ئۆلمەيدۇ ( قايتا تىرىلىپ ) قايتا ياشايدۇ ياكى ئۇنىڭ روھى نەۋرە – چەۋرىلىرى ياكى باشقا تۇغقانلىرى سياقىدا قايتا ياشايدۇ ، دەپ قارىغان . شۇڭا ئۇلار قەبىلە ياكى ئۇرۇق – جەمەتىدىن بىرەرسى ئۆلسە، ئۇنىڭ مەردانىلىقى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ كىيىم – كېچەك ، يېمەك – ئىچمەك ، تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى ھەم ئۇنىڭ روھىنى يەك ( جىن – شاياتۇن ) لاردىن قوغدايدىغان قەبرە مۇئەككىلى ، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قاتارلىقلارنى بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادەت ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلىنغانىدى . شۇڭا ئۇلار ئۆلگۈچى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە كۆمگەن ھەمدە ئۆلگۈچى ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئۇنىڭ جېنى بۇ نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىدۇ ، دەپ قارىغان.

ھازىرغىچە تۇرپاندا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش – تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس ( 3500_2500_يىللار ئىلگىرى ) ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن باشقا ، قارا خوجا ، ئاستانە ، ئاققازى ،غوجامئالدى ، توگمەنبۇيى ،چىغمان ، دۆڭمەھەللە قەبرىستانلىقلىرى ، يارغول ، قاغىچاق ، چولاقكارىز ، كۆجەيي قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرى ، ئالغۇي ، ئىۋىرغول ، ئۇلانباي قەبرىستانلىقلىرى قاتارلىق 1700 _ 2700 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس قەبرىستانلىقلاردىن يىگىرمە مىڭ دانىدىن ئارتۇق ھەر* خىل يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى.

ماددىي يادىكارلىقلار دېيىلگەندە، ئويۇن - تىياتىر سەنئىتىگە ئالاقىدار ھەيكەل – قورچاقلار ، قەبرە تاملىرىغا ، مىڭئۆي – ئىبادەتخانا تاملىرى ۋە قەغەز ، رەختلەرگە سىزىلغان رەسىملەر قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

ھازىرغىچە تۇرپان تەۋەسىدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ئويۇن - تىياتىر سەنئىتىگە ئالاقىدار يادىكارلىق 2000_3500 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئىككى دانە غۇڭقا ( چەڭ ) بىلەن ئەينى زاماندا سەنئەت پىرى ھېسابلانغان شامان باخشىسىدىن ئىبارەت . مەسىلەن ، 2003- يىلىدىكى ياڭخى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتا ، 1- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن توغراق ياغىچىدا ياسالغان بىر دانە ( نومۇرى M90::2) قوڭقا قېزىۋېلىنغان بولۇپ ، ئۇ ئاۋاز ساندۇقى ، بويىنى ، تار دەستىسى ۋە تاردىن تەركىب تاپقان(10) . يەنە بىر دانە غۇڭقا 2-نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ( نومۇرى M263:1) بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاۋاز ساندۇقى ، دەستىسى ۋە دەستە بېشى بىر پارچە بويلۇق ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان(11) .

شۇ قېتىمقى قېزىشتا 1- نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ M21-نومۇرلۇق قەبرىسىدىن شامان باخشىسىنىڭ جەسسىدى تېپىلغان، ئۇ 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئەر بولۇپ ، بەدىنىگە يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىم ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن . ئۆتۈك ئالاھىدە بولۇپ مىس توپچا بىزەك بىلەن بېزەلگەن ، بېشىغا رەڭدار يۇڭ بۆك كىيگەن . بوينىغا ھېقىق ، فىروزە مارجانلار ئېسىلغان، بىر قۇلىقىغا ئالتۇندىن، بىر قۇلىقىغا مىستىن ياسالغان ھالقا ئېسىلغان. سول قولىغا مىس پالتا ، ئوڭ قولىغا دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب يەنى مىس ياپراقچە ئورالغان سېھىرلىك ياغاچ تاياق تۇتقۇزۇلغان، ئاستىدىكى تېرە خالتا ئىچىگە مىس پىچاق ۋە مىس بىگىز سېلىنغان (12).

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىن ئېتىقادى شامان دىنى بولۇپ ، شامان

باخشىسى دىن ۋە سەنئەت ئىمتىيازى جەھەتتە ھەممىگە قادىر باشلامچى دەپ قارالغان . ئۇلار يامان روھ — ئەرۋاھلارنى قوغلاپ ، ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالىغاندىن سىرت ، پال ئېچىش ، سېھىرگەرلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆز تورۇقىدىكىلەرنى تۇرلۇك بالايىقازادىن ساقلايدىكەن(13) . پروفېسسور ئابدوكېرىم راخمان بۇ ھەقتە توختىلىپ : « ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ، ئۇرۇق — جەمەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ( جۈملىدىن ئىپتىدائىي سەنئەت ۋە دىن ) تەشكىللىگۈچى ۋە باشقۇرغۇچى مەخسۇس ئاقساقاللار بولغان، ئۇنىڭ نامى پېرىخون ياكى باخشىسى دەپ ئاتالغان . ئۇلار ئۆز دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرى ، سازەندىلىرى ، ئۇسسۇلچىلىرى ھەممە ئويۇن — تىياتىرچىلىرى ئىدى . پېرىخون دېگەن نام ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە ھۈنەر- سەنئەتنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان « پىرجەڭگى » دىن كېلىپ چىققان »(14) دەپ يازسا ، پەيلاسوپ ، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى : « شامان باخشىسىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى نوقۇل ئىبادەت ۋە تىلاۋەت بىلەن روھىي ۋەزىنىلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ئىستىقامەت بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇ بىر قاتار دىئالوگ ، مونولوگ ۋە دراماتىك پائالىيەتلەر بىلەن ئىپتىدائىي ئويۇن — دراماتىك سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان »(15) دەپ يازىدۇ . دېمەك ، يېقىندىكى ياڭخى قەبرىستانلىقىدا ياتقان شامان باخشىسى- پېرىخون ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق سازەندىسى ، ناخشا —ئۇسسۇلچىسى ۋە ئويۇن- تىياتىرچىسى ئىدى . ئۇ قوللىرىغا خەنجەر ، چاچراتقۇ ئوت، داپ ۋە غۇڭقىنى ئېلىپ ، سۆزلەپ — سوراپ ، ناخشىلار ئېيتىپ ،پېرى پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپ ، خۇددى تىياتىردەك بىر قاتار دىئالوگ ، مونولوگ ئارقىلىق ئويۇن — تىياتىرلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان . قىسقىسى ، ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئىككى دانە غوڭقا ( چەك ) بىلەن شامان باخشىسى3500_2000 يىللار ئىلگىرىلا تۇرپان ۋادىسىدا تىياتىر ئويناالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىق بولسا كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ دەۋر دەل تۇرپاندا شامانىزىم راسا گۈللەنگەن ۋاقىتلار ئىدى.

قوچو شەھىرى بىلەن مەشھۇر قۇتتاغ ئارىلىقىدىكى بېلىق سىرتى تۆپىلىكىگە غۇز — قاڭقىل ئەۋلادلىرى بولمىش قوچو ( قەدىمكى ئىدىقۇت ) خانلىرىنىڭ قەبرىگاھى جايلاشقان . ھازىر ئاستانە نامىدا ئىستېمال قىلىنغان . بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە 460 دانىدىن كۆپرەك ھەيكەللەر قېزىۋېلىندى . مىلادىيەنىڭ ئالدى — كەينىدىن ئىسلامىيەتكىچە ئۆتكەن 13_14 ئەسىرلىك مەدەنىيەت —سەنئەت قىممىتىگە ( تارىخىغا ) ئىگە بۇ قەبرىلەردىن ھەرخىل يادىكارلىقلار تېپىلىش بىلەن بىللە ، مۇزىكا — ئۇسسۇللۇق ۋە ئويۇن — تىياتىرلىق قىياپەتتىكى ھەيكەللەر ، تام رەسىملىرى ۋە قەغەز سىزما رەسىملەر ئارىسىدىمۇ يۇرقىرقىدەك ئويۇن- تىياتىر ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى تەسۋىرىي رەسىملەر تېپىلدى (16).

1975_يىلى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانىدىكى 206_ نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىش جەريانىدا ، بۇ قەبرىدىن « قونچاق تىياتىرى »(傀倡戏) ئويناۋاتقان ھالەتتىكى 19 دانە تىياتىرچى قونچاقلارنى تاپقان (بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەبرىدىن يەنە ياغاچتىن ياسالغان ئارغىماق ئات، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ، قەبرە مۇئەككىلى سىياقىدىكى ھەيكەللەرمۇ بىللە تېپىلغان ) ھەممە ئارخېئولوگلار بۇلارنى « ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ھەمدەپنە قىلىنغان تىياتىرچى قونچاقلار »(17) دەپ يەكۈن چىقارغان . بۇ 19 دانە تىياتىرچى قونچاقلارنىڭ 17 دانىسى ئەركىشى سىياقىدا ، 2 دانىسى ئايال سىياقىدا بولۇپ ھەممىسى ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان . بۇ تىياتىرچى قونچاقلار يېرىم يۇمۇلاق ياغاچلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ئويۇش ۋە ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق ئېغىز بۇرۇن چىقىرىش ، ئاندىن ئۈستىدىن رەڭ بېرىش بىلەن ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ قونچاقلارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 22 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئەر سىياقىدىكى قونچاقلارغا يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئوخشىتىپ يارىشىملىق ساقال — بۇرۇت ياسالغان ھەممە ئۇلارغا ئىككى خىل رەڭدە كىيىم — كېچەك كىيدۈرۈلگەن . بىر خىلى بېشىغا قارا رەڭلىك بۆك ( دوپپا) ، ئۈچىسىغا قارا ئۇزۇن چاپان ( تون )، ئاق رەڭلىك تامبال كىيگەن ، ئايال سىياقىدىكى ئىككى دانە قونچاق بولسا ئۇزۇن چاچ قويۇپ ، ئاق تامبال ۋە قىزغۇچ ئۇزۇن كوپتا — يوپكا كىيىنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمەلدار ( باي — غوجام )

سىياقىدىكى 4 دانە ئەرەنچە قونچاقلار بېشىغا بۆك ، ئۇچىسىغا كەڭ يەڭلىك تون چاپان كىيىپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قول باغلاپ تۇرغان قىياپەتتە ياسالغان ( تەسۋىرلەنگەن )، بۇ تىياتىرچى قونچاقلارنىڭ كىيىم ـكېچىكى ، چىراي شەكلى ، پىسخىك ھالىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان ياغاچ قونچاق — ھەيكەللەرگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، تامامەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتى ، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پىسخىكىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن(18) .

يەنە ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 336ـنومۇرلۇق قەبرىدىن سېرك تىياتىر ۋە چەۋگەن توپى ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى بىر مۇنچە ھەيكەللەر تېپىلغان(19) . ئويۇن-تىياتىرچى سىياقىدىكى ھەيكەللەردىن ئىككى كىشىلىك ئېپىزوتچى ھەيكىلى ، سەھنىدە ئويۇن ـ تىياتىر ئورۇنلاۋاتقان ئالتە كىشىلىك ئەر — ئايال ئاكتىيورلار ئوبرازى ، نىقابلىق شىر ئويۇنى ئويناۋاتقان تىياتىرچىلار ئوبرازى قاتارلىقلار ئەينى زامان تۇرپان ۋادىسىدا كومېدىيەلىك ، قىزىقارلىق، ھەجۋىي ، يۇمۇرىستىك شەكىللەردىكى ئويۇنلارنىڭ كۆپلەپ ئوينالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

336ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان شىر ئويۇنى ئويناۋاتقان ئاكتىيورنى مىسال ئالساق ، ئۇ قەدىمكى نىقابلىق .ۋيۇن ـ تىياتىر بولغان شىر ئويۇنى سىياقىدا ناھايىتى ئوخشىتىپ ئەينەن ياسالغان . تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە ، شىر تېرىسىدە ئالا تاغىل رەڭلەردە بوياپ ياسالغان نىقاب ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرىدىكەن ، ئالدىكى ئادەم بېشىنى شىر بېشى ئىچىگە تىقىپ ، ئىككى قولى بىلەن كەينىدىكى ئادەمنىڭ بېلىنى چىڭ تۇتىۋالىدىكەن . كەينىدىكى ئادەم ئالدىدىكى ئادەمنىڭ دۈمبىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئېگىشىپ ماڭىدىكەن . شىر ئويناتقۇچى قولىدىكى تاياقنى ئويان — بۇيان شىلتىسە ، بۇ شىر ( شىر نىقابى كىيگەن ئادەم ) لار باش — قۇيرۇقلىرىنى ئېغاڭلىتىپ، ياغاچتىن سەكرەش، ئوتتىن سەكرەش ، توپ ئۈستىدە تورۇش، موللاق ئېتىش ۋە باشقا قىزىقارلىق كۈلكىلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىش بىلەن ماھارەت كۆرسىتىدىكەن . ئاستانىدىن تېپىلغان نىقابلىق شىر ھەيكىلى دەل يۇقىرىدىكى شىر ئويۇنىغا تەقلىد قىلىنغان ئىدى (20).

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 336ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن يەنە ئويۇن-تىياتىر شەكلىدىكى مۇزىكا — ئۇسسۇللۇق لەپەر (合生) ئويناۋاتقان بىر جۈپ ئەر — ئايال سىياقىدىكى ھەيكەل تېپىلغان. (21) ئەر سىياقىدىكى ھەيكەل يارىشىملىق كىينگەن بولۇپ مەست قىياپىتىدە يۈزلىرى قىزارغان ، ئايال سىياقىدىكى ھەيكەل بولسا يارىشىملىق كىيىم بىلەن بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان. سەنئەت تەتقىقاتچىسى ساۋلىڭيەن بۇ ھەيكەل ھەققىدە توختىلىپ :«ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولغان لەپەر تاڭ دەۋرىدە خېلى تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر تىياتىرلىرىدىن بىرى ئىدى . ئۇ ناخشا — ئۇسسۇللار بىلەن بىرگەۋدە ھاسىل قىلغان . ئەر — ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى مۇھەببەتنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلىگەن . تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇ بىر جۈپ تىياتىرچى ھەيكەل دەل شۇ مەزمۇندا ياسالغان »(22) دەپ يازغان . « يېڭى تاڭنامە » نىڭ 119ـ جىلدىدىمۇ تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاكتىيورلار چاڭئەندە ئوينىغان ئىككى كىشىلىك ئويۇن- تىياتىر شەكلىدىكى لەپەر ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان .

336ـنومۇرلۇق قەبرىدىن ئويۇن ـ تىياتىر خاراكتېرىدىكى نىقابلىق مايمۇن ئويۇنى ئويناۋاتقان ئون نەچچە ھەيكەل تېپىلغان . قەدىمكى ئويۇنلاردا مايمۇن سىياقىدا نىقابلىنىپ قىزىقارلىق ،كومېدىيەلىك ماھارەت كۆرسىتىدىغان نومۇرلار ناھايىتى ئالقىشلانغان. جۇجىڭباۋنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ، كومېدىيەلىك مايمۇن ئويۇنى ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى بۇنداق ئويۇن ـ تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەينەن يادىكارلىقلىرىدىن بىرى 1930ـ يىلى تۇرپاندىكى يارغولنىڭ غەربىدىن قېزىۋېلىنغان تاڭ سۇلالىسى كەيىۋەن 2ـيىلىغا خاس ھايۋان شەكىللىك ساپال قاچىغىمۇ نەقىشلەنگەن بولۇپ ، ئۇ تارىخىي خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان ئويۇن ـ تىياتىر نومۇرلىرىدىكى نىقابلىق مايمۇن ئويۇنىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن . (23)

1973ـيىلى ئاستانە قەبرىستانلىقىنى كەڭ كۆلەملىك قېزىشتا 70 نەچچە دانە ھەيكەل قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ياغاچتا ياساپ ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ ، ئاندىن ئۈستىدىن رەڭ بېرىلگەن . يەنە بىر قىسمى بولسا ياغاچتىن

ئادەم سىياقىدا نەپىس ياساپ ئاندىن راست ئادەمگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم كىيدۈرۈلگەن(24) . ئەر سىياقىدىكىلىرى كۆپرەك ، ئايال سىياقىدىكى سەل ئازراق ياسالغان ، بۇ رەڭدار ھەيكەللەر ئىچىدە قىزىقارلىق ئېپىزوت ئويناۋاتقان، ھەر خىل يۇمۇرلۇق ، كۈلكىلىك ، مەسخىرىلىك قىياپەتتە ئويۇن ئويناۋاتقان ، قونچاق ئويۇن - تىياتىر ئوينىتىۋاتقان ، ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى – مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان ئويۇن ئورۇنداۋاتقان ئاكتيورلار سىياقىدىكى ھەيكەللەرمۇ خۇددى سەھنىدە رول ئېلىۋاتقاندەكلا ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن .

تەتقىقاتچى ساۋلىگىيەن ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تىياتىرچى سىياقىدىكى ھەيكەللەر ھەققىدە توختىلىپ :« ھازىرغىچە تۇرپاندىن تېپىلغان تىياتىرچى سىياقىدىكى ھەيكەللەر خېلى كۆپ . تۇرپان رايونىدا ۋەقەلىكمۇ بولغان ، ھېكايىمۇ بولغان ، ناخشا – ئۇسسۇلمۇ بولغان ، سەھنە سۆزىمۇ بولغان قەدىمكى ئويۇن - تىياتىرلار مەۋجۇت ئىدى . مەسىلەن، ‹سۇمۇز تىياتىرى ›، ‹تىياتىر سەكلىدىكى لەپەر ›، ‹ بالىنى دەسسىۋالغان ئانا ›، ‹چۆچۈرە قولاق›،‹باتۇر ›، ‹ لەن لىگۇاڭ ›،‹غەربىي لىياڭ رەققاسلىرى ›قاتارلىق ئويۇن - تىياتىرلار ئوينالغان »(25) دەپ يازىدۇ .

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، قەدىمكى ئويۇن – تىياتىرلارنىڭ بىر قىسمى ھايۋان ياكى قۇشلار نىقابىدا ياسىنىپ ئوينىلاتتى . بۇنداق نىقابلىق ئويۇنلار ئەينى زاماندىكى كۇسەن (كۇچا) بىلەن تۇرپاندا ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى . شۇ سەۋەبتىن تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن ئات ، تۆگە ، شىر ، توخۇ (خوراز)، قوش ۋە بېشى ھايۋان تېنى ئادەم سىياقىدىكى غەلىتە ئادەم ئوبرازلىرىدىكى ياغاچ ئويما ھەيكەللەر خېلى كۆپ تېپىلغان . بۇلار ئەلۋەتتە ئەينى زامان روھىيىتىنى ئىپادىلىگەن، نىقابلىق ئويۇن – تىياتىرلار مەنىسىدە ياسالغانىدى . مەسىلەن ، 1972 – يىلى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 230-نومۇرلۇق قەبرىدىن سېغىزلايدىن ياسىلىپ ، ئۈستىگە رەڭ بېرىلگەن بىر رەڭدار تۆگە ھەيكىلى تېپىلغان .(26) ئېگىزلىكى 71.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ تۆگە ئەسلىدە نىقابلىق ئويۇنغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى تۇرپان ئويۇن - تىياتىرچىلىرىنىڭ بىر خىل نىقابلىق ئويۇنىنى ئىپادىلىگەن.

1972-يىلى تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىنى قېزىشتا لايدىن ياسىلىپ ئۈستىگە رەڭ بېرىلگەن چىرايلىق ھەم ئۆلچەملىك ئات ھەيكىلىدىن بىرى تېپىلغان(27). ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 76 سانتىمېتىر بولۇپ ، ناھايىتى نەپىس ياسالغان. بۇ ئات ھەيكەلىمۇ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تۇرپاندا ئوينالغان ئات ئۇسسۇلى ۋە ئات نىقابى كىيىپ ئوينىلىدىغان نىقابلىق ھەم گىرىملىك تىياتىر ئويۇنلىرىغا بېغىشلانغانلىقى مەلۇم .

1972-يىلدىكى قېزىشتا ، ئاستانە قەبرىستانلىقتىكى 224 – نومۇرلۇق قەبرىسىدىن بىر دانە ، 336-نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە ئات ھەيكىلى تېپىلغان(28) . لايدىن ياسىلىپ ، ئۈستىگە رەڭ بېرىلگەن بۇ رەڭدار ئات ھەيكەللىرى بىر تەرەپتىن ، تۇرپانلىقلارنىڭ ئاتقا ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاتنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەينى زامان روھىيىتى بويىچە ئات ئۇسسۇلى ۋە ئات نىقابىدا ئوينىلىدىغان نىقابلىق ئويۇن – تىياتىرلىرىغا بېغىشلانغانلىقى مەلۇم . چۈنكى، ھايۋان نىقابىدىكى ئويۇن – تىياتىرلارنى ئويناش دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ يىراق چارۋىچىلىق دەۋرلىرىدىكى خاس ئېتنىك ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تارىخ- ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرى داۋاملىق دەلىللەپ كەلدى(29) .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، تۇرپاندىكى قارا خوجا ۋە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قەبرە تاملىرىغا ۋە قەغەزلەرگە سىزىلغان بىر مۇنچە رەسىملەرمۇ تېپىلغان (30) . بۇ رەسىملەر ئارىسىدا ئويۇن - تىياتىر خاراكتېرىدىكى قىزىقارلىق ئويۇن ۋە تۇرمۇش ھەم ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلغان تىياتىر ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەرمۇ بار(31) . مەسىلەن ، تۇرپاندىكى قارا غوجا خان ئوردىسى تېمىغا سىزىلغان مۇزىكا – ئۇسسۇللۇق تىياتىرچىلار كۆرۈنۈشى بار رەسىم ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ، كېيىن بېرلىندا ئۇرۇش ئوتىدا كۆلگە ئايلانغان، ھازىر ئۇنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان (32). بۇ رەسىمدە ئوردا سەنئەتكارلىرىغا خاس كىيىنگەن ئۈچ ئاچا قالپاقلىق بەش نەپەر سازەندە قوللىرىدا بەرباب ، سۇمۇرۇغ باشلىق غوڭقا ، نەي ، شېڭ، سىياۋ قاتارلىق چالغۇلار تۇتقان بولۇپ خۇددى ئوردا ئوركېستىرلىرىغا ئوخشايدۇ . ئەمما، ئۇلارنىڭ

ئالدىدىكى (سەھنىدىكى ) ئويۇن – تىياتىرچىلار كۆرۈنىشى ياندىكى يەنە بىر رەسىمدە بولغاچقا ، بۇ تىياتىرچىلار كۆرۈنىشى يوقالغانلىقى مەلۇم .

1973ـ يىلى تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى جاڭشيۇك ئەر – ئايال قەبرىسىدىنمۇ ياغاچتىن ياسىلىپ ، ئۈچىسىغا كىيىم كىيدۈرۈپ ، زىبۇزىنىنەت تاقىغان رەڭدار ھەيكەللەر قاتارىدا ، بىر جۈپ ئەر – ئايال ناھايىتى قىزىقارلىق تىياتىر خاراكتېرىدىكى « لەپەر » (合生) ئويناۋاتقان ھالىتى ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن .

تىياتىرغا ئالاقىدار يەنە بىر پارچە رەسىم 1972ـ يىلى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى جاڭشيۇكنىڭ نەۋرىسى جاڭلىننىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان . بۇ ئالتە پارچە قەغەزنى بىرىكتۈرۈپ سىزىلغان بىر گۇرۇپپا رەسىمدە تۆت نەغمىچى بىلەن ئىككى ئۇسسۇلچى ئوبرازى بولۇپ ، ئۇلار ئۇسۇللۇق تىياتىر ئويناۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن(33) . دېمەك، ھازىرغىچە تۇرپاندىن تېپىلغان تىياتىر سەنئىتىگە دائىر نەق ماددىي يادىكارلىقلار يەنى ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس قەبرە – يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان لاي ، ياغاچ ، گەج ھەيكەللەر ، قەبرە تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر ، قەغەز ۋە رەختلەرگە سىزىلغان رەسىملەردە نامايان بولغان ئويۇن – تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر تۇرپان ۋادىسىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى ئويۇن – تىياتىرلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن دالالەت بېرىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلاردۇر .

### 4. يەر ئاستىدىن تېپىلغان تىياتىر سەنئىتىگە دائىر يازما يادىكارلىقلار

تۇرپاننىڭ قەدىمكى ئويۇن – تىياتىرلىرىغا دائىر يازما يادىكارلىقلار دېيىلگەندە ، گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تۇرپاندىن تاپقان « سارىپۇترا ھەققىدە قىسسە »، « بۇددا مۆخلىسى نەتتانىڭ سەرگۈزەشتىسى » ،« مائىترىنىڭ ئۈچرىشىشى » نىڭ 6 خىل نۇسخىسى يەنى سىڭگىم نۇسخىسى ( ئىككى خىل ) ، مۇرتۇق نۇسخىسى (ئىككى خىل ) ، يەنە بىر نۇسخىسى (ئىككى خىل بولۇپ ، بۇنىڭ تۇرپاننىڭ قايسى جايىدىن تېپىلغانلىقى نامەلۇم ) ھەممىدە باش – ئاخىرى كەمتۈك ، ئەمما پەردە ، كۆرۈنىشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى ئوبرازى بىلەن سەھنە سۆزى ساقلىنىپ قالغان يەنە بىرمۇنچە تىياتىرلار (سەھنە كىتابى بىلەن سىنارىيلەر ) كۆزدە ئۆتۈلىدۇ .

1902ـ يىلى گېرمانىيىدە « ئوتتۇرا ئاسىيا ، يىراق شەرق تارىخ ، ئارخېئولوگىيە ، تىل ۋە ئېتنوگرافىيە خەلقئارا ئىلمى جەمئىيىتى » قۇرۇلغان ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈنجى ھەرىكىتى گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىللەش بولغان . شۇ يىلى 10ـ ئايدا تەشكىللەنگەن گرۈنۋېدېل باشچىلىقىدىكى بىرىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دىيارىمىزغا كېلىپ ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ، سىڭگىم ئېغىزى ۋە مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ، قېزىشلارنى ئېلىپ بېرىپ ، 1903ـ يىلى 3ـ ئايدا پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى . بۇلار لاي ، ياغاچ . گەج ھەيكەل – قونچاقلار ، تام رەسىملەر ، ھەرخىل تىل – يېزىقلاردىكى نەچچە يۈز باغلام ۋەسىقە – يازمىلارنى تاپتى ۋە ئۇنى 46 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 1700 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى گېرمانىيەگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

1904 – يىلى 9ـ ئايدىن 1905ـ يىلى 12ـ ئايغىچە لىكوك بىلەن بارتۇس باشچىلىقىدىكى 2ـ قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننى مەركەز قىلغان ھالدا ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، سىڭگىم ئېغىزى ، بېزەكلىك ، مۇرتۇق ۋە تۇيۇق قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش – قېزىشلارنى ئېلىپ بېرىپ تاپقان 106 ساندۇق ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 1300 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتتى .

1905 –يىلى 12ـ ئايدىن 1907 –يىل 6ـ ئايغىچە گرۈنۋېدېل ۋە لىكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە 3ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى بارلىق قەدىمگاھلاردا تەكشۈرۈش – قېزىشلارنى ئېلىپ باردى ۋە قولغا كەلتۈرگەن 128 ساندۇق ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 10 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتتى.

1913ـ يىلى 11ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2ـ ئايغىچە لىكوك بىلەن بارتۇس باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە 4ـ قېتىملىق

تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى « پادىشاھلىق پىروسىيە تۇرپان تەكشۈرۈش ئەترىتى » ياكى « گېرمانىيە تۇرپان تەكشۈرۈش ئەترىتى » دەپ ئاتالدى ۋە تۇرپان، قومۇل، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەملىك قېزىش، يىغىش ، توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى، ھەممە يۇقىرىدىكى تۆت ۋىلايەت دائىرىسىدىن تاپقان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى « تۇرپاندىن تېپىلغان بۇيۇملار » دەپ ئاتالدى (34).

بۇ قېتىمقى ، يەنى گېرمانىيە 4- قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قولغا چۈشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەڭ مول ، ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 36 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە تام رەسىملىرىنى سويۇپ ئېلىش تېخنىكىسى بىلەن ئېلىنغان ئەڭ نادىر رەسىملەر 600 پارچىدىن ئاشىدۇ . يەنە قېزىۋالغان ھەيكەل — قورچاقلار ، قوليازما — ۋەسىقىلەر ، تارىشا پۈتۈكلەر ، قورال — سايمانلار ، زىننەت بۇيۇملىرى ، تامغا — مۆھۈر قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ بۇ قېتىم تېپىلغان يازما يادىكارلىق — ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ ، 17 تۈرلۈك تىل ، 24 خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەرنىڭ سانى 30 مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە قولغا چۈشۈرگەن 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ۋەسىقىنى قوشقاندا ، 15 يىل ئىچىدىلا يۇرتىمىزدىن گېرمانىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن ۋەسىقىلەر ئازكەم 50 مىڭ پارچىدىن ئاشىدىكەن . بۇ ۋەسىقىلەر بۇددا ، مانى ،نېستورىيان دىنلىرىغا ئائىت مەزمۇنلار ، سودا- سېتىق ، ئېلىم — بېرىمغا دائىر توختام ، تىلخەت — ھۆججەتلەر ، ھېساب — كىتاب دەپتەرلىرى ، يارلىق — پەرمانلار ، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ، شېئىر — قوشاقلار ، ھېكايە — قىسسەلەر ، ناخشا — مۇزىكا نوتا دەپتەرلىرى ، ئۆيتۈن - تىياتىر كىتابلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى قوللىغۇچى مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم - گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانسكرىت تىلى پروفېسسورى ، قوشۇمچە ئېلىم — پەن مەسلىھەتچىسى پىشىل ئەپەندى بىلەن لۇدىرس ئەپەندىلەر باشچىلىقىدىكى خەلقئارالىق ئالىملار رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن .

گېرمانىيەگە ئېلىپ بېرىلىپ ساقلىنىۋاتقان 50 مىڭ پارچىغا يېقىن ۋەسىقىلەر ئىچىدە لىكوك ئەپەندى تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تاپقان ئۈچ پارچە سەھنە ئەسىرى ئالىملارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. گېرمانىيە ئالىملىرى بۇ ئۈچ پارچە سەھنە ( دراما ) ئەسىرىنى دەۋرى جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى بولۇپ ، قەدىمكى ھىندىستان يېزىقىدا ( سانسكرىتچە) يېزىلغان ، مىلادىيە 1- ئەسىرنىڭ ئالدى — كەينىگە توغرا كېلىدۇ ، دەپ قارىغان(35) . بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان ۋە نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان توققۇز پەردىلىك بۇددىزم مەزمۇنىدىكى دراما ئەسىرى « سارىپوترا ھەققىدە قىسسە » بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يەنە بىرى كۇچا دىيارىدىن تېپىلغان « بۇددا مۇخلىسى نەنتانىڭ سەرگۈزەشتىسى » ناملىق دراما ئەسىرى بولۇپ ، قەدىمكى كۇچا — قارا شەھەر يېزىقى يەنى توخرى يېزىقىدا يېزىلغان . ئەمما ئەسلى سەھنە كىتابى قوليازمىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان . دەۋرى جەھەتتە بۇ يۇقىرىدىكى « سارىپوترا ھەققىدە قىسسە » دراما ئەسىرىدىن سەل كېيىن يەنى مىلادىيە 3- ، 4- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان . كۇچادىن تېپىلغان يەنە بىر دراما ئەسىرىنىڭ باش — ئاخىرى بولمىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەت نومۇرى بىر — بىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى ، پەقەت پەردە ، كۆرۈنۈش ۋە پېرسوناژلارنىڭ سەھنىدىكى ئوبرازى ئاندا — ساندا ساقلىنىپ قالغان بولغاچقا بۇنىڭغا ئېنىق نام قويۇلمىغان ھەم قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ۋاقىتىنچە تەتقىق قىلىنمىغان .

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە سەھنە ئەسىرى كېيىن يەنە يەرلىك ئاپتورلار تەرىپىدىن بۇددىزم ھېكايە — قىسسەلىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ، تۈزىتىلىپ ۋە تېخىمۇ تولۇقلىنىپ بالدۇرقى مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا براھما يېزىقىدىمۇ يېزىلغان . بۇلارنىڭ دەۋرى سەل كېيىن بولۇپ تۇرپان ، كۇچا ئاپتورلىرى تەرىپىدىن نۇرغۇن سۆزلۈك ۋەقەلىكلەر ۋە مەزمۇنلار قوشۇلغانلىقى مەلۇم . شۇنداقتىمۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە سەھنە ئەسىرى دىيارىمىزدىن تېپىلغان « مايتىرى سىمىت (36)» ( مايتىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ) ناملىق 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بىلەن دىيارىمىزدا يېزىلىپ ، ئويلىنىپ كېيىن قاشقۇۋۇق ئارقىلىق ئاۋۋال لياڭجۇ ئايمىقىغا ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا دىيارغا

كۇچا ، تۇرپان سەنئەتكارلىرى ئارقىلىق تارقالغان . ئۇ كېيىن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى سەھنە ئەسىرى « ساكيامۇنى نىرانا (37)» دىن 600ـ700 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىكەن(38) .

گېرمانىيەلىك سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى لۇدىرس ئەپەندى تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ ئۈچ پارچە سەھنە ئەسىرىگە ناھايىتى قىزىققان ھەم بۇ كەمتۈك ، چېچىلاڭغۇ ۋەسىقىلەرنى توپلاپ ، رەتلەپ 1961ـيىلى « سانسكرىت يېزىقىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى پراگمېنتلىرى » دېگەن مەشھۇر تەتقىقات ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تەرىپىدىن تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، ئەينى زاماندا بۇ درامىنىڭ تۇرپان، قومۇل ، كۇچا ۋە قەشقەر خانلىقلىرىدا راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينالغانلىقى ، بۇددا دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا مەجبۇرەن سەھنە بوشىتىشى سەۋەبىدىن بارلىق بۇددىزم يادىكارلىقلىرى قاتارىدا بۇ دراما ئەسەرلىرىنىڭمۇ دەسسىلىپ، چەيلىنىپ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغانلىقى، باش — ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە دراما مەزمۇنىغا خاس يازمىلارنىڭ يەنە بارلىقى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن.

لۇدىرس ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، شەرقشۇناسلار ۋە سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى بۇ يېڭى بايقىلىش سانسكرىت يېزىقىدىكى دراما ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىنى قايتا يېزىش، مەركىزىي ئاسىيا ( شىنجاڭ) تىياتىر تارىخىغا باشقىچە قىزىقىش جەھەتلەردە ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان. «تۇرپاندىن تېپىلغان بۇيۇملار » ئىچىدىكى يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە دراما ئەسىرىنىڭ يېزىق شەكىللىرى ، ئايرىپ يېزىش ، قوشۇپ (ئۇلاپ) يېزىش ، ئايرىپ يەش ، چېكىت قويۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھىندىستاندىن تېپىلغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4ـ ئەسىرگە خاس ئاسوكاخاننىڭ يادنامىسىدىكى يېزىقلارغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، گېرمانىيە ئالىملىرى بۇ ئۈچ پارچە سەھنە ئەسىرى بىلەن ئاسوكاخان يادنامىسىدىكى يېزىقلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باغلىنىشلىقى ۋە قويۇق مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان . كېيىن كلاۋۇس لودۋېگ جانېرت ئەپەندى 1975ـيىلى دېھلىدا نەشر قىلدۇرغان ئاسوكاخان ھەققىدىكى بىر كىتابنىڭ 323ـ، 327ـ بەتلىرىدە يۇقىرىدىكى قاراشنى قۇۋۋەتلەتلىگەن ھەم ئالغا سۈرگەن (39). لۇدىرس ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدىكى « سانسكرىت يېزىقىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى پراگمېنتلىرى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى لۇدىرس ئەپەندىنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كېلىنگەن ۋە ئالاھىدە ساقلىنىۋاتقان سانسكرىت يېزىقىدىكى بىر قەدەر مۇھىم ۋە قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشىغا ھوقۇق بەرگەن ھەم ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان . شۇنىڭ بىلەن لۇدىرس ئەپەندى خانىمى ي . لۇدىرس خانىمنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ۋە ئىلمىي جەھەتتىن ياردەملىشىشى نەتىجىسىدە تۇرپاندىن (ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن) ئېلىپ بېرىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى بىرقەدەر مۇھىم دەپ قارالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى پراگمېنتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىققان ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ترانسكرىپسىيە قىلىپ ، ئاساسلىق مەزمۇنلارنى يېشىپ چىققان. بۇ درامىلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بۇددىزمنى ئۇلۇغلاش، بۇددىزم دۇنياسىدىكى تەڭرى ، ئىلاھ، يورۇقلۇق، ئاسمان، ئەرش،جەننەت... دېگەندەك ئابستراكت ئۇقۇملار ۋە راھىب، ساخاۋەتچى ، ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئىبادەت قىلىپ ئاخىرىدا نىرۋانا دۇنياسىغا يەنى بۇددىزمچىلار يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالى ، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت ئازابتىن قۇتۇلۇپ، تۇغۇلماي ، ئۆلمەي، مەڭگۇ ئەقلى — ھوشنى ساقلاپ قالغان ھالدا جىمجىت ھالەتكە كىرىپ، راھەت — پاراغەتتە ياشاشنى مەقسەت قىلغان مەزمۇنلار ئىپادىلىگەن. يەنى بۇددا دىنىدىكى ئابستراكت شەخسلەرنىڭ نىرۋاناغا يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چېكىدىغانلىقى، بۇ يولدا ئۇلار خىلمۇخىل ئازاب ئوقۇبەتلىرىگە دۇچار بولىدىغانلىقى، ھەتتا ھايات- ماماتلىق پەيتكە دۇچ كېلىپ جان ئۈزۈشكە ئازقالغاندا قانداقتۇر غايىبتىن بىر ئەۋلىيا پەيدا بولۇپ ئۇنى قۇتقۇزىدىغانلىقى ، بەزىدە جىن-شاياتۇنلار چىرايلىق نازىنىن خېنىم سىياقىدا ئۆزگىرىپ كېلىپ ئۇنى يولدىن ( ئىرادىسىدىن) ئازدۇرۇشقا ئورۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ، شۇڭلاشقا نىرۋاناغا يېتىشنى نىيەت قىلغانلار بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق راھەت — پاراغەتتىن ، چىرايلىق

نازىنىن خىنىملاردىن ، نازۇ نېمەتلەر ... دىن ۋاز كېچىپ ۋە ئۇنى هارام دەپ بىلىپ بۇددا يولىدا بىر ئۆمۈر ئىستىقامەت قىلغاندىلا ئاندىن كەلگۈسىدە نىرۋانا دۇنياسىغا ( هازىرقى زامان تىلىمىزدىكى جەننەتكە ) بېرىپ راهەت — پاراغەتتە ياشايدىغانلىقى درامىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى قىلىنغان. ئەينى زاماندىكى بۇ دراما ئەسىرنى يازغان يازغۇچىلار بۇددىزمغا كۈچلۈك ئەقىدە باغلىغان زىيالىيلار بولغانلىقى ، مۇهىمى قوچو ۋە كۇسەن مەملىكەتلىرىدىكى خان- پادىشاهلاردىن تارتىپ تاكى قۇل ، دېدەك — چۆرىلەرگىچە هەممە ئادەم هەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت بۇددىزم قائىدە — يوسۇنلىرى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقى ، قىسقىسى يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە دراما ئەسىرنىڭ ئاپتورلىرى ياشىغان دەۋر، جۇغراپىيەلىك شارائىت، زامان، ماكان، جەمئىيەت مۇهىتى پۈتۈنلەي بۇددىزم ئىدېئولوگىيەسى بويىچە بولغاچقا ، ئاپتورلار مەلۇم نوم ، سۇترالاردىكى هېكايە قىسسە ياكى چۆچەكلەرنى مەزمۇن قىلىپ ۋە ئۇنى دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆزنىلاشتۇرۇپ ، پېرسوناژلارنى توقۇپ چىقىرىپ بۇلارنى يۇقىرىدىكى مەركىزىي ئىدىيە بىلەن ماسلاشتۇرۇپ يېزىپ چىققان .

لۇدىرس ئەپەندى خانىمى بىلەن بىللە « تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر» ئىچىدىكى ساندىسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى جۈملىدىن يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە دراما ئەسىرى تېكىستىنى مەزمۇنىغا ئاساسەن كاتالوگ تۈرغۈزۈپ ، ئۇنى ئىچكى جەهەتتىن تېخىمۇ ئىنچىكە مۇندەرىجىلەرگە ئايرىپ ، تۈپلەپ « لۇدىرس كاتالوگى»نى ئىشلەپ چىققان ۋە بىر ئۆمۈر مۇشۇنىڭغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان . كېيىن سانسكرىت يېزىقشۇناس ۋالدىسمىت ئەپەندى بۇ كاتالوگدىن پايدىلىنىپ « تۇرپاندىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» دېگەن كىتابىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان . ئۇ بۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە، بۇ سانسكرىتچە ۋەسىقىلەرنىڭ ۋەيران بولۇش ئەهۋالى ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بۇ ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بۇلارنى تەتقىق قىلىشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرى هەققىدە توختالغان. ۋالدىسمىت ئەپەندى دراما ئەسەرلىرىگە ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ پراگمېنتلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ ، سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن سىرت ، تۇرپاندىن بېرلىنگە ئېلىپ كېلىنگەن نەچچە يۈز باغلام ۋەسىقىلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ چىققان . ئەسلىدە بىر نەچچە يۈز باغلام ئۈستىگە رىم رەقىمى بىلەن بەلگە سېلىنغان. بۇ بەلگىلەر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قېتىم سانى ، تېپىلغان ئورنى ، تاپقۇچى، نومۇر سالغۇچى ، يىل ، ئاي ، كۈننى ئىپادىلىگەن . هەتتا بەزى باغلاملار ئىچىدىكى هەربىر ۋاراققىمۇ شۇنداق نومۇر ، بەلگىلەر سېلىنغان. كېيىن بۇ ۋەسىقىلەر رەت تەرتىپى ۋە مەزمۇنلىرى، يېزىق تۈرىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىپ مەخسۇس ياسالغان ئەينەك جاهازىلارغا قويۇلغان.

ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان هەم گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتكەن 17 تۈرلۈك تىل، 24 خىل يېزىقتىكى نەچچە يۈز باغلام تارىخىي ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر سەنئىتىگە دائىر مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلغان لىكوك، بارتۇس، گرۈنۋېدېل، پىشىل، لۇدىرس، ۋالدىسمىت، هېنرى يولى قاتارلىق ئالىملارمۇ خۇددى گابائىن خانىمغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر تارىخىغا ئالاهىدە قىزىققان ۋە ئۇنى نەققىق قىلىشقا ناهايىتى ئەهمىيەت بەرگەن. چۈنكى، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلى، تىياتىر- درامىلىرى ئەينى زاماندا شەرق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسى ئىكەنلىكىنى، قاشتارلىق، ئورا كۆز، يوغان ساقال- بۇرۇتلۇق، يۇچۇن تۈرك (هۇن) نەسلىلىك بۇ خەلقلەرنىڭ سەنئىتى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ ئوتتۇرا دىياردىن هالقىپ ئۆتۈپ تاكى كورىيە، بىرما ۋە ياپونىيەگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يېگانە « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما تىياتىر سەنئىتىنىڭمۇ بۇنچىۋالا قەدىمكى ۋاقىتلاردىن ( يەنى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىن) تارتىپلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. گېرمانىيە ئالىملىرى ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى ئۈچۈن تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر،خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە بۇ جايدىن تاپقان نەق تارىخىي ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر سەنئىتى تارىخىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ تەتقىق قىلىنماي ئاق قالغان نەرسىلەرگە دىققەت ئېتىبارىنى قاراتقان. بولۇپمۇ ئۇلار « سارىپوترا هەققىدە قىسسە»، « بۇددا مۇخلىسى نەنتانىڭ سەرگۈزەشتىسى»، «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» هەمدە باش-

ئاخىرى كەمتۈك، ئەمما ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، تەسرلىك بولغان ئىسمى نامەلۇم يەنە بىر قىسىم دراما ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىنلا تىياتىر سەنئىتىگە باي، بۇددىزم نوم- سۇترالىرىدىكى تەسرلىك ۋەقەلەرنى درامىلاشتۇرۇپ يازالايدىغان، ھەم سەھنە- سەينالاردا ئۇينىيالايدىغان سەنئەتخۇمار خەلقلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان.

لۇدىرس قاتارلىق بىر قىسىم گېرمانىيە ئالىملىرى لىكوك ئەپەندى تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تاپقان يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە دراما ئەسرىنى دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ھىندىستان يېزىقىدا يېزىلغان، كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ھىندىستانلىق بۇددىزم شائىرى، يازغۇچى ئاسۋاگوسا پۇسار يازغان « سارىپۇترا ھەققىدە قىسسە» بولۇپ، ئۇ توققۇز پەردىلىك دراما ئىدى، تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ ئۈچ پارچە دراما ئەسرى بولسا كۇشان يېزىقىدا يېزىلغان، ئالىملار ئۇنى مىلادىيە 1- ئەسرنىڭ ئالدى — كەينىدىكى يادىكارلىق دەپ قارايدۇ، ئەمما ئىشلىتىلگەن يېزىق شەكلى ئوتتۇرا ئاسىيا براھمى يېزىقىدا يېزىلغانلىرى شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى ئاپتورلار تەرىپىدىن قوشۇپ يېزىلغان بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. شۇنداق يېزىقى بولۇپ دەۋرى سەل كېينرەك، براھمىچە بولغاندا ئۇ مىلادىيە 1- ئەسىردىن مىلادىيە 4-5- ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يادىكارلىق بولۇپ چىقىدۇ(41) .

تۆت نەپەر رۇسىيەلىك ئالىم بىرلىكتە يازغان « قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتى» ناملىق يىرىك ئەسەردە «مائىترىنىڭ ئۈچرىشىشى» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىياتىر ئەسەرلىرى ئۈستىدە، مەخسۇس توختالغان ھەم تۇرپاندىن تېپىلغان ئۈچ پارچە بۇددىزم مەزمۇنىدىكى دراما ئەسرى يادىكارلىقنىڭ بىرى بولغان بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئېھتىمال كانىشكا دەۋرىدىكى مەشھۇر ماھايانا بۇددىزم ئالىمى ئاسۋاگوسانىڭ دراما ئەسرىنىڭ ئىلگىرىگە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا غەربىي دىيارنىڭ تىياتىر سەنئىتى ئالللىقاچانلا خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنىدى (42)، دەپ يازغان.

يۇقىرىقىلار ئىچىدە لىكون تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تاپقان ئۈچ پارچە دراما ئەسرى بولۇپ، قەدىمكى ھىندىستان يېزىقى بولغان سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان، ياڭ فۇشۆ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ ئۈچ پارچە دراما ئەسرى ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ھىندىستانلىق يازغۇچى، شائىر ئاسۋاگوسانىڭ ئەسرى « سارىپوترا ھەققىدە قىسسە» درامىسى ئىكەن. بۇ سەھنە ئەسرى توققۇز پەردىلىك بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى 150 بەت، كۇشان يېزىقىدا يېزىلغان، تەتقىقاتچىلار ئۇنى مىلادىيە 1- ئەسىر ئەتراپىدىكى يادىكارلىق دەپ قارىغان، لېكىن ئۇ بالدۇرقى مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا براھمي يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولغاچقا، دەۋرى سەل كېيىن ئىكەن. بۇ قەدىمكى شىنجاڭدىكى يىغىپ ساقلىغان كىشى تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان ئىكەن.

لى جىڭيۈ قاتارلىقلار بۇ « سارىپۇترا ھەققىدە قىسسە » درامىسىنى جۇڭگودىن ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى سەھنە ئەسرى — ئاخىرقى تاڭ دەۋرىگە خاس دۇنخۇاڭ نۇسخىسىدىكى « ساكيامۇنى ھەققىدە ۋەج دراما ئەسرى» دىن 800 يىل ئەتراپىدا بالدۇر، ھەم شىنجاڭدىن تېپىلغان توخرى يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ئەسرى «مائىترى سىمىت» (مائىترىنىڭ ئۈچرىشىشى) دىن ئون ئەسىرچە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان(43) .

تۇرپاندىن تېپىلغان يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە سانسكرىت يېزىقىدىكى دراما ئەسەرلىرى ئىچىدە « سارىپۇترا ھەققىدە قىسسە» درامىسى نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ توققۇز پەردىلىك بۇددىزم درامىسىدا بۇددا ئىلاھى ساكيامونىنىڭ ئىككى نەپەر ئۇلۇق شاگىرتى سارىپۇترا بىلەن ماخامائۇد گالىيايانانىڭ قانداق قىلىپ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىستىقامەت قىلغانلىقىغا دائىر ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. دراما ئەسرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئالتۇن كۆزلۈكنىڭ ئوغلى ئاسۋاگوسا يازغان « سارىپۇترا ھەققىدىكى دىنىدىن خالى دراما» دەپ يېزىلغان. دىنىدىن خالىي دراما سەنئىتى ھىندىستاننىڭ كلاسسىك سانسكرىتچە دراملىرىدا قەھرىمانلىق دراملىرى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان بىر خىل تىياتىر ژانىرى ھېسابلىنىدىكەن. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ « سارىپوترا ھەققىدە قىسسە» دراما ئەسرىدىكى بىر قىسىم شېئىر — قوشاق ۋە مەدھىيەنامىلەر ئاسۋاگوسانىڭ دىنىي داستانى بولغان « بۇدداغا مەدھىيە» سىدىن ئېلىنغان ئىكەن.

جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى « مۇزىكا مەھكىمىسى نەزىم توپلىمى» 78- جىلد « نەغمىلەر ۋە ناخشا تېكىستلىرى»دە كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي دىياردىن (ئاساسلىقى كۇچا ۋە تۇرپان خانلىقىدىن) تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تارقىلىپ بارغان نەغمىلەر ئىچىدە ساكيامۇنى بۇددانىڭ داڭلىق شاگىرتلىرى سارىپۇترا بىلەن ماخامائۇد گالىيايانانىڭ نامىغا بېغىشلانغان يەنى بۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇددا نەغمىلىرى ۋە ناخشىلار بولغان. بۇ نەغمە ۋە ناخشىلار بەلكىم ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 3-،4- ئەسىرلەردە غەربىي دىياردىكى كۇچا، تۇرپان، خوتەن قاتارلىق بۇددا سەنئىتى روناق تاپقان خانلىقلارنىڭ سەھنە- سەينالىرىدا ئوينالغاندا، شۇ يەرلىك كومپوزىتورلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەم سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە غەربىي دىيار سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن دۇنخۇاڭ ئارقىلىق لوياڭ، چاڭئەنلەرگە تارقىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، سارىپۇترا نامىدا ئاتالغان ئۇ نەغمە ۋە ناخشىلار « سارىپۇترا ھەققىدە قىسسە» دىرامىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. 1905-يىلى12-ئايدىن 1907-يىلى 6-ئايغىچە گېرمانىيە 3- قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن« مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق دراما ئەسىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتە خىل قولىيازما نۇسخىسىنى تاپقان. فرانسىيەلىك ئالىملار بۇلارنىڭ تېپىلغان ئورنىنى « مۇرتۇق نۇسخىسى»(ئىككى خىل) دەپ ئايرىغان، يەنە ئىككى خىل نۇسخىسىنىڭ تېپىلغان ئورنىنى ئېنىقلىيالمىغان. بۇلاردىن سىڭگىمدىن تېپىلغان نۇسخىسى سەل ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان ھەم بەت سانى سەل كۆپرەك بولۇپ، ئون نەچچە ۋاراقلا قالغان. بۇ ئەسلى قولىيازمىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلىگەن. بۇلار سابىق غەربىي گېرمانىيەدىكى مېينىز پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن بېرلىندىكى سابىق شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئايرىم- ئايرىم ساقلانغان. گېرمانىيەلىك مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ئاننا مارىيە ۋۇن گابائىن خانىم(1901 -1993 -) بۇلارنى رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ 1957-ۋە 1961- يىللىرى ئايرىم- ئايرىم فوتو باسمىسىنى نەشر قىلدۇرغان(44) .

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دىيارىمىزنىڭ تىياتىر سەنئىتى ھەرگىزمۇ ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ئەمەس. ئالىملار « بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىلا بۇددا دىنىنىڭ ‹سەرۋاستى ۋادىنا›(سانسكرىتچە مەنىسى ھەممىدە مەۋجۇت دېگۈچىلەر) تەلىماتى ئاللىقاچانلا ئەۋج ئالغان»(45) دەپ يەكۈن چىقاردى. دېمەك، بۇددا دىنى دىيارىمىزغا تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىلا تارىم ئاھالىلىرى تىياتىر سەنئىتى بىلەن خېلى پىششىق تونۇش ئىدى. قانداقتۇ دىيارىمىز تارىخىدىن خەۋرى يوق بەزى كىشىلەر دىيارىمىزدىن تېپىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ( جۈملىدىن تىياتىر ئەسەرلىرىگە) قاراپ ئۇنى ھىندىستاندىن تارقىلىپ كىرگەن ھىندىستان تىياتىرى دەپ ئۆزىچە «ھۆكۈم» چىقىرىدۇ. بۇ تامامەن خاتا! ھەرگىز ئىلمى قاراش ئەمەس. مېنىڭچە، دىيارىمىزدىن سانسكرىتچە يېزىقلارنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت پەقەت دىيارىمىزدا قەدىمدە بۇددىزم تەرغىباتىدا سانسكرىتچە يېزىق راۋاج قوللىنىلغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بەزى تارىخىي ۋەسىقىلەرنىڭ سانسكرىتچە يېزىقتا يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن« ھۆكۈم » چىقىرىپ، قەدىمكى تارىم ئاھالىلىرى سانسكرىتچە تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر (يەنى ھىندىلار) ئىدى، دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇر دىياردىكى (ئىچكى ئۆلكىلەردىكى) بۇددىزم مىڭئۆيلىرىدىن ۋە يەر ئاستىدىن سانسكرىتچە ۋەسىقىلەر تېپىلغان، لېكىن ئۇ جايلاردا ئەزەلدىنلا سانسكرىتچە تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر بولمىغانغۇ؟ يەنە مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «قۇرئان» ئوقۇلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئەمەسقۇ ؟

شۇڭلاشقا ئىلىمگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، تارىختىكى يېزىقلارنىڭ قانداق شارائىتتا، نېمە سەۋەبتىن قوللىنىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ بۇددىزم تەرغىباتىدا بارلىق نوم- سۇترا ۋە باشقا بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سانسكرىت يېزىقى ئارقىلىق تارقالغانلىقىنى؛ كېيىنچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ‹‹قۇرئان›› قاتارلىق بارلىق دەستۇرلىرىمۇ خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئەرەب يېزىقىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغانلىقى، يەنى دۇنيادىكى دىنلار قەيەردە پەيدا بولغان بولسا باشقا جايلارغىمۇ

شۇ خەلقنىڭ يېزىقىدا تارقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي قائىدىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشنى، ئۆزئارا ئۆگىنىش، تولۇقلاشنى تارىختىكى نورمال ھادىسە دەپ چۈشىنىش لازىم.

خۇلاسىلىگەندە تارىختا ‹‹مەرىپەتپەت ماكانى››، «ناخشا- ئۇسۇل ماكانى »،‹‹ مېۋە - يېمىش ماكانى›› دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن بۇ ئەدەبىيرت - سەنئەت ئوچىقىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ناخشا- ئۇسۇل،مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىرگە تىياتىر سەنئىتىمۇ ئويلىنىپ كەلگەن. بىراق قەدىمكى زامانلاردا دىيارىمىز ئاھالىلىرى ئۆز تۇرمۇش مەنبەلىرىدىن ئىجاد قىلغان ۋە كەڭ ئاممىۋىي سەھنە- سەينالاردا ئويناپ كەلگەن ئىپتىدائىي مۇراسىم ئويۇنلىرى، دراماتىك مەزمۇندىكى مەسخىرىۋازلىق، ھەزىلكەشلىك، نىقابلىق ئويۇنلار ۋە مەشرەبلەر بىلەن خاس دراما شەكلىدە ئويلىنىدىغان تەقلىدى ئويۇنلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا دىيارىمىزدا بارلىققا كەلگەن.

دىيارىمىزدىن تېپىلغان 6000_2000 يىللىق تارىخقا ئىگە قىياتاش رەسىملىرىدىكى موللاقچى، قىزىقچى، دورامچى( تەقلىدچى )، ئوبرازلار، خوتەندىكى يوتقان خارىبىسىدىن تېپىلغان تىياتىر نىقابلىق، مايمۇن شەكىللىك ئاكتىيور ۋە سازەندە ھەيكەل- قۇنچاقلار، تۇرپان ئاستانىدىكى 206-نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ۋە «قونچاق تىياتىرى» ئويناۋاتقان 17 نەپەر تىياتىرچى ئارتىس قونچاقلار، قىزىل مىڭئۆي تاملىرىغا سىزىلغان سۇژىتلىق تىياتىر تۇسنى ئالغان «بۇددا قىسسەلىرى» بىلەن « يارالمىش ھېكايىلىرى»، قومۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان « مايتىرى سامىتا ناكاكا» («مايتىرنىڭ ئۇچرىشىشى» بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى 27 پەردىلىك دراما ئەسىرى) ھەمدە خەن سۇلالىسىدىن تاكى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگىچە چاڭئەن، لوياڭلاردا نەچچە ئەسىرگىچە غەربىي دىيارلىقلار تەرىپىدىن ئوينالغان «ئۇيغۇر تىياتىرى » نىڭ بولغانلىقى، ياپونىيەدە «شىر كەيپ ئۇيغۇر بېگى » ناملىق شەكلى، مەزمۇنى ئۇيغۇرچە، تىلى ياپونچە نىقابلىق تىياتىرنىڭ تاكى ھازىرغىچە ساقلانغانلىقى، ئەينى زامانلاردا دىيارىمىزدىن چاڭئەن، لوياڭلارغا ئېلىپ بېرىلىپ كەڭ ئوينالغان « سارغايدى»، «چەرىخ پەلەك»، «سۇمۇز»، «باتۇر»، «نىقابلىق كىشى»، «شىر ئويۇنى»... قاتارلىق يۇزلەرچە دراماتىك، تىياتىرستىك، يۇمۇرىستىك ئويۇنلار بىزگە ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆتمۈشىدىن دالالەت بېرىدۇ.

## 5. تۇرپاندىن تېپىلغان 27 پەردىلىك قەدىمكى ئۇيغۇر دىرامىسى « مائىترى سىمىت» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تۇنجى قېتىم گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تۇرپان تەۋەسىدىن « مائىترى سىمىت» ( مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى) دراما ئەسىرنىڭ 6 دەپتەرگە كۆچۈرۈلگەن 6 پارچە قولىيازما نۇسخىسىنى تاپقان(46) . كېيىن فرانسىيە ئالىملىرى بۇ قولىيازمىلارنىڭ تېپىلغان ئورنىغا ئاساسەن « سىڭگىم نۇسخىسى»(ئىككى خىل) ۋە « مۇرتۇق نۇسخىسى»(ئىككى خىل ) دەپ ئايرىغان. يەنە ئىككى خىل نۇسخىسى باشقا 5 خىل نۇسخىغا قارىغاندا بەت سانى (ھەجمى) سەل كۆپرەك بولۇپ، نىسبەتەن مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغىنى ئارانلا ئون نەچچە ۋاراق بولغان. بۇ پۈتۈن كىتابنىڭ ئوندىن بىر قىسمىمۇ ئىگىلىيەلمىگەن. بۇ تولۇقسىز قالدۇق ۋاراقلارنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى سابىق غەربىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە، يەنە بىر قىسمى بېرلىندىكى سابىق شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە قويۇپ ساقلانغان. دېمەك، ‹‹مائىترى سىمىت›› دراما ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم (كېيىن قارا شەھەر ۋە قۇمۇللاردىمۇ تېپىلغان) گېرمانىيە ئارخېئوگلىرى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلىرىدىن بۇ مەشھۇر درامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى. 1957-يىلى ۋە 1961-يىلى گېرمانىيەلىك پروفېسسور گابايىن خانىم ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ئىدى . بۇ دراما ئەسىرى ھازىرغىچە چەت ئەللەردە ۋە مەملىكەت ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقاتقا ئېرىشتى. تۆۋەندە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىپ مەزكۇر درامىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان بۇ چوڭ ھەجىمدىكى « مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى» دىن ئىبارەت بۇددىزىم

مەزمۇنىدىكى دراما ئەسىرى ئالدى بىلەن بۇددىزم ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ، شۇڭلاشقا ئەسەر ئەدەبىي ئىستىلى جەھەتتىن ھەر بىر بۆلۈمىنىڭ تىلى بىلەن ئەسەرنىڭ تىلى ئوخشاش بولۇپ، ئىنتايىن قېلىپلاشقان. ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئېسىل بەدىئىي تەسۋىرلەر ئوبرازلىق ۋە جانلىق بولۇپ، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان، كامالىغا يەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نامايان قىلىنغان. « مايتىرى سىمىت» تېكىستىدە جانلىق ئۇسلۇب، تەسىرلىك ئەدەبىي ۋاستە ئارقىلىق بۇرخان (بۇددا) نىڭ ھەممىگە قادىرلىقى، مايترىنىڭ مېھرىبانلىقى بايان قىلىنغان ۋە بۇرخان، تەڭرى، ئىلاھ، مايترىلارنىڭ ئالەمدىكى جانلىقلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان ھېكايىلىرى سۆزلەنگەن، بۇددىزم نەزەرىيىسى، بۇددىزم نۇقتىئى نەزەرلىرى شەرھىلەنگەندىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان تەسۋىرلەر قوللىنىلغان، دىئالوگلاردا پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تۇزۇن (ئالىيجاناب ) مايترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ياخشى ئالامەتلىرى، شەپقەتلىك ئۇستازىدىن ئايرىلىپ تويىن بولمىشى، ساكيامۇنىنىڭ ئىنىگىئانىسى گائوتامى خوتۇن بۇرخانغا ئاتاپ تىككەن تونىنى قولىدىن قولغا ئايلاندۇرۇشى، تەڭرى بۇرخاندىن كەلگۈسىدىكى بۇتنى تەلەپ قىلىشى، جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغان ساخاۋەتلىك، ساۋابلىق ئىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى مەدھىيىلەش مەقسىتىگە يەتكەن. ئومۇمەن، تۇزۇن مايترىنىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «يۈكۈنچ» بۆلۈمىدە بولسا، ئاساسەن «ئۈچ ئەردىنى» (بۇرخان، نوم، تويىن) گە بولغان ساداقەتمەنلىك يېزىلغاندىن تاشقىرى، « ئۈچ ئاغىلىق نوملار» ۋە بۇرخان، تويىنلار(راھىب ) جامائىتىنىڭ سىرلىق ھەيۋىسى سىڭدۈرۈلگەن ئاتالمىش بۇددىزم ھەقىقىتى خەلققە تەشۋىق قىلىنىدۇ. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاساسەن ھىنايانا مەزھىپىنىڭ كۆز قارىشى تەكىتلەنگەن بولۇپ، «تۆت خىل جاپالىق تېرىشىش »،« تۆت خىل قۇت(مەرتىۋە ، دەرىجە)»، «تۆت خىل نىرۋان »،«27 ئەۋلىيا»، «سەككىز تۈرلۈك تۇزۇن (توغرا) يول » قاتارلىق ئاساسىي نەزەرىيىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان(47) . تۆۋەندە بەزى پەردە ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

دىرامىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنى (1-پەردىسىنى) ئىككى كۆرۈنۈشتىن تەشكىل تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچى كۆرۈنۈشتە، ۋايىسرۋانى ماھاراجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۈچ سەركەردىنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق، ساكيامۇنى بۇرخان بەختىنى تاپقاندىن كېيىن (بۇددالىققا يەتكەندىن كېيىن) ماگىت ئەلىدىكى پاساك تاغدا نوم نوملاۋاتقانلىقى، بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۆي- ۋاقلىرىنى تاشلاپ بۇددا دىنى راھىبى بولغانلىقىنى، مائىترىنىڭمۇ پات ئارىدا ئۇستاز بادارى برامان بىلەن خوشلىشىپ پاساك تاغقا تاڭرى بۇرخان ( ساكيامۇنى) ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شاگىرتى يەنى تويىن(راھىبى) بولىدىغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مائىترى تويىن بولىدىغان كۈندىكى كاتتا مۇراسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن پاساك تاغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۈچ سەركەردە ئۆزلىرىنىڭمۇ مائىترى تويىن بولىدىغان كۈندىكى مۇراسىمنى كۆرمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى ئېيتىشىپ يۈرۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى كۆرۈنۈش ئاياقلىشىدۇ. ئىككىنچى كۆرۈنۈش، بادارى برامان ئۆزىنىڭ 500 شاگىرتىنى ئەتراپىغا ئېلىپ، مائىترىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاساسلىقى، بادارى برامانغا تەڭرى بۇرخان ساكيامۇنىنى كۆرۈش توغرۇلۇق تەڭرى ئىلاھدىن ۋەھىي كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئىلاھ پۇرناباترى (سانسكرىتچە purnabhadra) بادارىغا بۇرخان ساكيامۇنى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىدۇ. بادارى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تەڭرى بۇرخاننى كۆرۈشكە بارالمايدىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. پۇرناباترى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆرۈنۈش ئاخىرلىشىدۇ. دىرامىنىڭ ئىككىنچى(پەردىسىدە) بۆلۈمىدە، مائىترى ئۇستازى بادارى برامان بىلەن خوشلىشىپ ۋە ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ 15 نەپەر ھەمراسى بىلەن ساكيامۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ تويىن بولغانلىقى سۆزلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئۈچ كۆرۈنۈشتىن تەشكىل تاپقان دېيىش مۇمكىن.

بىرىنچى كۆرۈنۈش بادارىنىڭ مائىترى قاتارلىق 16 شاگىرتىنىڭ تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. مائىترى ئۇستازىدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تويىن

بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىجازەت سورايدۇ. باداري ئۆزىنىڭ ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇزۇن يۇللارنى بېسىپ ساكيامۇنىنىڭ قېشىغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋە ئۇلارغا تەڭرى بۇرخان ساكيامۇنىنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن، ئۇلار ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىگە سەپ سېلىشى كېرەكلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن قىيىن مەسىلىلەر توغرىسىدا سوئال سوراپ كۆرۈشلىرىنى، ئۇنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكى، قىيىن مەسىلىلەر توغرىلىق سوئال قىلىپ سورىغانلىقى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا تولۇق جاۋاب بەرگەنلىكى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار تەڭرى بۇخان ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

درامىنىڭ ئۈچىنچى (پەردىسىدە) بۆلۈمدە، ئومۇمەن ساكيامۇنىنىڭ ھاممىسى ۋە ئىنىكئانىسى ماھاپرىجاپانى گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ساكيامۇنىغا تون تىكىش ۋەقەسى سۆزلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى كۆرۈنۈشكە ئايرىش مۇمكىن.

بىرىنچى كۆرۈنۈش گائۇتامى خاتۇنىنىڭ دېدىكى پاتىنى قىزنىڭ تەڭرى ساكيامۇنىنىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە قاچان كېلىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن نىگۇدارام ساڭرامغا(بۇددا ئىبادەتخانىسىغا) كەلگەنلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. پاتىنى ئىبادەتخانىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر ئۇپاسانچ (بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، لېكىن تېخى راھىبەلىككە كىرمىگەن ئاياللار-ئۇپاسانچ دېيىلىدۇ-ئا. ) ئايال چىقىپ، ئۇنىڭ قەيەردىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. پاتىنى ئۆزىنى گائۇتامى خاتۇنىنىڭ بۇرخان ساكيامۇنىسنىڭ قاچان كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئايال ساكيامۇنىنىڭ كېلىشىنىڭ گائۇتامى خاتۇنغا نېمىگە كېرەك ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. پاتىنى قىز گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئاغمايدىغان سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ئامراق ئوغلۇمغا تون تىكىپ كىيدۈرەي دەپ، ئۆز قولى بىلەن چېچىپ، ئوت ئۇتاپ، پاختا تېرىپ، يىپ ئىگىرىپ، ئالتۇن رەڭلىك بۆز توقۇپ چىققانلىقىنى؛ ساكيامۇنى يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئالتۇن رەڭلىك بۆزدىن ئىشلەنگەن تونىنى ھەدىيە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇ ئارىدا ياسۇدارا( ساكيامۇنىنىڭ خوتۇنى) نىڭ دېدىكى كېلىپ، ساكيامۇنىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە ياسۇدار خاتۇنىنىڭ بۆزنى توقۇپ پۈتتۈرۈپ، ساكيامۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. كېيىن، ئۇلار ساكى (ساكى-سانسكرىتچە sakya دىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنى كېلىپ چىققان ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ نامى) بەگلىرىنىڭ ساكيامۇنىنىڭ كېلۋاتقانلىق خەۋرىنى ئۆز خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېڭىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ئۇپاسانچ ئايالمۇ ساكيامۇنى ئالدىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى كۆرۈنۈش ئاياقلىشىدۇ.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش، ماھاپرجاپاتى گائۇمامى خاتۇن ساكى ئۇرۇقىدىن چىققان 500 ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆزى توقىغان ئالتۇن رەڭلىك بۆزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ياسادارا خاتۇنغا سۆزلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ. گائۇتامى خاتۇن بۇرخان ساكيامۇنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالتۇن رەڭلىك بۆزنى ئۇنىڭغا تۇتىدۇ. ساكيامۇنى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. باشقىلار، ئۇ كېچىدە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا (ساكيامۇنى تۇغۇلۇپ 7-كۈنى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن)، گائۇتامى خاتۇن ئۆز سۈتى بىلەن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ بۆزنى رەت قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، بۆزنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ساكيامۇنى ئۇ بۆزنى باشقا راھىب جامائەتكە سەدىقە قىلىپ بېرىشنىڭ پايدىسى ۋە ساۋابلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ.

درامىنىڭ تۆتىنچى (پەردىسىدە) بۆلۈمدە، تەڭرى بۇرخان ساكيامۇنىنىڭ بىر شاگىرتى ئۇنىڭغا بۇرۇنقى تەمسىللەردىن سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان مائىترى بۇرخان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكى، مائىترى بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بۇرخان بولۇپ ئازابتا قالغان بارلىق جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ساكيامۇنىدىن ئۆزىنى كەلگۈسى بۇرخان قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىكى بايان قىلىنغان(48) .

«مائىترى سىمىت» دراما ئەسىرىنى تەتقىق قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

مۇزېيىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دراما ئەسەرنىڭ «يۈكۈنچ» بۆلۈمنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنى تۆت ئابزاسقا (كۆرۈنۈشكە)، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ئابزاسنى يەنە ئۈز ئىچىدىن تۆت قىسمغا بۆلۈش مۇمكىن. مەسىلەن، بىرىنچى قىسمىدا بۇرخان(بۇددا) نىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، جانلىقلارنى قۇتۇلدۇرغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. بۇنىڭدا توققۇز مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇرخاننىڭ ھەممىگە قادىرلىقى چۈشەندۈرۈلگەن: (1) بۇرخاننىڭ يولۋاس قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قورقىتىش ئارقىلىق ئىلىك بەگنى قۇتقۇزغانلىقى؛ (2) بۇرخان يالىڭاچ چوپان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، خاتا نۇقتىئىينەزەرلىك توينى قۇتقازغانلىقى؛ (3) ئېغىر ئاياق ئايال تولغاق ئاۋازىغا چىدىماي ئانىسنى چاقىرىپ نالە قىلغاندا، بۇرخان ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى ئازابتىن قۇتقازغانلىقى؛ (4) بۇرخاننىڭ مەلىكە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئىنچىكە يىپ ئىگىرگۈچى ئاياللارنى تەكەببۇرلۇق نىزۋاندىن قۇتۇلدۇرغانلىقى؛ (5) بۇرخان سەدىقىچى ئەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، سەدىقىچىنى بېخىللىق نىزۋاندىن قۇتقۇزغانلىقى (6) بۇرخان ياشانغان توين قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بوسكا راسارى ئىلىك بەگنى مەنمەنلىك نىزۋاندىن قۇتۇلدۇرغانلىقى؛ (8) بۇرخان ئاي تەڭرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، نوم تەپسىر قىلىش ئارقىلىق براھمان ئوغلىنى قۇتقۇزغانلىقى؛ (9) بۇرخان قۇشقا ئۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، كاتتاۋېلار ئىلىگنى قۇتقازغانلىقى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى قىسمىدا بۇرخان پاراستى سۆزلەنگەن: يەنى بۇرخان بارلىق ئەقىل- پاراستىنىڭ بەلگىسى پاراسەت بىلەن جانلىقلارنىڭ كۆڭلى- كۆكسىنى، ماھىيىتىنى، قىلمىش- ئەتمىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قۇتۇلۇشنىڭ ئۇرۇقى بار- يوقلۇقىنى، قورقىدىغان- ئەيمىنىدىغان ماھىيەتىنىڭ بار- يوقلۇقىنى، سەككىز تۈرلۈك توغرا يولغا چۈشىدىغان - چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ؛ تېتىك، ئۆتكۈر پاراسەتلىكلەرنى ۋە نىزۋانى ئىچىدە تىركىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئېنىق ئايرىپ بىر — بىرلەپ قۇتقۇزىدىغانلىقى بايان قىلىنغان .

ئۈچىنچى قىسمىدا بۇرخانىڭ چەبدەسلىكى سۆزلەنگەن. شاگىرتى بۇرخاندىن مۇتكالايان ئارخانتىنىڭ ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈنگەندە، بۇرخان شاگىرتىنى ئىززەت قىلىش يۈزىسىدىن بارماقىنى بىر- بىرىگە تەگكۈزگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە كاتاگىتى شەھەر دۆلىتىگە بېرىش يولىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلىك بىلەن مۇتكالايان ئارخانتىنىڭ ئانىسىنى قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ، بۇددا نومىدا (سۇترادا) خاتىرىلەنگەن مۇنۇ ۋەقە بىلەن يەنى ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى مۇتكالايان ئۆلگەن ئانىسىنىڭ دوزاختا ئازاب چېكىۋاتقانلىقى، تەتۈر ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ساكيامۇنىدىن ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقە بىلەن ماس كېلىدۇ(49) .

تۆتىنچى قىسمىدا بۇرخاننىڭ مېھرى-شەپقەتلىكلىكى، قىزىقارلىق بەش كىچىك ۋەقە ئارقىلىق بايان قىلىنغان: بىرىنچى ۋەقەدە، بىر باينىڭ قىزىنىڭ شورپىلىق گۆش سېتىۋالغىلى چىقىپ خورلۇققا ئۇچرىغانلىقى، باي بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپكە كېلىپ بۇرخانغا ئەرز قىلغانلىقى، تەڭرى بۇرخان ئىككى زەھەرلىك ئېلان پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى باسقانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ يەردىكى «غەزەپ» ئادەتتىكى غەزەپلىنىشنى كۆرسەتمەستىن، بەلكىم بۇددىزم مۇرىتلىرى يوقىتىشقا تېگىشلىك بولغان غەزەپ نېرۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ۋەقە، سارىپوترى قاتارلىق ئارخانتلار بېرۋانغا بارغاندا كېيىن ئۇلارنى ياخشى كۆرۈدىغان جانلىقلار ئۇلاردىن ئايرىلىشنىڭ ھەسرىتىگە چۆمۈپ ئۇلارنى سېغىنغاندا بۇرخان ئۇلارنى قايتىدىن پەيدا قىلىپ جانلىقلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، جانلىقلار ئۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن شاتلانغانلىقى ۋە بۇرخاننىڭ نوم تەپسىرىنى ئاڭلاپ ئازابتىن قۇتۇلۇش لەززىتىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۈچىنچى ۋەقەدە، كاپىلاۋاستودىكى ساكى قەۋمىنى قىرغىن قىلغان ۋىروتاك ئاتلىق نادان، زالىم ئىلىك بەگ ساكى قەۋمىنى ئاياق- ئاستى قىلىدىغان ھاقارەت سۆزلىرىنى سۆزلىگىنىدە، ئۇ ئەسىر قىلىپ خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان پەرىزاتلاردەك گۈزەل ئالتە ئايال ئۇنىڭدىن بۇنداق ھاقارەت قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەندە، ۋىرۇتاك ئىلىك بەگ جاللاتلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يەتتە ئەزاسىنى چاپتۇرۇۋەتكەنلىكى، ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇ ئاياللارنىڭ قۇتقۇزۇلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ھماۋانت تېغىدىن چىناكانتىك ئاتلىق دورا ئۆسۈملىكنى كەلتۈرۈپ، ئۇ، ئاياللارنىڭ

باشلىرىغا چېچىپ، ئۇلارغا قايتىدىن جان بەرگەنلىكى ۋە نوم تەپسىر قىلىپ، ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. تۆتىنچى ۋەقەدە، كەپتەر خەۋپ- خەتەرگە يولۇقۇپ، جىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سارىپوترى ئارخانتىنىڭ سايىسىدا پانالانغىنىدا قورقۇنچى بېسىلمىغانلىقى، ئاندىن تەڭرى تەگرىسى بۇرخانىنىڭ سايىسىدا پانالانغىنىدا قورقۇنچى دەرھال بېسىلىپ جىنىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىش ئارقىلىق تەڭرى بۇرخان مۇقەددەس قولى بىلەن سىلاپ، جانلىقلارنى كېسەلدىن قۇتقۇزغانلىقى بايان قىلىنغان(50) .

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى-« مائىترى سىمىت» دراممىسى دىيارىمىزغا بۇددا دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان دىيارىمىز سەھنە- سەينالىرىدا كەڭ دائىرىدە ئوينىلىپ كەلگەن بۇددىزىم دراملىرى يەنى مىلادىيە 2- ئەسىرلەردىن باشلاپ ئوينالغان « سارىپوترا ھەققىدە قىسسە»، « شاھزادىنىڭ بۇددىزم يولىدا يېتىلىشى»، « ساكىيامۇنى ھەققىدە ۋەج»، «پادىشاھ ئارانمىي» قاتارلىق دراملار بىلەن بىرگە ئويلىنىپ، ئۇيغۇر بۇددىزم دراما سەنئىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇق نامايەندىلىرىنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، مىلادىيە 10- ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆز سەلتەنىتىدىن ھەم ئەتىۋارلىنىشىدىن مەھرۇم قالدى، ھەممە ھەيكەل، رەسىم، نوم، سۇترا ۋە ئىبادەتخانا قاتارلىق بارلىق بۇددىزم يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاش «كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقتتۇق، بۇت ئۈستىگە چىچتۇق»(51) دېيىلگەن ئەھۋالغا دۈچ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بۇددىزم تىياتىر- دارمىلىرى ئەيىبلىنىپ، ساختىلىق، ناپاكلىق ۋە قاباھەتلىك دەپ قاتتىق چەكلەنگەن ھەم «يوقىتىلغان» بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردىكى 2000 يىلدىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىياتىر ژانىرى يوقىتىۋېتىلمىدى، بەلكى ساقلىنىپ قالدى. ئويغۇرلاردىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىياتىر ژانىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقام- مەشرەپلىرىدە، بولۇپمۇ خەلق مەشرەپلىرىدە، ئويۇنلىرىدا، ئەلنەغمىلىرىدە ۋە خەلق داستانچىلىقىدا داۋاملاشتى. مەشرەپ مەلۇم مەنىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك .مۇزىكىلىق ئويۇن خاراكتېرىنى ئالدى. پانتومىملىق ئۇسسۇل، ئوپېرالىق ناخشا-ئۇسسۇل، كومېدىك خۇش چاقچاق ۋە قىزىقچىلىق ، مەسخىرىۋازلىق، ھەزىلكەشلىك، دراما خاراكتېرلىك داستانكەشلىك بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىپ كەتتى. ھەتتا مەشرەپ مەيدانىنىڭ تەشكىللىنىشى بەلگىلىك تىياتىر سەھنىسى تۈزۈلمىسىگە ئوخشاپ قالدى. «نازىركوم »، «دەررە ئويۇنى». «چاي تۇتۇش ئويۇنى»،«ئۇستا كالانپايىنى ساۋاش»،«ئىككى بوۋاينىڭ سۇ تالىششى»،«ئوغۇل بالا چاققان»،«ئۆچكە ئويۇنى»،«ۋاققاڭ-ۋاق»،«ئامبالنىڭ دەۋا سورىشى»، «جوۋاز قېتىش»، «سامسا يېقىش» قاتارلىق نەچچە ئون خىل قىزىقالىق ئويۇنلار تىياتىر خاراكتېرى ئالغانىدى.

## 6.قەدىمكى تۇرپاندا ئوينالغان بىر قىسىم ئىپتىدائىي نىقابلىق ئويۇن- تىياتىرلار

ئىلىمىز ئالىملىرىدىن رىڭ بەنتاڭ ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى ئويۇن-تىياتىرلار» ناملىق ئىككى قىسىملىق ئەسىرىدە، ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «سۇڭ-يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى تىياتىرلار ھەققىدە› ناملىق ئەسىرىدە، شاڭ دا ئەپەندى«تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىردە، تاڭ ۋېنشى ئەپەندى «جۇڭگو قەدىمكى زامان تىياتىر تارىخىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى» ناملىق ئەسىرىدە ۋە باشقا تەتقىقاتچى- ئالىملارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدە قەدىمكى تۇرپاندا ئوينالغان بەزى ئىپتىدائىي نىقابلىق تىياتىرلار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. تۆۋەندە بىز مۇشۇ ئىپتىدائىي نىقابلىق تىياتىرلار ھەققىدە توختىلىمىز.

### 1. سۇمۇز ناملىق نىقابلىق تىياتىر

خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە پۈتۈلىشىچە، سۇمۇز ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ چاچىدىغان بىر خىل سەيلە ئويۇنى بولۇپ، يېڭى يىل- نورۇز ۋاقتىدا ئوينىلاتتى. سۇ چېچىلغاندا مۇزغا ئايلىناتتى ۋە قىزىقچىلىق پەيدا قىلاتتى. بۇنداق سەيلىلەردە ئوينىلىدىغان ئويۇنلار سۇمۇز ئويۇنلىرى دېيىلەتتى. «كونا تاڭنامە. قوچو تەزكىرىسى »(高昌传.旧唐书) بىلەن

«كىتابلار جەۋھىرى»(册府元龟) دا كۆرسىتىلىشىچە:«سۇمۇز بەزمىسى 11- ئايدا داپ ئۇسسۇلى بىلەن سوغ تىلەپ سۇ چېچىلىدۇ، بۇ ئاۋات ئويۇن بەزمىگە ئايلىنىدۇ»، دېيىلگەن(52). سۇمۇز ئويۇنى توغرىسىدا تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى پىرخۇيلان(慧琳 737_820_يىللار) ئۆزىنىڭ «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىيسى»(一切音义) ناملىق كىتابىنىڭ 40-جىلد «سۇمۇز قالپىقىغا شەرھىي»(卷四十释苏莫帽) دە مۇنداق يازغان: «سۇمۇز غەربىي دىيار ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، سامۇز (飒磨遮) دەپ ئېيتىلاتتى. بۇ ئويۇن غەربىي كۈچا (كۇسەن) ئەلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار. بۇ ئەلدە قۇنتۇر(浑脱)، دامىيەت (大面 چۇمبەر)، باتۇر (拨头) دېگەندەك تىياتىرلىق ئويۇنلار بار. بۇ ئويۇنلار يىرتقۇچ ھايۋان نىقابلىق ياكى جىن-ئەرۋاھلار سىياقىدا نىقابلار تاقاپ ۋە ياكى خىلمۇ خىل دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ياغاچ، تېرىلەردىن ياسالغان نىقابلارنى كىيىپ ئويلىنىدۇ. ياكى ئۆتكەن كىشىگە لاي، سۇلارنى چېچىپ ۋە ياكى قولىغا سالما، ئىلمەكلەر تۇتۇشۇپ ئۆتكەن كىشىنى ئېلىپ تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ، ھەر يىلى 1 — ئاي بېشىدا باشلىنىپ 7 كۈن داۋام قىلىدۇ. ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە بۇ خىل ئويۇن خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان جىن-شەيتانلارنى قوغلاش ئويۇنى دەپ قارىلىدۇ....».

بۇددىزم ماخايانا تەلىماتىنىڭ مەشھۇر كالامى- پىراجنا ئۈچ نومىدىن تەرجىمە قىلىنغان (大»卷一论老苦有 乘理趣六波茳罗蜜多级«) ناملىق ئەسىردىكى باياناتلارغا قارىغاندا، سۇمۇز تىياتىرىدا مەخسۇس ياسالغان باش كىيىمدىن باشقا، سۇمۇز قالپىقى ۋە نىقابتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بولغان، بۇلار «羊头浑脱» (قوي باشلىق خۇنتۇر) ۋە «玉兔浑脱» (كۆمۈش توشقان خۇنتۇر) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ھايۋان بېشى سىياقىدىكى مۈڭگۈز، قۇلاقلىق تاج ۋە ھايۋان يۈزى سىياقىدىكى بىر يۈرۈش نىقابتىن ئىبارەت بولغان. يەنە بۇنداق تاج ۋە نىقاب شەكلىدىكى جابدۇقلىرى ئۆز ئىچىدىن ھايۋان يۈزلۈك...دېگەندەك كۆپ خىل شەكىللەرگە بۆلۈنگەن(53).

يەنە «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» بىلەن تاڭ دەۋردە ئۆتكەن دۇەن چېڭشى يازغان «يوۋياڭ خاتىرىلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا سۇمۇز تىياتىرىنىڭ ئويلىنىش ھەققىدە پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما سۇمۇز تىياتىرىنى تەڭرىدىن سۇ تەلەپ قىلىپ سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان قىزىقارلىق تىياتىر ئويۇن ئىكەنلىكى ئوخشاش تىلغا ئېلىنغان.

ئالاھىدە ئېتىنىك تۈس ئالغان، ئەينى زامان تۇرپان روھىيىتىنى ئىپادىلەپ تىياتىرلاشتۇرۇلغان سۇمۇز تىياتىرى ھەققىدە ئىلمىز تىياتىرسۇناسلىرى مۇنداق يازىدۇ: «سۇمۇز ناملىق ناخشا-ئۇسسۇللۇق بۇ مەشھۇر تىياتىر قەدىمكى غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ تۇرمۇش، روھىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئارزۇ — ئىستىكى ۋە ئېتىقادىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى بىلەن سەنئەت شەكلىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا سۇمۇز تىياتىرلىرىنى غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ بىر گۈلتاجىسى ھەمدە غەربىي دىيار ناخشا- ئۇسسۇللۇق تىياتىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ» (54).

سۇمۇز تىياتىرىنىڭ دىيارىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا دىياردا، ھەتتا يىراق شەرق مەملىكەتلىرى بولغان ياپونىيە ، كورىيە، لائوس، بىرما ، تايلاند قاتارلىق ئەللەرگىمۇ تارقىلىپ زور شۆھرەت قازىنىشى، ئۇلارنىڭ يەرلىك تىياتىر سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، پىشىپ، تاۋلىنىپ رەسمىي تىياتىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلىقى تارىخىي ھەقىقەتتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئەينى زاماندىكى قوچو-ئىدىقۇت خاندانلىقى يۇرتىمىز تارىخىدا كۆپ مەنبەلىك فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ياراتقان ئىدى. بۇ مەدەنىيەت قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى مۇھىم بىر ئوچۇقى سۈپىتىدە جاھان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ۋە كېيىنكى دەۋرلەر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان ئىدى. قەدىمكى زامان قوچو-ئىدىقۇت سۇمۇز تىياتىرىمۇ ئەينى زامان سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گۈزەل ئوبرازلىق بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇ خۇددى ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا- سەنئىتىگە ئوخشاشلا مۇزىكىلىق رىتىم ، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە قىزىقارلىق، كومېدىيەلىك، يۇمۇرلۇق، نىقابلىق ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەينى زامان ھاياتى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئىپادىلىگەن. گەرچە ئۇ ھارارەتلىك

زېمىن تۇرپاندىكى سۇغا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەش، كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىدىن يامغۇر-سۇ تىلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ ئوينالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىياتىر باشتىن ئاخىر سەنئەتنى، ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنى جۇملىدىن نىقابلىق ئويۇنلار، هايۋانات گىرىمىدىكى ئويۇنلار، باتۇر، شىر ئويۇنى، گۇل پانۇس ئويۇنى، سارغايدى- چاقپەلەك ئويۇنى، چېلىشىش، سېرىك- سېھىرلىگەرلىك، قىلىچۋازلىق، جانبازلىق، كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئوينالغان ئىدى.

خۇددى ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى خۇيلان (慧琳 737-820-يىللار) ئۆزىنىڭ «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرى شەرھىيسى» (一功经音义) ناملىق كىتابىدا مەلۇمات بەرگەندەك، سۇمۇز تىياتىرى قوچو-ئىدىقۇت خاندانلىقىدا ناهايىتى راۋاج تاپقان ھەم داغدۇغىلىق ئوينالغان. بولۇپمۇ قوچو-ئىدىقۇت خانلىقىدا ئالاهىدە ئېتىنىك تۈس ئالغان بۇ مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئەينى زاماندا «سوغۇق سۇ چېچىپ مۇزلىتىلىدىغان ئۇيغۇر ئويۇنى» (泼寒胡戏) بولۇپ، ئۇ قۇرغان زېمىن تۇرپاندىكى سۇغا بولغان تەشنالىقنى ئىزهار قىلىپ، كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىدىن سۇ تەلەپ قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغان، ۋەقەلىك، دىئالوگ، مونولوگ ۋە ھەرخىل قىياپەتتىكى پېرسوناژلار ئۆز- ئارا ماسلاشقان قىزىقارلىق، تەسىرلىك تىياتىر ئىدى(55) .

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ ئويۇننىڭ قوچو- ئىدىقۇت خاندانلىقىدا ۋايىغا يەتكەنلىكى، تۇرپانلىقلار باشلىرىغا ئۈنچە- ياقۇپ تاج كىيىشىپ، ناخشا-ئۇسسۇللۇق بەزمە بىلەن ئوينايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گۈل يوپۇقدالغان تۇلپارلارغا مىنىشىپ مەيدانغا كىرسە، بىر قىسمى يېرىم يالىڭاچ ياكى شىر سىياقىدا ياكى يېشى هايۋان تېنى ئادەم سىياقىدا نىقابلىنىپ قىزىقارلىق تىياتىر نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، سۇمۇز ئويۇنچىلىرى قوللىرىدا سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇملارنى كۆتىرىشىپ مەيدانغا كىرىدىغانلىقى، بۇنداق ۋاقىتتا مەيدان داقا- دۇمباقلىق ئۇسسۇل، قاينام- چۇقان هاسىل قىلىپ بايرام مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇرىدىغانلىقى، سۇ چېچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىپ، بۇ قىزىقارلىق تىياتىرنى 7 كۈن داۋاملاشتۇرۇپ ئوينايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن(56) .

تارىختىكى قوچو — ئىدىقۇت سەنئەتكارلىق تەرىپىدە پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىنىپ، رەسمىي تىياتىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، تىياتىردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ئېنىق ئايرىلغان، مەسىلەن، سۇغا تەشنا بولۇپ قوللىرىنى ئاسمانغا- كۆك تەڭرىسىگە قارىتىپ ئىلتىجا قىلىپ يامغۇر تەلەپ قىلىپ، مۇناجات ئوقۇۋاتقانلار ۋە يىرتقۇچ هايۋانلار ياكى جىن- ئالۋاستىلار سىياقىدا نىقابلىنىپ يامغۇر يېغىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلار، نەغمىچىلەر ۋە باشقىلار بولغان. خۇددى خۇشۇيچيۇ ئەپەندى ئېيتقاندەك، بۇ تىياتىردىكى ھەرخىل نىقابلار ئەمەلىيەتتە تىياتىر ۋەقەلىكى، پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىشى، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئېنىق ئېستېتىك ئاملغا ئىگە بولۇشتەك كۆپ خىل روللارنى ئوينىغان(57).

سۈي، تاڭ دەۋرىدە يۇتۇلگەن ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردە بىر قىسىم ئۇيغۇر تىياتىرلىرى، نىقابلىق ياكى هايۋان گىرىمىدىكى ئويۇنلار ، شۇنداقلا سۇمۇز تىياتىرى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك بايانلار قالدۇرۇلغان. ئەنە شۇ خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇمۇز تىياتىرى ئەسلى قۇرغاق ھەم ئىسسىق تۇرپان ۋادىسىغا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىدىن سۇ- يېغىن تەلەپ قىلىپ، سۇغا بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ئېلىپ بارىدىغان تەبىئەت بايرىمى ئىدى. ئۇ كۆپىنچە يېڭى يىل- نورۇز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. كىشىلەر تۇلۇم ۋە قاپاقلارغا سۇ ئېلىپ بىر- بىرىگە چېچىشىپ بەخت تىلىشەتتى، چېچىلغان سۇمۇزغا ئايلىناتتى ۋە قىزىقچىلىق پەيدا قىلاتتى. بۇنداق قىزىقارلىق كەيپىيات شەكىللەندۇرىدىغان سۇمۇز تىياتىرىدا نىقابلىق ياكى نىقابسىز ئويلىنىدىغان ئۇ ئويۇنلار ئوخشاشلا سۇمۇز ئويۇنى دېيىلەتتى(58) .

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن چېڭشى يازغان «يۇيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا، ئىدىقۇتتا يېڭى يىل كۈنى ۋە 2-ئاينىڭ 8-كۈنى سۇمۇز ئويۇنى ئوينىلىدۇ، دېيىلگەن. بۇ ئويۇندا ناغرا، داپ، بەرباب، راۋاب، غۇڭقا، نەي ئىشلىتىلگەن.

سۇمۇز تىياترى يەنە بىر جەھەتتىن نىقابلىق ۋە ھايۋانات سىياقىدا ياسىنىپ ئوينايدىغان قىزىقارلىق ئويۇن بولغان. سۇمۇز بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن كۈنى ناخشا-ئۇسسۇلدىن ئاۋۋال بىر نەچچە ئادەم خىلمۇ خىل قۇشلار ياكى ھايۋان سىياقىدا ياسىنىپ سەھنىدە ماھارەت كۆرسەتكەن. بۇ ئويۇن - تىياتىرچىلارنىڭ بەزىسى بېشىغا توشقاننىڭ بېشى سىياقىدا ياسالغان نىقابنى كىيىپ، قۇيرۇق ۋە پۇت چىقىرىپ، قولىدا ھاسا تاياق تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلسا، يەنە بەزىسى شىر سىياقىدا نىقابلىنىپ قىزىقچىلىق قىلغان، بەزىسى جىن- شاياتۇنلار سىياقىدا غەلىتە نىقاب كىيىپ قورقۇنچلۇق ماھارەت كۆرسەتسە، يەنە بەزىسى يولۋاس، مايمۇن، ئەجدىھار ۋە خاسىيەتلىك قۇشلار سىياقىدا نىقابلىنىپ ماھارەت كۆرسەتكەن. يەنە قىلىچۋازلار، جانبازچىلار، سىرك - سېھىرگەرلەر، موللاقچىلار ئارقا- ئارقىدىن ماھارەت كۆرسىتىپ تاماشىبىنلارنى ھەيرانۇھەس قالدۇرۇشقان.

تارىختا ‹‹مەرىپەتپەت ماكانى››، «ناخشا- ئۇسۇل ماكانى »، ‹‹ مىۋە - يېمىش ماكانى›› دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن سەنئەت بۆلىقى گۈزەل دىيارىمىزنىڭ كۆچا، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدا ئەينى زاماندا كەڭ ئوينالغان سۇمۇز تىياتىرىنىڭ جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە (مىلادىيە 420_581_يىللار)، كېيىنچە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە (مىلادىيە 581_907_يىللار) خېشى كارىدورى ئارقىلىق يىپەك يولىنى بويلاپ ئاۋۋال لياڭجۇغا، ئاندىن لوياڭ، چاڭئەنلەرگە تارقالغانلىقى ھەمدە ئۇ جايلاردىمۇ ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجراسى بىلەن ھەر يىل، پەسىللەردە داغدۇغىلىق ئوينىلىپ تۇرغانلىقى قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە كۆپلەپ خاتىرىلەنگەن(59) . بۇ ھەقتە قەشقەرلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى پىرخۇيلاننىڭ «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىيسى»، دۇەن چېڭشىنىڭ «يۈيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، دۇەن ئەنجېنىڭ «نەغمە-ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»، گاۋماۋچېڭنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى نەزمە توپلىمى»، «جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار»، « يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» ۋە كونا، يېڭى «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە تۇرپان ناخشا-ئۇسسۇللۇق سۇمۇز تىياتىرىنىڭ لوياڭ ۋە چاڭئەنلەردىكى تەرەققىياتى خېلى كەڭرى تەلقىن قىلىنغان.

## 2. نىقابلىق تىياتىر - دامىيەن

قەدىمكى غەربىي دىيار ئاھالىلىرى — ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى تۇتېم ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىپ ئويناپ كەلگەن، ئېتىقاد مەزمۇنىنى سەنئەت ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىگەن تىياتىر خاراكتېرىدىكى ئويۇنلارنىڭ بىرى دامىيەن ئىدى. بۇ ئويۇننىڭ ئەسلى تىلىمىزدىكى نام- ئاتالمىسى ھەم كونكرېت مەزمۇنى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا دىيارنىڭ سۈي (581_618)، تاڭ (618_907) خانلىقلىرىدىن بۇيانقى تارىخىي خاتىرىلىرىدە 大面、代面 دېگەن خەنزۇچە نام — ئاتالما ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولدى. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دامىيەن ئەسلى غەربىي دىيار ئاھالىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان، ۋابا- مەرەزنى قوغلاش (驱逐疫鬼) مەزمۇن قىلىنغان تىياتىر (傩戏) نىڭ بىر خىلى بولۇپ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ۋابا- مەرەز يۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن ھەرخىل نىقابلارنى تاقاپ، ۋابا- مەرەزلەرنى قوغلايدىغان ئىلاھلار سىياقىدا ياسىنىپ، تۈرلۈك ناخشا- ئۇسسۇل ھەم مۇناجاتلار ئارقىلىق ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىۋاتقان ۋابا- مەرەزلەرنى قوغلىغان. تىللاش، قارغاش، قورقۇنۇشلۇق نىقابلار بىلەن ھەيۋە قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى يىراق- يىراقلارغا قوغلاپ، ئۆزلىرىگە خاتىرجەملىك، تىنچلىق - ئامانلىق تىلەشكەن. كېيىنچە بۇ، ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا قائىدە - يوسۇن تەرىقىسىدە رەسىم- يوسۇنلىشىپ ، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتتا ۋە مەلۇم جايدا مۇقىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەت تۈسىنى ئالغان ھەمدە بۇ ئادەت بارا-بارا پۈتۈنلەي قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق ھەم نىقابلىق، ئويۇن- تىياتىرلىق سەنئەت ۋاستى بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بولغان. بۇ ۋابا-مەرەزلەرنى قوغلاش ئەنئەنىسى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، سەھنە-سەينالارغا ئېلىپ چىقىلىپ بىر خىل نىقابلىق تىياتىر سەنئىتى

تەرىقىسىدە ئوينالغان. مىلادىيە 6-7-ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن بۇ تىياتىرلىق ئويۇن يىپەك يولى بويىلاپ ئوتتۇرا دىيارغا تارقالغان، ھەمدە «دامىيەن» (大面) دېگەن نام ئاستىدا ساقال- بۇرۇتلۇق، قاڭشارلىق، ئورا كۆز خورلار (ئۇيغۇرلار) تەرىپىدىن چاڭئەن- لوياڭ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە كۆپلەپ ئوينالغان. ھېلىھەم ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىۋاتقان بەزى ئەنئەنىۋى تىياتىرلاردا دامىيەنىنىڭ رولىنى ئالىدىغان نىقابلىق پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ ئوخشاشلا دامىيەن دەپ ئاتىلىپلا قالماي، بەلكى بېيجىڭ تىياتىرلىرى (京剧) ۋە يەنە بەزى يەرلىك ئەنئەنىۋى تىياتىرلاردىمۇ دامىيەنىڭ ئوبرازىدا رول ئېلىپ چىقىدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن(60) .

«قانۇنلار قامۇسى. غەربتىكى رۇئىلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (通典西戎总序)، «سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى پاساھەتلىك سۆزلەر» (隋唐佳话) دېگەن كىتاب بىلەن «نەغمە- ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» (乐府杂录) دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمالىي چى خانلىقىدىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئەينى ۋاقىتتا كۇچا، تۇرپان سەنئەتكارلىرىدىن نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق تىياتىر ئويۇنلىرىنى ئۆگىنىۋالغان. شۇ قاتاردا ئۇلار ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن دامىيەن تىياتىر ئويۇنىنىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە «لەن لىن خان» (兰陵王) دېگەن بىر تىياتىرنى تەقلىدى ئىجاد قىلغان. يەنى كۇچا، تۇرپان سەنئەتكارلىرى چى خانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ تارقاتقان دامىيەن دېگەن تىياتىرنىڭ ۋەقەلىكى ئورنىغا لەن خان دېگەن تارىخىي شەخسنىڭ ۋەقەلىكىنى سىلىپ، مۇزىكا ۋە سەھنىدە رول ئېلىش، ئورۇنلاش ئۇسۇلىنى شۇ پېتى ساقلاپ قېلىپ قۇراشتۇرۇپ چىققان. بۇ تىياتىر ئوينالغاندا لەن لىڭ خاننىڭ رولىنى ئالغۇچى ئۇيغۇرچە ساقال- بۇرۇت ياساپ، ئۆتۈك كىيىپ، قىلىچ- ئوقيالار بىلەن جابدۇنۇپ سەھنىگە چىققان ۋە ئاخىرىدا دامىيەن شەكلىدىكى نىقابنى تاقاپ ماھارەت كۆرسەتكەن. بۇ تىياتىر جەمئىيەتتە قىزغىن قارشى ئېلىنغاچقا، تۇرپان ۋە كۇچا سەنئەتكارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن چى سۇلالىسىدىكىلەر دامىيەن تىياتىر- ئويۇنىغا تەقلىد قىلىپ «تا ياۋ نياڭ» (踏瑶娘) قاتارلىق تىياتىرلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ تىياتىرلار يەنىلا دامىيەن تىياتىرىنىڭ نەغمە، ھەم رول ئېلىش، نىقاب، گىرىم ۋە ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلغان ئىكەن(61) .

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى كۇچا ۋە تۇرپان ئويۇن- تىياتىر سەنئىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار ھەم ئورۇن بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىدىن تاشقىرى، تىياتىر ئويۇنلىرىمۇ راۋاجانغانىدى. لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردە دامىيەن تىياتىرى چوڭقۇر يىلتىز تارقالغانىدى. دامىيەن تىياتىرى ئەسلىدە ۋابا-مەرەزلەرنى قوغلاپ، تىنچلىق ، خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىقنى تىلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما سۇي، تاڭ ئوردىلىرىدا نەچچە يۈز يىللار ئوينالغاندىن كېيىن، پەيدىنپەي مەزمۇن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ خەلق قەھرىمانلىرى ۋە باتۇرلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان تىياتىرلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان، ھەتتا بەزىدە خان- پادىشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغان، فېئوداللىق ھوقۇق كۈچى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە بۇددىزم تەرغىباتىغا ئەگىشىپ، دامىيەن تىياتىرىغا بۇددىزم مەزمۇنلىرى سىڭدۈرۈلۈپ، ئەپسانە ۋە ھېكايە- چۆچەكلەردىكى ئەۋلىيا- ئەزىمەلەر بىلەن مالائىك- پەرىشتىلەرنىڭ ھايات- پائالىيىتى مەزمۇن قىلىنغان تىياتىرلارغىمۇ ئايلىنىپ قالغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، دەل شۇ ۋاقىتلاردا شەكىللىنىشكە ۋە راۋاج تېپىشقا قاراپ يۈزلەنگەن زاجۇي تىياتىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ھەم دامىيەن تىياتىرىنىڭ ئەسلى مەزمۇنى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ شاخلاپ چىققان ۋارىيانتلىرى، ناخشا- مۇزىكىلىرى ھەم سەھنىدە رول ئېلىپ ماھارەت كۆرسىتىش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۈەن دەۋرىدىكى زاجۇي (ئەبجەش) تىياتىرلىرىغا سىڭىشىپ كەتكەن.

### 3. قەھرىمانلىق تىياتىرى - باتۇر

باتۇر ئويۇنى قەدىمدە كۇچا ۋە تۇرپانلاردا ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇ دىيارىمىز تىياتىرلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. بۇ مۇزىكىلىق تىياتىرغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھنە سەنئىتى ئالاھىدىلىكى سىڭدۈرۈلگەن، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنغان. مەزمۇن ۋە شەكىللىرى جۈملىدىن ئورۇنلاش ماھارىتى رەسمىي

تىياتىر سەنئىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، دىندىن خالىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ( ۋەقەلىك قىلىنغان) قەدىمكى تىياتىر ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ داڭلىق، قەدىمىي تىياتىر ئويۇنى ھەققىدە ئوتتۇرا دىيارنىڭ سۈي، تاڭ سۇلالىرىدىن بۇيانقى تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ھەم بۇ ئويۇننىڭ ئەسلى نامىمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «باتۇر» (拨头.拨豆.钵头) دەپ يېزىلىپ كەلگەن (62) .

1. مەسىلەن، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەن نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەر «قانۇنلار قامۇسى» (通典) نىڭ 146-جىلدىدا: «باتۇر ئويۇنى غەربىي دىياردا پەيدا بولغان ۋە قوچو، كۇسەن خانلىقلىرىدا كۆپلەپ ئوينالغان. ئويۇندا ئۇيغۇر يىگىت ۋەھشىي ھايۋان يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ چىقىدۇ، ئاخىرىدا ئاتاسىنى ئۆلتۈرگەن يولۋاسنى تېپىپ ۋە ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن باش ئەگدۈرۈپ، ئاتاسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ، ۋەقەلىك ئۇسسۇل ئارىلاش داۋاملىشىدۇ...» دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىرىنچىدىن، باتۇر ناملىق تىياتىر ئويۇنى غەربىي دىياردا بولۇپمۇ تۇرپان، كۇچا قاتارلىق تىياتىر سەنئىتى راۋاجلانغان يۇرتلاردا كۆپلەپ ئوينىلىپ، ۋايىغا يەتكەن. ئىككىنچىدىن، ۋەقەلىكنىڭ باش- ئاخىرى، سەۋەب- نەتىجىسى بولغان، باتۇر يىگىت، ئاتىسى ۋە ۋەھشىي يولۋاس قاتارلىقلار مەخسۇس رولچىلار تەرىپىدىن ئوبرازلىق ئېلىپ چىقىلغان ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ راۋاجى، باغلىنىشى ۋە سەھنە ماھارىتى قاتارلىقلار تىياتىرنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى ھازىرلىغان. ئۈچىنچىدىن، ئۇسسۇلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ پۈتۈن ۋەقەلىكنى ئىپادىلىگەن، ۋەقەلىكنىڭ يادروسى ۋەھشىي يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ .ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا مەركەزلەشكەن.

2. «نەغمە- ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى. ناغرا- دۇمباق قىسمى» (乐府杂录.鼓架部) دا: «باتۇر ئويۇنى غەربىي دىياردىن تارقىلىپ كىرگەن، ئويۇندا رول ئالغۇچى باتۇرنىڭ ئاتىسىنى تاغدا ۋەھشىي يولۋاس يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ، باتۇر تاغمۇ- تاغ يۈرۈپ ئاتىسىنىڭ جەستىنى ئىزدەيدۇ. سەككىز تاغدىن ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرى- توقايلىق يوللارنى كېزىدۇ. باتۇرنىڭ رولىنى ئالغان ئۇيغۇر يىگىت كەيپىياتى تۆۋەن، كۆڭلى پاراكەندە، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ھارغىن، ماغدۇرسىز ھەم مۇسىبەتلىك قىياپەتتە سەھنىدە رول ئالىدۇ...»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

3. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر جاڭ خۇ: «رۇڭ ئېر باتۇر» (张祜«容儿钵头») ناملىق شېئىرىدا: «تاغمۇ تاغلار كېزەر باتۇر يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، ئىزدىگەندەك ئاتىسىنى سەككىز تاغ- داۋان ئېشىپ، ئۆگىنىپتۇ رۇڭ ئېر قىز «باتۇر» دېگەن ئويۇننى، ئالقىش- چاۋاك ياڭرىتار كۆرگەندە خالايىق بۇ ئويۇننى»، دەپ باتۇر ئويۇننىڭ قىسقىچە جەريانىنى تەسۋىرلىگەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، باتۇر ئويۇنى تاڭ دەۋرىدىكى بىر خىل ئۇسسۇللۇق تىياتىر شەكلىدە ئوينىلىدىغان ھەم كەسپىي ئارتىسلار (مەخسۇسلارشقان ئاكتيورلار) تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغان مۇھىم نومۇر بولغان. رۇڭ ئېرغا ئوخشاش ھەۋەسكارلار مەخسۇس ئۆگىنىدىغان، سەھنىدىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە ئوبرازلارغا مەخسۇس تەربىيلەنگەنلەر رول ئالىدىغان، ئۇسسۇل- نەغمە شەكىللىرى مۇقىملاشقان تىياتىر بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم.

4. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۆچاۋشۈەن يازغان «ساماۋى قەسىر سىرتىدىكى تارىخ — تەزكىرە ئاجايىپاتلىرى» (薛朝选«天香楳外史志异») نىڭ 6- جىلدىدا: «باتۇر ئويۇنى ئۇسسۇل بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، غەربىي دىيارلىق ئۇيغۇر بوۋاي تاغدا ۋەھشىي يولۋاس تەرىپىدىن يارىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسىنى ئىزدەش جەريانىدا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھشىي يولۋاس ئوبرازى نىقابلىق كۆرۈنىدۇ. باتۇر كىيىم- كېچەكلىرى يىرتىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە كۆڭلى پاراكەندە ھالەتتە رول ئالىدۇ...»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شاڭ دانىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» (向达«唐代长安与域文明») دېگەن ئەسىرىدە، ۋاڭ گوۋېينىڭ «سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى تىياتىر ھەققىدە مۇھاكىمە» (王国维«宋元戏曲考») ۋە رېڭ بەنتاڭنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى تىياتىر- ئويۇنلار» (任半塘«唐戏弄»)

دېگەن ئەسىردىمۇ باتۇر ناملىق تىياتىر ئويۇنىنىڭ ئىدىقۇت ۋە كۇسەنلەردىن تارقىلىپ كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «باتۇر» ئاتالغۇسى خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزىدىكى ھەر خىل ئاھاڭ (خەت) شەكلى بولۇپ، ئېھتىمال ئەسەردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ ئويۇننىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىستېمال قىلىنغان.

«جۇڭگو سەنئەت قامۇسى، تىياتىر تومى» دا باتۇر ئويۇنىنىڭ تاڭ دەۋردىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولۇپ، ئۇ غەربىي دىياردىن تاڭ سۇلالىسىگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى قەيت قىلىنسا، «تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە ئاتىسىنى زەخىملەندۈرگەن ئويغۇر يىگىتنىڭ ئۆچىسىغا ئاق كىيىم كىيدىغانلىقى، چاچلىرى چۇۋۇق مۇسىبەت قايغۇسىدا رەڭگىرويى ئۆچكەن، پەرىشان قىياپەتتە تاغقا چىقىپ ئاتىسىنى زەخىملەندۈرگەن. يىرتقۇچ، ۋەھشىي يولۋاسنى ئىزدەيدىغانلىقى، ئاخىرىدا ۋەھشىي يولۋاسنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىدىغانلىقى، يولۋاس ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قان قىساسىنى ئالىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋە كۇچا خانلىقلىرىدا ئۇزۇن زامانلار ئوينالغان باتۇر ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ قەدىمكى تىياتىر ئويۇنىغا سەنئەتخۇمار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر سەنئەت ئالاھىدىلىكى، پسىخىكىسى ، ئۆرپ- ئادىتى، باتۇرلارغا ۋە خەلق قەھرىمانلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغانلىقى، ئاتا بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى- مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغانلىقى قاتارلىقلار ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تىياتىر ئويۇنىغا سىڭدۇرۇۋېتىلگەن. ۋەقەلىكنى تېخىمۇ تەسىرلىك، قىزىقارلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇزىكا ھەم ئۇسسۇل سەنئىتى ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنغان.

جۇجىڭباۋنىڭ تەتقىقاتىچە، باتۇر ناملىق تىياتىردىكى بىر قاتار سەھنە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا ئاتىسىنى نابۇت قىلغان يىرتقۇچ- ۋەھشىي يولۋاسنى ئىزدەپ تېپىپ، يولۋاس بىلەن جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىرىدا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ قان قىساسىنى ئالىدۇ. ئويۇننىڭ ۋەقەلىكى جىددىي، زىددىيەت توقۇنۇشى كەسكىن بولۇپ، باش قەھرىمان باتۇرنىڭ ۋەھشىي- يىرتقۇچ يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ قىساس ئالغانلىقى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنغان. بۇ تىياتىر ئويۇنىدا باش قەھرىمان باتۇرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن گرىم ئىشلەتكەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ئويۇندا نىقاب ئىشلىتىلگەنلىكى، شۇڭا ئۇنىڭ نىقابلىق ئويۇنلار قاتارىغا كىرىدىغانلىقى شەرھىيلەنگەن (63).

جۇ جىڭباۋ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى» (周菁葆 «唐代新疆舞蹈») ناملىق ماقالىسىدە، باتۇر ناملىق تىياتىر ھەققىدە توختىلىپ: «‹باتۇر›تىياتىرىدا ئاساسلىقى ‹بىر ئادەم يولۋاس تەرىپىدىن زەخىملەندۈرىدۇ›، شۇڭا ‹ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ  قىساسىنى ئالىدۇ›غانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىردا بىر ئۇيغۇر يىگىت ۋە ۋەھشىي يولۋاس ئاساسلىق پېرسوناژ ھېسابلىنىدۇ. يىگىت ھەرخىل ئۇسسۇل قىياپەتلىرى (يەنى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر)ئارقىلىق يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئادەتتىكى ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىردىن ئىبارەت. تىياتىردىكى ۋەھشىي يولۋاس ئوبرازىنى غەربىي يۇرتلۇقلار(ئۇيغۇرلار) گرىم ۋە نىقابلار بىلەن ئويناپ چىقىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان تىياتىرلارنىڭ گرىم، نىقابلىرىغا مەلۇم تەسلەرنىمۇ كۆرسەتكەن» (64) دەپ يازىدۇ.

ئىدىقۇت ۋە كۇسەن خانلىقلىرىدىن ئىچكىرىگە تارقالغان باتۇر ناملىق تىياتىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە  ئوتتۇرا دىيارنىڭ چاڭئەن، لۇياڭ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلىرىدە دائىم خان جەممەتلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى قاتناشقان سورۇنلاردا ئوينىلىدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان مۇقىم نومۇرلاردىن بىرى بولۇپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتىكى باتۇر ئويۇنى ئوتتۇرا دىيار پايتەختىدىكى سەھنە- سەينالاردا ئوينالغاندىمۇ نوقۇل ئۇسسۇللا بولماستىن، بەلكى ئۇ ناخشا- مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل بىر – بىرىگە مۇجەسسەملەشكەن بىر پۈتۈن تىياتىر تەرىقىسىدە ئوينالغاچقا ئۇ جوڭگو

تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا باھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ھەم شۇ يەرلىك تىياتىرلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن (65).

باتۇر ئويۇنى سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىن كېيىن جۇڭگو سەھنە-سەينالىرىدىن غايىب بولۇپ ئىزى ئۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمىي شەكلى يىراق شەرق مەملىكىتى ياپونىيەدە ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان. ياپونىيەلىك سەنئەت تارىخچىسى نەننەن شۇنسىلاڭ (南楠顺次郎) يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر ئويۇنى ھەققىدىكى ماقالىسىگە قارىغاندا، باتۇر ئويۇنى ياپونىيە خەلقى ئىچىدە بۈگۈنگىچە ئوينىلىدىكەن. ئۇنىڭدا باتۇر بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى يەنى تاغدا يولۋاس زەخمىلەندۈرگەن بوۋاي رولىنى ئالغۇچى ئۇيغۇرچە كىيىم بىلەن ياسىنىپ، ئۈتۈك كىيىپ نىقاب تاقاپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆڭلى پەرىشان ھالدا دۇمباق چوكسىنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىدىكەن، يىگىت ئاتىسىنى ئىزدىگەن، سەككىز تاغ-داۋاندىن ئۆتكەن، يولۋاس بىلەن ئېلىشقان ھەم ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قانلىق قىساس ئالغان مەزمۇنلارنى ئۇسسۇل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەيدىكەن. ئەمما ناخشا ئېيتمايدىكەن. پەقەت مۇڭلۇق مۇزىكىغا ئەگىشىپ بارلىق ۋەقەلىكنى ئۇسسۇل بىلەنلا ئىپادىلەيدىكەن (66).

## 4. يەتتە كۆرۈنۈشلۈك تىياتىر — پەلەك نەغمىسى

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، پەلەك نەغمىسى (上云乐) ناملىق تىياتىر تۇرپان ۋە كۇچا خەلقى ھاياتىدا ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان، ئەپسانە- رىۋايەتلەردىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھايات- پائالىيىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، جەنۇبىي سۇلالىلەر (مىلادىيە 420-589-يىللار) دەۋرىدە تۇرپان،كۇچا سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئاۋۋال لياڭ (梁) خانلىقى (مىلادىيە 502-557) غا تارقىتىلغان. كېيىن سۈي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى پايتەخت جامائەتچىلىكىنىڭ ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ئوردا ۋە ئاۋام ئىچىدە خېلى زور تەسىر قوزغىغانلىقى مەلۇم.

پەلەك نەغمىسى ناملىق تىياتىر دەسلەپتە تۇرپان ۋە كۇچالاردىن لياڭ خانلىقىغا تارقالغاندا، پادىشاھ لياڭ ۋۇدى شياۋ يەن (梁武帝萧衍) بۇ ئۇيغۇرچە تىياتىرنى كۆرۈپ مەپتۇن بولغان ھەم «پەلەك نەغمىسى» ناملىق يەتتە كوبلېتلىق نەزمە پۈتكەن. كېيىن جۇشى بىلەن لى بەيلەرمۇ بۇ تىياتىردىن ئىلھام ئېلىپ «پەلەك نەغمىسى» دېگەن نەزمىلىرىنى پۈتۈشكەن. يۇقىرىدىكى نەزمىلەردە غەربىي دىيارلىق ئاكتىيور «ئويۇن-تىياتىرچى ئۇيغۇر» (老胡文康) نىڭ لياڭ خانلىقىغا كېلىپ پەلەك نەغمىسى تىياتىرنى ئوينىغانلىقى، خاننىڭ رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ ئۇنى تارتۇقلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

رېڭ بەنتاڭ ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى ئويۇن-تىياتىرلار» (任半搪«唐戏弄») ناملىق ئەسىرىنىڭ 1251-بېتىدە بۇ تىياتىر ئويۇنى ھەققىدە توختىلىپ: «پەلەك نەغمىسى» ناملىق بۇ داڭلىق تىياتىر ئېلىمىزدە مىلادىيە 6-ئەسىرلەردە ئىدىقۇت ۋە كۇسەنلەردە تازا ئەۋج ئالغان ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇماي (西王母) بىلەن مۇتيەنزى (穆天子) ھەققىدىكى ئەپسانە مەزمۇن قىلىنغان، ھەمدە لياڭ خانلىقى، چېن خانلىقى ۋە تاڭ خانلىقى زامانىدا كۆپلەپ ئوينالغان»، (67) دەپ يازغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مانجۇ ئەدىبى نالەن شىڭدى يازغان «لۇشۇن راۋىقىدا يېزىلغان خاتىرىلەر » (纳兰性德《渌水亭杂记》) دېگەب كىتابىدا «پەلەك نەغمىسى» مۇزىكىلىق تىياتىر بولۇپ ئاساسلىق رولنى ساقاللىق ئۇيغۇر بوۋاي ئېلىپ چىقىدۇ، ئويۇندا غەربىي دىياردىكى ئەۋلىيا-ئەزىمەلەر، دەرۋىشلەر ۋە خىلمۇ-خىل ئۆزگىرەلەيدىغان مۇئەككەل، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ ھەرخىل قىياپەتكە ئۆزگىرىدىغان خىسلەتلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ. رەققاسلىقنىڭ ئەمەلىي باشلانغان ۋاقتى دەل مۇشۇ تىياتىر ئويۇنىدىن باشلىنىدۇ».، دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر لى بەينىڭ «پەلەك نەغمىسى» دېگەن شېئىرىغا قارىغاندا، لى بەي بۇ تىياتىر ئويۇننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم تىياتىردا رول ئالغان ئۇيغۇر يىگىت ناخشا ئېيتىشقا ماھىر، خەنزۇلارنىڭ

مەي-شارابنى قالتىس ئىچەلەيدۇ، سىرلىك-سېھىرگەرلىك قىلالايدۇ... دېگەندەك تەسۋىرى سۆزلەر بىلەن نەزمىگە قاتقان. چالڭ رېتىمدا ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، پەلەك نەغمىسىگە رول ئالغۇچى «ئويۇن-تىياتىرچى ئۇيغۇر » (胡文康) نىڭ ئورۇنلىغىنى پېرسوناژلار ئوبرازىدىن تاشقىرى، چەش ئۇسسۇلى بىلەن ئۇيغۇر پىرقىرما ئۇسسۇلى تىپىدىكى غەربىي دىيار ئۇسسۇلى ئىكەن. سەھنىدىكى پېرسوناژلار دىئالوگلىرى تىياتىر ۋەقەلىكى ۋە رولنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ئاساسەن تىل (دىئالوگ، مونولوگ، ناخشا تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ھەرىكەت (ئۇسسۇل، مېڭىش-تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشقا قارىتىلغان.

پەلەك نەغمىسى رەڭگارەڭ، سىرلىق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ، غارايىپ ئەپسانىلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولۇپ، جەمئىي يەتتە نەغمە ياكى يەتتە پەردىگە بۆلۈنگەن. بۇلار «سۇمرۇغ پەشتىقى نەغمىسى» (风台曲)، «چىنار نەغمىسى» (桐柏曲)، «باش شەيخ نەغمىسى» (方丈曲)، «شەيخلەر نەغمىسى» (方诸曲)، «قاشتېشى تاشپاقا نەغمىسى» (玉龟曲)، «كەۋسەر ھايات نەغمىسى» (金丹曲)، «ئالتۇنلۇق قەبرىگاھ نەغمىسى» (金陵曲) دىن ئىبارەت بولغان. بۇ پەلەك نەغمىسى نامىدىكى يەتتە پەردىلىك (نەغمىلىك) تىياتىر ئىسمى-جىسمىغا لايىق رەۋىشتە پەلەكتىكى ئەۋلىيا-ئەنبىيالار، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان دەرۋىشلەر ھەم خىلمۇ-خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان خىسلەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كارامەتلىرىنى مەزمۇن قىلىپ ئويناپ چىقىلغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ تىياتىرنى ئوينىغۇچى ئۇيغۇرلار سەھنىگە چىققاندا 10-20 رولچى بىراقلا چىققان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەۋلىيا-ئەنبىيا، دەرۋىش-خىزىر سىياقىدا ياسىنىپ، نەغمىگە ماسلىشىپ پېرسوناژلار رولىنى جارى قىلدۇرسا، يەنە بەزىلىرى سۇمرۇغ، شىر، توز، بۇغا، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانات نىقابىدا ياسىنىپ ماھارەت كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ غەربىي دىياردىن چاڭئەنگە كەلگەن ئويۇن-تىياتىرچى ئۇيغۇر (胡文康) باشچىلىقىدىكى پەلەك نەغمىسى تىياتىرىنى ئوينىغۇچى ئۇيغۇر ئاكتىيورلار ناھايىتى ماھارەتلىك بولۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا، گىرىم، كىيىم ۋە نىقابلىنىشتا، سەھنە-سەينالاردا ماھارەت كۆرسىتىشتە ناھايىتى داڭق چىقارغان. خان-پادىشاھلاردىن تارتىپ ئوردا ئەمەلدارلىرىغىچە، چەت-يىراق ياقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەردىن تارتىپ پايتەخت جامائەتچىلىكىگىچە ھەممە ئادەم قايىل بولۇپ، ئالقىش ياغدۇرۇپ بەك قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان.

قىسقىسى، ئەينى زاماندىكى تۇرپان ۋە كۇچا خانلىقلىرىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوينالغان پەلەك نەغمىسى ناملىق يەنە كۆرۈنۈشلۈك مەشھۇر تىياتىر مىلادىيە 5-ئەسىردىن تاكى مىلادىيە 10-ئەسىرگىچە بولغان 500 يىل جەريانىدا ئوتتۇرا دىيار سەھنە-سەينالىرىدا ئۈزۈلدۈرمەي ئوينىلىپ، قىزغىن قارشى ئېلىنغان ھەم يەرلىك تىياتىرنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما شىددەتلىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ تىياتىرمۇ يوقالغان. ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل، پېرسوناژلارنى ئوبرازلىرى خەلق ئىچىدىكى باشقا ئويۇنلارغا سىڭىشىپ كەتكەن.

## 5. تەقلىدىي نىقابلىق ئويۇن — تىياتىر شىر ئويۇنى

شىر ئويۇنى قەدىمكى كۇچا ۋە تۇرپان سەنئەتكارلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە كوللېكتىپ ئويۇن تەرىقىسىدە راۋاجلىنىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھېيت -بايراملار ۋە ھەر خىل مۇراسىملاردا ئوينالغان. تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نىقابلىق شىر ئويۇنىغا تەقلىد قىلىنغان شىر ھەيكىلى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولسا كېرەك.

شىر ئويۇنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەيى ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ھايۋانلارنى دوراش، تەقلىد قىلىش ئادىتىدىن پەيدا بولغان. چۈنكى، ئوۋچىلىق دەۋرىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھەم كۈچلۈكلۈكىدىن ئىنسانلارغا يۈكسەك بولۇپ كۆرۈنگەن ھايۋاننى دوراش ۋە ئۇنىڭغا سېغىنىش ئالامەتلىرى كېيىنچە كومېدىيەلىك، يۇمۇرلۇق خاراكتېر ئالغان ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھايۋانات سىياقىدا نىقابلىنىپ ئوينايدىغان تىياتىر خاراكتېرىدىكى ئويۇنلار پەيدا بولغان. شىر

ئويۇنمۇ قەدىمكى تۇرپان دىيارى ئاھالىلىرى تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك مەقسەتتە ئاپىرىدە بولۇپ، كېيىنچە سەھنە-سەينالاردا ئوينىلىدىغان تىياتىرغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچو-ئىدىقۇتتا ئوينالغان شىر ئويۇنى دەسلەپتە بىر ئادەم بىر شىر سىياقىدا نىقابلىنىپ، شىرنى دوراپ ئوينالغان بولسا، كېيىنچە 12 ئادەم تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان، مەلۇم ۋەقەلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان تىياتىر شەكلىدە ئوينىلىدىغان بولغان. يەنى ھەر ئىككى ئادەم بىر شىر نىقابىغا كىرگەن، ئالدىدىكى ئادەم ئىككى قولى بىلەن بېشىنى شىر بېشىغا تىقىپ سەل ئالدىغا ئېگىشىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن شىرنىڭ بېشى، تۆت پۇتى ۋە بەل-بويۇن قىسمى تولۇق ھاسىل بولۇپ يوغان شىرنىڭ ھەممە ئەزايى تەل بولغان. شۇنىڭ بىلەن 12 ئادەمنىڭ ئىككىسى شىر ئويناتقۇچى ئادەم، ئۇنى ھەر ئىككىسى بىردىن شىر بولۇپ جەمئىي بەش شىر ئىككى ئادەم بىرلىكتە ماھارەت كۆرسەتكەن. شىرلار شىر ئويناتقۇچىنىڭ تاياق ياكى قامچىسىنى ئوينىتىپ قوماندانلىق قىلىشىغا ئاساسەن چېلىشىش، ئوتتىن سەكرەش، ياغاچتىن ئاتلاش، شال ئۈستىدە مېڭىش، خەتەرلىك جايدىن ئۆتۈش، چەمبىرەك ئىچىدىن ئۆتۈش ۋە نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناشتەك خىلمۇ-خىل ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەن. يەنە بەزىدە مەلۇم ۋەقەلىكلەر ۋە كۆرۈنۈشلەر مەزمۇن قىلىنغان تەسىرلىك ئويۇنلارنىمۇ سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ماھارەت كۆرسەتكەن. تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، قوچو - ئىدىقۇت سەنئەتكارلىرى ئوينىغان شىر ئويۇنى ئۆزىنىڭ كومېدىيەلىك، تىياتىرىستىك ۋە يۇمۇرىستىك ماھارەتلىرى ھەم نىقابلىق، گىرىملىك ھەرىكەت-قىلىقلىرى بىلەن بەزىدە تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈپ ھەيران قالدۇرسا، يەنە بەزىدە قورقىتىپ، چۆچىتىپ كۆز يېشى قىلدۇرغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئايرىم نەغمىسىمۇ بولغانلىقى مەلۇم.

سەنئەت تارىخچىسى جوجېباۋ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى» (周 葆《唐代新疆舞蹈》) دېگەن ماقالىسىدە، شىر ئويۇنىنىڭ ئىچكىرىگە تارقىلىشى ھەققىدە توختىلىپ: «ھازىر ئىچكىرىگە تارقىلىپ ئوينىلىۋاتقان شىر ئويۇنى غەربىي يۇرتتىن تارقىلىپ بارغان ئىدى. كېيىنكى لياڭ خانى لۈگۇاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارغان «ھەر خىل ماھارەتلىك ئويۇن-تىياتىرلار» ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بىلىشىمىزچە، شىر ئويۇنى مىلادىيە 384-يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان» (68) دەپ يازىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، بۇ شىر ئويۇنى دەسلەپتە پايتەخت چاڭئەندە ئوينالغاندا پايتەخت جامائەتچىلىكى بۇ ئويۇننى (狮子郎) (شىر ئويۇنى ئوينىغۇچى يەنى舞狮人) دەپ ئاتىغان.

پادىشاھ تاڭ شۈەنزوڭ (مىلادىيە 712-756-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىدا تۇرپان شىر ئويۇنى 五方狮子舞 (بەش تەرەپلىك شىر ئۇسسۇلى دېگەن مەنىدە) دېگەن نام بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت تاپقان ۋە ئوردا-قەسىرلەردە، مەخسۇس مەيدانلاردا ئوينىلىش دائىرىسى كېڭىيىشكە باشلىغان. خان-پادىشاھ ۋە ۋەزىر-ۋۇزۇرالار پات-پاتلا شىر ئويۇنى تىياتىرلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ ، تۇرپان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجراسىدا ئوينىلىدىغان بۇ قىزىقارلىق ئويۇندىن ھوزۇرلانغان. ھەتتا خان-پادىشاھلار ئۆزلىرى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. چىرايلىق خانىش ياڭ گۈيفېي (杨贵妃) شىر ئويۇنىغا مەپتۇن بولغاچقا، دائىم خانىغا شىر ئويۇنى ئويناپ بېرىپ خاننى لەززەتلەندۈرگەن.

«قانۇنلار قامۇسى» (通典) دا خاتىرىلىنىشىچە، ھەر بىر شىرغا ئىككى ئادەم رول ئالغان، يەنى ھەر ئىككى ئادەم بىر شىر تېرىسىنى يېپىنىپ، بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە تۇرغان، كۆپىنچە ھالدا شىر ئويۇنى 12 ئادەمنىڭ ئىجراسىدا ئوينالغان. 10 ئادەم 5 شىر رولىنى ئالسا، قالغان ئىككى ئادەم شىر ئويناتقۇچى رولىنى ئېلىپ چىققان. بۇنىڭغا 140 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئوركېستىر ۋە ئۇسسۇلچىلار كوللېكتىپى مۇزىكا-ئۇسسۇل بىلەن تەڭكەش قىلغان. ئاۋۋال شىرلار سەكرىشىپ سەھنىگە چىقىپ، موللاق ئېتىپ بىر قاتار ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن 140 كىشىلىك مۇزىكا-ئۇسسۇلچىلار كوللېكتىپى سەھنىگە چىققان شوخ شىرلارنى چۆرىدەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان، ئاخىرىدا «ئاسايىش نەغمىسى» (太平乐) ناملىق ھەيۋەتلىك ئۇسسۇل بىلەن ئويۇن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. بۇ چاغدا سەھنىدىكى ماھىرلارنىڭ ۋە پەستىكى تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتى ئۆرلەپ شاپىلاق ۋە ئالقىش-چاۋاكلار ياڭراپ ئوردىنى

بىر ئالغان. ماھارەت كۆرسەتكۈچى شىرلار، شىر ئويناتقۇچىلار، ئوركېستىر ۋە ئۇسسۇلچىلار تامامەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيارلىق ئويۇن-تىياتىرچىلار بولغان.

پادىشاھ تاڭ شۈەنزوڭ ۋە ئۇنىڭ دەبدەبە توقالى ياڭ يۈخۈەن بۇ نىقابلىق تىياتىر شىر ئويۇنىغا بارا-بارا فېئوداللىق پادىشاھلىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە قىزىقىشتى ھەمدە ئوردا ۋە ئاۋام ئارىسىدا شىر ئويۇنى ئوينالغاندا چوقۇم سېرىق نىقابلىق شىر ئوتتۇرىدا تۇرۇش، قالغان تۆت تەرەپتە ئۇنى ئوراپ تۇرغان شىرلار كۆك، قىزغۇچ، ئاق ۋە قارىدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭدە بولۇش؛ سېرىق رەڭلىك نىقابلىق شىر پادىشاھلىق ھوقۇق كۈچىگە ۋەكىللىك (سىمۋول) قىلىشنى بەلگىلىگەنىدى. تۆت خىل رەڭدە نىقابلانغان تۆت خىل شىر ئوتتۇرا دىيارنىڭ شەرق، شىمال، غەربىي، جەنۇبىغا ۋەكىللىك قىلسا، ئوتتۇرىدىكى ھەيۋەتلىك سېرىق شىر خان ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىغان، ھەمدە نىقابلىق تىياتىر شىر ئويۇنى ئارقىلىق فېئوداللىق ھوقۇق كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى تەشۋىق قىلغان.

ئەينى زاماندا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئوينالغان شىر ئويۇنى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان سەنئەت تارىخچىسى دۈەن ئەنجېي ئۆزىنىڭ «نەغمە-ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» (段安节 《乐府杂录》) ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ كېلىپ: «شىر ئويۇنىغا بالىمان، نەي، چىكچاك، تۆت رەڭلىك دۇمباق، بەل دۇمبىقى، جىلو دېيى قاتارلىقلار تەڭكەش قىلىدۇ. ھەر خىل رەڭدە نىقابلانغان شىرلارنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭدىن ئاشىدۇ. ھەر بىر شىر نىقابىغا ئىككى ئادەم كىرىدۇ. قىزىل شەلپەرنى تاقىشىدۇ ۋە شىر ئويناتقۇچىلارنىڭ يېتەكلەپ مېڭىشى بىلەن شىردىن دوراپ ھەر خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئاندىن ‹‹ئاسايىش نەغمىسى››گە ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە ئاخىرىدا قىزىقارلىق ئويۇن-تىياتىر تاز ئەۋجىگە چىقىدۇ. شىر ئويناتقۇچىلار ناھايىتى قىزىقچى، يۇمۇرىستىك، كۈلكىلىك بولۇپ، خان-پادىشاھلاردىن تارتىپ تاكى ئاۋام تاماشىبىنلارغىچە ئۇلارنى «شىرچى يىگىت» (狮子郎)، «ئۇيغۇر » (胡人) ۋە «دامو» (达摩) دەپ ئاتايدۇ، شىر ئويۇنى ئىدىقۇت ۋە كۇسەنلەردىن تارقىلىپ كىرگەن....» دەپ يازىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر بەي جۈيى بىلەن يۈەن جىنلارمۇ شىر ئويۇنىنىڭ دائىملىق تاماشىبىنلىرى بولۇپ، ئەينى زاماندا پايتەخت چاڭئەندە ئىدىقۇت، كۇسەن تىياتىرچىلىرى ئوينىغان شىر ئويۇننى كۆپ قېتىم كۆرگەن ھەم ھەر ئىككىسىلا «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» (西凉伎) دېگەن ئوخشاش تېمىدا نەزمىلەر پۈتۈشۈپ، گۈزەل مىسرالارنى تىزىشقانىدى.

بەي جۈيى ئۆز شېئىرلىرىدا:

غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى.
ئوينايدۇ يالغان شېئىرلارنى ئۇيغۇرلار تاقاپ نىقاب.
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش يالاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ-يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
چۆلغۈتىپ تۈكلۈك كىيىم، ئەگسە بىر جۈپ بەللىرىنى،
تۆكۈلگەندەك تاغىل قۇم خۇددى ئون مىڭ يول قاپساپ.
مەله ساقال چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە،
سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى تۇتۇپ قوللىرىدا داپ.
دەپ تەسۋىرلىسە.

يۈەن جىن شىر ئويۇنىدىن ئومۇمىي تەسۋىرى مەنزىرە كۆرسىتىپ مۇنداق يازغان.:

قوشۇخان سالدى بۇگۈن ئېسىل زىياپەت-داستىخان.
نازۇ-نېمەت، مەي-شاراپ تۆگەل تەييار ئەيلابان.
ئالدىدا ئويناپ تۇرار بەس-بەستە يۈز خىل ئويۇن.
قىلىچۋازلار تاقىشار پىرقىرىغان قارىسىمان.
شىر ئويناپدۇ ئىغائىلاپ قۇيرۇقىنى يالتىرىتىپ،
تاقلىما ئۇسسۇلچى ئوينار ئەۋرىشىم ھەر يان.

دېمەك، شىر نىقابىنى كىيىپ ئويۇن-تىياتىر ئويناش تۇرپان ۋە كۇچا ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك فولكلورلۇق تارىخىي ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۇ سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئاۋۋال لياڭجۇغا، ئاندىن لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق شەھەرلەرگە تارقالغان. كېيىنچە ئوتتۇرا دىيارنىڭ باشقا ئۇبلاست، ئايماقلىرىغىمۇ تارقىلىپ ئومۇملاشقان ھەممە زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بارا-بارا تىياتىر-دراممىلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان (69).

«يۈيياڭدىكى خاتىرىلەر » دېگەن قەدىمكى كىتابنىڭ 14-جىلدى بىلەن «نەغمە-ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، شىر ئويۇنى ئوتتۇرا دىيار سەنئەتكارلىرىنىڭ نىقابلىق تىياتىر ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىكەن.

جى يۈن يازغان«ئۈرۈمچى خاتىرىلىرى» («记昀《乌鲁木齐杂记》») نىڭ 6-جىلدىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىر ئويۇنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەن لوڭ (1736-1795) دەۋران سۈرگەن زامانلاردا تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردا كۆپلەپ ئوينىلىپ تۇرغان.

دېمەك، 2000 يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا تۇرپان ئاھالىلىرى ئارىسىدا تىياتىر نومۇرى تەرىقىسىدە ئوينىلىپ، ئىچكى جايلارغا تارقىلىپ ئومۇملىشىپ، دەۋرمۇ-دەۋر ئوينىلىپ تاكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شىر ئويۇنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلق قىزغىن ئالقىشلايدىغان، ياقتۇرۇپ كۆرۈدىغان ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى خەلق راھىنى ۋە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىزىقارلىق، كۆلكىلىك، ئەۋجىلىك تىياتىرلىق ئويۇن بولغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت.

## 7. قەدىمكى تۇرپان ئويۇن - تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا دىيار تىياتىرىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى

تارىختىكى تۇرپان دىيارىنىڭ ئويۇن -تىياتىر سەنئىتى ئۆزىنىڭ جاھانغا مەشھۇر مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن قوشۇلۇپ خەن دەۋرىدىن تاكى سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئوتتۇرا دىيار (中原) غا ئىزچىل تارقىلىپ، ئوتتۇرا دىيار خەلقىنىڭ يەرلىك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشقانىدى.

تارىختا دىيارىمىز غەربىي يۇرتىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇل ۋە ئويۇن-تىياتىر بۆلىقى بولغان تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئەينى زاماندا كەڭ ئوينالغان «سۇمۇز»، «باتۇر»، «سارىپۇترا»، «ما ئىتىرىنىڭ ئۆچرىشىشى»، «شاھزادىگە مەدھىيە»، «براھمان ئويۇنى»، «خۇنتۇز تىياتىرى» قاتارلىق دىنىي ۋە تۇرمۇش مەزمۇنىغا دائىر تىياتىرلار، «شىر ئويۇنى»، «مەيخور ئۇيغۇر يىگىتى»، «باتۇر سەركەردە»، «ئىدىقۇت ئەلەمپەزلىكى» ھەممە تۇرپان تىياتىرىغا تەقلىد قىلىپ ئوينالغان «لياڭجۇ رەققاسلىرى» قاتارلىق قىزىقارلىق تىياتىرلار ھەم مايمۇن، توخۇ، يولۋاس، ئات، ئۆچكە، سار، بۆركۈت قاتارلىق ھايۋانات ھەم ئۇچار قۇشلار سىياقىدا نىقابلىنىپ ئوينايدىغان يۇمۇرلۇق، ساتىرىك، قىزىقارلىق ھەجۋىي ئويۇن-تىياتىرنىڭ خەن، ۋېي دەۋرلىرىدە بولۇپمۇ جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (مىلادىيە 420-581-يىللار) ۋە سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە خېشى كارىدورى ئارقىلىق يىپەك يولىنى بويلاپ لوياڭ، چاڭئەنلەرگە تارقالغانلىقى ھەممە ئۇ جايلاردىمۇ قوچو-ئىدىقۇت سەنئەتكارلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن داغدۇغىلىق ئوينىلىپ تۇرغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ ھەقتە

قەشقەرلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى پىرخۇيلاننىڭ «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىيسى»، دەۋەن چېڭشىنىڭ «يۈيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، دەۋەن ئەنجېنىڭ «نەغمە-ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»، گاۋماۋچېڭنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى نەزمە توپلىمى» ھەمدە «جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» ۋە كونا، يېڭى «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە ئىدىقۇت تىياتىر-ئويۇنلىرىنىڭ لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى تەرەققىياتى خېلى كەڭرى تەلقىن قىلىنغان.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تىياتىرشۇناسى مەرھۇم ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى: «سۇڭ-يۈەن تىياتىر تارىخى، قەدىمكى زاماندىن بەش دەۋرگىچە بولغان تىياتىرلار» （王国维《宋元戏剧史，上古至五代之戏剧》） ناملىق ئەسىرىدە: «ۋېي، چى، جۇ سۇلالىسىدىن باشقا مىللەتلەر جۇڭگوغا ئىگىدارچىلىق قىلدى، ئۇلار بىلەن غەربىي دىيارنىڭ قاتناش ئالاقىسى ناھايىتى گۈللەنگەن ئىدى. ئىدىقۇت، كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەرخىل تىياتىر ئويۇنلىرى بۇ سۇلالىلەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى، بۇ مۇناسىۋەت تاكى سۈي، تاڭ دەۋرىگىچە ئىزچىل داۋاملاشتى» دەپ يازغاندەك، شىمالىي سۇلالىلەردە غەربىي دىيار ئىدىقۇت، كۇسەن ئويۇن-تىياتىرلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولغان (70). شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خان-پادىشاھلىرى سىپاھىلارنىڭ گاۋ جەمەتىدىن بولغاچقا، ئۇلاردا شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئات مىنىشكە ماھىر، مۇزىكا-ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنى ياخشى كۆرىدىغان خۇسۇسىيىتى غەربىي دىيار تىياتىر ئويۇنلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. مەسىلەن ، «شىمالىي چىننامە. ۋېن شۇەن خاتىرىلىرى» （北齐书.文宣纪） دە شىمالىي چى خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى گاۋياڭ (پادىشاھ ۋېن شۇەندى) مۇنداق تەسۋىرلەنگەن. «شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى ۋېن شۇەندى ئۆزى بىر پادىشاھ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرچە كىيىم كىيەتتى. ئۇيغۇرچە ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. مۇزىكا-ئۇسسۇل، تىياتىرلارغا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى. ئۆزى دۇمباق چالاتتى، تاڭ ئاتقۇچە بەزمە قۇرۇپ، ئاشۇ يالىڭاچ-يېرىم يالىڭاچ غەربىي يۇرتلۇق سەنئەتچىلەر بىلەنلا بولۇپ كېتەتتى. ئورىدىدا يۈز-كۆزلىرىگە گىرىم قىلىۋېلىشقان سېرىق چاچلىق، ئۇسسۇلچىلار، ساقال-بۇرۇتلۇق مۇزىكا-ئۇسسۇل، تىياتىرچىلار كۈنسايىن كۆپەيگەن. ھەتتا ئۇلار ئوردا كىيىمىنى كىيىپ يۈرەتتى»، دېيىلگەن. شىمالىي چى خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇل، تىياتىر ئويۇنلىرىغا ھېرىسمەنلىكى ۋە غەربىي دىيار سەنئەتكارلىرىنى قالتىس ئەتىۋارلىغانلىقى، ئۇلار بىلەن ئاپئاق-چاپاق بولۇپ دوست تارتىشقانلىقى بەزىلەرنى ھەيران قالدۇرغان (71).

رېڭ بەنتاڭ ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى ئويۇن-تىياتىرلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئەينى ۋاقىتتا لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق مەشھۇر پايتەخت شەھەرلىرىدە ۋە بەزى ئايماقلاردا ئوينالغان ئۇيغۇر تىياتىر-ئويۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق يازغان: «تاڭ دەۋرىدە چاڭئەن-لوياڭ قاتارلىق كاتتا خەلقئارا شەھەرلەردە ئۇيغۇر تىياتىر ئويۇنلىرى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ چاغدىكى تىياتىرلاردا ۋەقەلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، نەتىجىسى ئېنىق بولۇپلا قالماي، بەلكى رولچىلار ھېسسىياتى، ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا، سەھنە سۆزى بىلەن دىئالوگ-مونولوگلار تىياتىر مەزمۇنىغا ناھايىتى ماسلاشقان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نىقابلىق، يۇمۇرلۇق، كۈلكىلىك، قىزىقارلىق تىياتىرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان»، (72) دەپ يازسا، قەدىمكى تىياتىر تەتقىقاتچىسى لاڭ يىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ : «غەربىي يۇرتنىڭ نۇرغۇن تىياتىرلىرىدا ئادەتتە ئويۇن قويغاندا نىقاب تاقاپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ‹سۇمۇز›، ‹لەن لىڭۋاڭ›، «باتۇر»، ‹غەربىي لىياڭ رەققاسلىرى› قاتارلىق نۇرغۇن تىياتىرلاردا نىقاب تاقايدۇ. نىقاب ئاساسەن ياغاچنى ئويۇپ، قىرىپ ياسىلىدۇ. بۇ تىياتىرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ قىزغىن ئالقىشلانغان ھەمدە تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نومۇرلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق نىقابلىق تىياتىرلارنىڭ مۇزىكىلىق سېھرىي كۈچى كۈچلۈك، ئۇسسۇل شەكلى گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن. ۋەھشىي ياۋۇز، بەتبەشىرە ئالۋاستىلار سىياقىدىكى نىقابلارنىڭ تەسىرلەندۈرۈش، قورقۇتۇش ۋەھىمىسى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىك بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى ناھايىتى ماسلاشقان، شۇڭلاشقا غەربىي دىيار ئۇيغۇر تىياتىرلىرى تاڭ

دەۋردىكى ئوتتۇرا دىيار ئوردا-قەسىرلىرىنىڭ كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشىغا، ياخشى كۆرۈلۈشىگە ۋە ئەھمىيەت بېرىلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. يەنە خەلق ئىچىگىمۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ ئوتتۇرا دىيار تۇپرىقىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى»، (73) دەپ يازىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئوينالغان ئىدىقۇت مۇزىكا-ئۇسسۇللىرى ۋە قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك، نىقابلىق ئويۇن-تىياتىرلىرى سان جەھەتتىنمۇ خېلى نۇرغۇن بولغانلىقى مەلۇم. تاڭ ئوردىسى تەسىس قىلغان مۇزىكا مەھكىمىسى (太乐署)، خان-پادىشاھلارغا خاس نەشپۈتلۈك باغ (梨园) ۋە ئىككىسى لوياڭدا، ئۈچىنچىسى چاڭئەندە بولغان ئوقۇتۇش يۇرتى (يەنى-سەنئەت دارىلفۇنۇنى 教坊) قاتارلىق جايلاردا تۇرپان مۇزىكا-ئۇسسۇللىرى بىلەن قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق ئويۇن-تىياتىرلىرى رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش، دەرس ۋە مەشىقلەردە يېتەكچى قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئوردا-قەسىر سەھنە-سەينالىرىدا ۋە چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ ئاممىۋى پائالىيەتلەردىمۇ مۇھىم نومۇر قاتارىدا ئىزچىل ئوينالغان.

«تاڭ دەۋرىدىكى تىياتىر-ئويۇنلار» (唐戏弄) ناملىق داڭلىق ئىلمىي ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، مەشھۇر تىياتىرشۇناس ئالىم رېڭ بەنتاڭنىڭ كۆرسىتىشىچە، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئىدىقۇت ۋە كۇسەن ۋەكىللىكىدىكى غەربىي دىيارلىق ئۇيغۇر تىياتىرچىلار چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق جايلاردا ئوينالغان ۋە ئوتتۇرا دىيار تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان داڭلىق تىياتىرلاردىن «سۇمۇز» (苏莫遮)، «سارىپۇترا» (舍利佛)، «باتۇر» (拔头-奔头)، «غەربىي لياڭ رەققاسلىرى» (西凉伎)، «براھمانىنى ئوينىتىش» (弄婆罗门) (74) قاتارلىقلار بولۇپلا قالماي، يەنە يۇمۇرلۇق، ساتىرىك، قىزىقارلىق تىياتىرلاردىن «خىسلەتلىك ئاق ئات» (神白马)، «قوي باشلىق خۇنتۇز» (羊头浑脱)، «بەش تەرەپ شىرلىرى» (五方狮子)، «توققۇز باشلىق شىر» (九头狮子) قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى مەشھۇر تىياتىرلاردىن ئىدى (75). يۇقىرىدىكى تىياتىرلارنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىدىكى تىياتىر تىزىملىكىنىڭ بېشىدىكى «ئۇيغۇر تىياتىرلىرى قىسمى» (胡部) غا كىرگۈزۈلۈپ ئالاھىدە ساقلانغان ھەمدە ئەڭ سەرخىل تىياتىرلارنىڭ ئەڭ ئالدى دەپ قارىلىپ، ئوردا تىياتىرلىرى قىلىپ بېكىتىلگەن (76).

تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ «غەربىي دىيار ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا دىيار تىياتىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە: «غەربىي دىيار ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا دىيار تىياتىرلىرىغا بولغان تەسىر كۈچى زور، تەسىر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. غەربىي دىيار ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇ مەملىكەت ئىچى، سىرتىدىكى ئالىملار ئاللىقاچانلا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئىش»..... «تاڭ دەۋرىدە غەربىي دىيار تىياتىرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقتىن ئۇنىڭ تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان. شۇڭلاشقا غەربىي دىيار تىياتىرلىرىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىنغان ۋە تاڭ دەۋرىدىكى بەزى تىياتىرلارنى شەكىللەندۈرگەن. تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار جۇڭگو تىياتىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو تىياتىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ‹تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار غەربىي دىيار مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن› دېگەن قاراش بارغانسېرى نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ»، (77) دەپ يەكۈنلىگەن.

نېمىس ئالىمى ئا. ۋ. گاباين خانىم «قارا قوجو ئۇيغۇر خاندانلىقى» دېگەن ئەسىرىنىڭ بەدىئىي سەنئەت دېگەن قىسمىدا ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «شۇ دەۋر (ئىچكى ئۆلكىلەر) دىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى، ئاۋازسىز تىياتىرى (پانتومىما)، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى، ناخشا-ساز ۋە ئېپتىدائىي تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى..... ھازىر ساقلانغان

قولىيازمىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئاۋازىسىز تىياتىرلىرى توغرىسىدا بىز ھېچنەرسە دېيەلمەيمىز. ھازىر سۈرىتى بىلەن ساقلانغان (ئوغۇزخان) داستانى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر بەخت. بۇ ئەسەر ئاددىيغىنا تەرزىدە ئوقۇپ قويۇش دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. كىتابتا شېئىر جۈپلۈك (قاپىيىلىك) ۋە ئوبرازغا دائىر سۆزلەر كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بەزى سۆزلەر رىتىملىق ئاھاڭغا ئوخشاش قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ تىياتىر-ئوپېرا ئۈمەكلىرى، ناخشىچىلىرى، ئەر-ئايال سازەندىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشلارغا سازاۋەر بولغان.... بۇددىزم دراما ئەسىرى «مائىترىنىڭ بۇرھان بىلەن ئۇچرىشىشى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، پسىخولوگىيە رولى بولمىغان گۇناھلار ھەققىي پۇشايمان تەرزىدە خاتىرىلىنىپ، ئۇ ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ ھەققىي توۋا قىلىش ئارزۇسى نامايان قىلىنغان. بۇ ئەخلاقىي چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھال ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەردە ئۇچرىمايتتى... چالغۇ ئەسۋابلىرىغا كەلسەك، نەي، قۇبۇز ۋە غۇڭقىغا ئوخشاش نۇرغۇن خىلدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى تۇرپاندا يەر ئاستىدىن تېپىلغانىدى. «مائىترى سىمىت» (m aitrisim it) نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى (ئۇيغۇر) تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن »(78). دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىياتىر ـ دارمىا سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغان.

دراما تارىخى تەتقىقاتچىسى لى چاڭ ئەپەندى «دۇنخۇاڭدا مىراس قالغان كىتابلار بىلەن تام رەسىملىرىدىكى بۇددىزم تىياتىرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، ‹سارىپۇترا›دارمىسى مىلادىيە 1-ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىنغان، 2ـ ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتقا تارقالغان. ‹مائىترى سىمىت›دىرامىسى مىلادىيە 4-5ـ ئەسىرلەردە ئىجاد قىلىنىپ، مىلادىيە 8ـ ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان»(79) دەپ يازىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى (960-1279) دىن ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى (939-1006) تەيپىڭ سىڭگونىڭ 6ـ يىلى (مىلادىيە 981-يىلى) ئىدىقۇتقا كېلىپ كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە يازغان «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»(西州程记) دە ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساز- نەغمىلىرى بىلەن ئويۇن-تىياتىرلىرى توغرۇلۇق ئۆز تەسىراتىنى ناھايىتى زوقلىنىپ تەسۋىرلەپ: مەيلى ئۆيدە، مەيلى ئېتىز- باغلاردا ياكى كۆل ياقىلىرىدىكى سەيلەلەردە بولسۇن، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدا مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەم كۆپچىلىك ئارىسىدا چېلىنىدىغان تۆرلۈك ساز — ئەسۋابلىرى ئىچىدە ‹بەرباب› دەپ ئاتىلىدىغان ئون ئىككى تارلىق سازنىڭ بارلىقىنى، بېشبالىقتا قىزىقارلىق ۋە ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق تىياتىر كۆرگەنلىكىنى، مۇزىكانتلار بىلەن تەڭرىكۆل بويىدا مۇزىكىلىق سەيلە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ھەيرانلىقىنى ئىزھار قىلغان(80) .

جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىپلومات ۋۇگۇسۇن جۇڭدۇەن (乌古孙仲端) شىڭدىڭ 5ـ يىلى (مىلادىيە 1221-يىلى) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»(北使记) ناملىق ئەسىرىدە ئىدىقۇت ھەققىدە مۇنداق يازغان: «ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئاقۇش ئېسىل كىيىم- كېچەكلەر بىلەن يۇزىگە گىرىم قىلىدىغان، مۇزىكا- ئۇسسۇلغا قالتىس ماھىر كېلىدىكەن، قىزىقارلىق تىياتىرلار قويۇلىدىكەن»(81).

ۋاڭ يەندىنىڭ «غەربىي ئايماققا ئەلچىلىك خاتىرىسى»(王延德«西州使程记») دە يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇمۇز تىياتىرى (苏莫遮戏) ئوينايدىغانلىقى، ھەرخىل نىقابلانغان ئويۇن- تىياتىرچىلارنىڭ قىزىقارلىق تىياتىرلارنى ئويناپ ۋابا- مەرەزلەرنى قوغلايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن (82) .

«چىڭ سۇلالىسى تارىخي ئورىگىنالى »(请史稿) 110-جىلد، «غەربىي دىياردا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىم»، «ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدە ئارىلاشما خاتىرىلەر» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ تۇرپاندا ئوينالغان ئۇيغۇر تىياتىر- دراما

سەنئىتى، ئۇيغۇر سېھرىگەرلىكى، موللاق ئۇسسۇلى، دارۋازچىلىق ۋە چاقپەلەك ئويۇنلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى قاتارىدا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئويۇن- تىياتىر سەنئىتىگە باي ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ تۇيۇقسىزلا غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن تەڭ ئۆز تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجى تۈپەيلى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار ماۋرەئۈننەھرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي ئاسىياغا كىرىپ كەلدى. 1258-يىلى باغدادنى مۇھاسىرىسىزلا ئالغان چىڭگىزخان قوشۇنىدا نەچچە تۈمەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى «تاتار»(موڭغۇل) دۇبۇلغىسىنى كىيىپ جەڭگە قاتناشتى. يەتتىسۇ، ماۋرە ئۈننەھر، خارەزىم ۋە خوراسانغىچە تارقالغان قاراخانىيلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرى بىلەن كەڭ ئىسلام رايونلىرىغا تارقالغان بۇددا- مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. كېيىنچە مۇسۇلمانلاشقان چىڭگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلاشتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك رەۋىشتە ماۋرەئۈننەھر ئارقىلىق موڭغۇل يۈەن سۇلالىسىدە ئاساسلىق ئىجتىمائىي، ھەربىي ۋە ئىلمىي ئامىل بولۇپ قالدى. شۇ قاتاردا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مىڭلارچە سەنئەت ئۇستازلىرى ئۇيغۇر تىياتىر- دراما سەنئىتىنى يەرلىك ئاھالىلەرگە تارقاتتى. نەتىجىدە غەربىي دىيارنىڭ بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ نۇرغۇن تىياتىر ژانىرلىرى ئىچكىرىدە تەرەققىي قىلىپ راۋاجلىنىپ، كېيىنكى زاجۇي تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالدى(83) .

---


ئىزاھاتلار :

(1) ھېيتەم ھۈسەيىن: «تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 1- باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى نەشرى .

(2) (9) (20) (29) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى تىياتىر- ئويۇنلىرىغا دائىر تارىخىي ئۇچۇرلار» ، («شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007-يىل 2-ساندا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(3) ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، جاڭ چۈەن، شىڭ كەيدىڭ :«تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى غولىنىڭ غەربىي تەكشى تۈپلىكىدىكى كونا تاش قورال ئورنى»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى» سەنجىن نەشرىياتى 1996-يىل خەنزۇچە نەشرى .

(4) (5) ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى: «تۇرپان ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1988-يىل 3-سان.

(6) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى ھەيكەللەر» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1990- يىل 8-ئاينىڭ 7- كۈندىكى ساندا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(7) (16) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى رەسىملەر» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1990-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈن ساندا) ناملىق ماقالىسىگە ۋە «خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەسى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1987-يىل6-ئاينىڭ 6-كۈنى ساندا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(8) (34) (35) (39) (40) (41) (43) (44) (46) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «گېرمانىيەلىكلەر يۇرتىمىزدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قەدىمكى تىياتىر- دراما ئەسەرلىرى»(«شىنجاڭ سەنئىتى»نىڭ 2001-يىللىق 4- سان 16-21-بەتلەر) ناملىق ماقالىسىگە ۋە «شىنجاڭدىن تېپىلغان ئۈچ خىل قەدىمكى يېزىقتىكى بۇددىزم دراملىرى»، («شىنجاڭ سەنئىتى» نىڭ 94-96-بەتلەر) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(10) (11) (12) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «ياغىخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قاغقىلارغا خاس ماددىي مەدەنىيەت يالدامىلىرى ھەققىدە» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2009ـ يىل 1ـ سان، 14ـ32ـ بەتلەر) ناملىق ماقالىسىگە ۋە «يېچاڭدىكى ياغىخى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مۇزىكا ئەسۋابى ـ غۇڭقا ھەققىدە»( يوقىرىدىكى ژۇرنال ، 2009ـيىل 2ـ سان، 85ـ91ـپەتلەر) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(13) چيەن يۈ:«شىنجاڭ ئېھتىمال جۇڭگودىكى ئەڭ بۇرۇن بوغداي تېرىلغان رايون بولسا كېرەك ـ تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىلەردىكى يېڭى بايقىلىشلار يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا (بوغداي يولى) بولغانلىقىنى تەسۋىرلىدى»،«شەھەر ئىستىمالى سەھەر گېزىتى» خەنزۇچە، 2007ـيىلى 12ـئاينىڭ 14ـكۈنى سانى 12ـبەت؛ چىيەت يۈ: «ياغىخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى: تارىختىن ئىلگىرىكى شەرق ـ غەرب چوڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كارتىنىسى» يۇقىرىدىكى گېزىت، 2007ـيىل 3ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى سانى، 10ـ 11ـ بەتلەر؛ ساۋشىنلىڭ: «ياغىخى قەدىمكى قەبرىستانلىقى ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاق مەدەنىيىتىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ» يۇقىرىدىكى گېزىت، 2009ـيىلى 4ـئاينىڭ 15ـ كۈنى سانى 9ـبەت؛ چيەن يۈ: «دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى يالغان پۇت ـ قول، ئەڭ ياخشى ساقلانغان يېڭى بوغداي ـ تۇرپاندىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى قۇشلارنىڭ قەبرىسى بايقالدى»، يۇقىرىدىكى گېزىت، 2010ـيىلى 3ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى سانى 7ـ بەت قاتارلىق سۇرەتلىك ماقالىلەرگە قاراڭ.

(14) ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 493ـبەت.

(15) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن:«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 34ـبەت.

(17) «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1975ـيىللىق 7ـسانىدا ئېلان قىلىنغان تۇرپان ئاستانىدىكى 206ـنومۇرلۇق قەبرىنى تازىلاش ھەققىدىكى ماقالىگە قاراڭ.

(18) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قونچاق تىياتىرى ئويناۋاتقان ھەيكەللەرگە فولكلور نۇقتىسىدىن تەتقىقات»، («تۇرپانسۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2010ـيىللىق 1ـسانىدا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ .

(19) (21)(22) ساۋ لىگيەن: «تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى تىياتىرلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»،«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2008ـيىللىق 2ـسان، 92ـ97ـبەتلەر.

(23) «يىپەك يولى مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 310ـبەت،1985ـيىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى .

(24) (25)«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە،2008ـيىل2ـسان، 94ـبەت.

(26) «شىنجاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 134ـ رەسىم، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1975ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

(27) «يىپەك يولى بەدىئىي سەنئىتى»، 111ـبەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985ـيىلى خەنزۇچە نەشرى

(28) يۇقىرىدىكى كىتاب ،112ـبەت.

(30) (31) 6ـ ۋە 7ـ ئىزاھلار بىلەن ئوخشاش.

(32) «يىپەك يولى بەدىئىي سەنئىتى»،123ـبەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .

(33) يوقۇرىدىكى كىتاب ، 125ـبەت .

(36) ‹‹مايىترى سىمىت›› دىرامىسى — 1959ـ يىلى 4ـئايدا قومۇلنىڭ تىيانشان يېزىسىدىكى ۋەيرانە بولغان بىر بۇددادىنى ئىبادەتخانىسى خارابىلىقىدىن تېپىلغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. 1974ـيىلى قارا شەھەردىن مەزكۇر دىرامىنىڭ توخرى يېزىقىدا يېزىلغان يەنە بىر نۇسخىسمۇ تېپىلدى. ھازىرغىچە 586 بېتى ساقلىنىپ قالغان بۇ چوڭ تىپتىكى دىراما ئەسىرىنىڭ مىلادىيە 767ـ يىللىرىدا كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى .

(37) لى جىگيۇ: «ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ نۇسخىسى ‹ساكيامۇنى نىرانا دىراما ئەسىرى› ھەققىدە دەسلەپكى

مۇھاكىمە»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» خەنزۇچە 1987-يىل 1-سان، 64-82-بەت.: لى جېڭيۇ: «S.24407-نومۇرلۇق ۋەسىقە(ساكيامۇنى نىرانا)نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە قايتا بايان- يولداش جۇجېڭياڭغا جاۋاب»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 1990-يىل 4-سان، 86-90-بەتلىرىگە قاراڭ.

(38) جۇجېڭياڭ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان S.2440-نومۇرلۇق ۋەسىقە — ئەسلى نۇسخىسى ھەققىدە ئېنىقلىما- قوشۇمچە (ئاخىرقى تاڭ دەۋرىگە خاس دۇنخۇاڭ نۇسخىسى (ساكيامۇنى نىرانادراما ئەسىرى)ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە)گە مەسلىھەت»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1989-يىلى 3- سان، 63-73-بەتلىرىگە قاراڭ. سۇي،تاڭ دەۋرلىرىدە كۇچا خانلىقىدىن دۇنخۇاڭغا تارقالغان، كېيىنچە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ دۇنخۇاڭلاردا ئوينالغان ھەم يۇقىرىدىكى دراما ئەسىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدىكەن. ئىلگىرى دۇنخۇاڭدىن ئەسلى قوليازمىسى تېپىلغان قوشۇمچە پايدىلانغان ماتېرىيال: پرووسسىيە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇزېيى تۈزگەن، جاۋزۇئېن، ياڭ فۇشۆلەر خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «بېرلىن ھىندىستان سەنئىتى مۇزېيىدىكى تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر كاتالوگى (377-566- بەتلەر)»، دۇنخۇاڭ- تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ تەتقىقات ماتېرىيال مەركىزىي تۈزگەن «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر مەخسۇس سان» غا بېسىلغان، 1990-يىل ئۈرۈمچى. ياڭ فۇشۆ: «گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان غەربىي دىيار سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر: رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئەسلىمە»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1994-يىل 2-سان، 127-137- بەتلەر.

(42) ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يۈزەكى مۇھاكىمە»، «غەربىي دىيار تىياتىرى ۋە تىياتىرىنىڭ گېنېئالوگىيەسى»، 1992-يىل10-ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 6-7- بەتلىرىگە قاراڭ.

(45) قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل نەشرى، 4-بەتكە قاراڭ.

(47) (49) (50) ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن چەمبىرى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (مائىترى سىمىت) يۈگۈنج بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1985-يىللىق 1-سان.

(48) ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى جوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى- مائىترى سىمىت»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە ، 1984- يىللىق 4-5- سانلىرىغا قاراڭ.

(51) قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، 6-بەت.

(52) (64) جۇجېڭباۋ: «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسۇللىرى»، «يىپەك يولى مۇزىكا- ئۇسسۇل سەنئىتى»، 305-316-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى .

(53) (54) (55) (56) (57) (62) (65) لاڭ يىڭ: «غەربىي دىيار ناخشا- ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تىياتىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2003-يىل 1-سان .

(58) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سومۇز تىياتىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇمات» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1993-يىل 12-ئاينىڭ 21- كۈندىكى سانىدا) ۋە «مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سومۇز تىياتىر ئويۇنىغا ئائىت مەلۇمات» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1994-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى سانىدا) ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

(59) (61) (67) رېڭ بەنتاڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى ئويۇن- تىياتىرلار»، 1958- يىل، يازغۇچىلار نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى ، 1- قىسىم، 80-، 81-،168-،169-بەتلەر.

(60) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1993-يىل 1-سان، 29-بەتكە قاراڭ.

(66) ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «يۇرتىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ياپونىيە سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1988-يىل1-سانىغا قاراڭ.

(68) «يىپەك يولى مۇزىكا- ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1985-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى ، 309-بەتكە قاراڭ.

(69) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «دىيارىمىزنىڭ ئىپتىدائىي نىقابلىق ئويۇن-ئۇسسۇللىرى» («شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنالى »، 2005- يىللىق 1-سان)، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئۇسسۇللىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» (يوقىرىدىكى ژۇرنال ، 2004-يىللىق 2-ساندا) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نىقابلىق تىياتىرلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈندىكى ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرىگە قاراڭ.

(70) لاڭ يىڭ: «غەربىي دىيار مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تىياتىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2003-يىل 1-سانىغا قاراڭ.

(71) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» ناملىق كىتابىدىكى ئەن ماجۇ، ئەن مورو، ئەن چىنو، جۇپ، ماندائاقارىيلار مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەرگە قاراڭ.

(72) (74) (75) (76) رېڭ بەنتاڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى ئويۇن -تىياتىرلار»، 1958-يىل، يازغۇچى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 1- قىسىم، 80-،81،168-،169-بەتلەرگە قاراڭ.

(73) (77) «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2003-يىل 1-سان، 57-،61-بەتلەرگە قاراڭ.

(78) گېرمانىيەلىك ئالىم ئاننامارىيە گاباڭىن خانىمنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانادنلىقى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە، 1982-يىللىق 3- ساندا ئېلان قىلىنغان.

(79) چۇلىۋېي، لى شياۋبىڭلار تۈزگەن «غەربىي دىيار تىياتىرلىرى ۋە تىياتىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىنىڭ 102-بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992-يىل خەنزۇچە نەشرى .

(80) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخي »، 490-جىلد، «قوچو تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا شۇجۇي 1977-يىل خەنزۇچە نەشرى ، 14113-بەت.

(81) جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن لىيوچى يازغان «كۆيتى تەزكىرىسى»، 13-جىلد، «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»، جۇڭخۇا شۇجۇيى 1983-يىل خەنزۇچە نەشرى ، 168-169-بەتلەر.

(82) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490-جىلد «قوچو تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا شۇجۇي 1977-يىل خەنزۇچە نەشرى ، 14112-بەت.

(83) ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «يۇەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىدىكى ئالاقىدار ماقالىلەرگە قاراڭ.

1991-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى .

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدا)

**تەھرىرلىگۈچى :ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

[ئۆزبېكىستان] قاسىمجان سادىقوۋ

# تۆمۈرىي خانلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يارلىقلىرىنىڭ مەتىن تۈزۈلۈشى ۋە ئۇسلۇبى

ئۆزبېكچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالپ

تۆمۈرىيلەر دەۋرى مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي-سىياسىي ھاياتىدا، تۈركىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ تاكامۇللىشىشى، ئەدەبىي تىل يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ، يازما ئۇسلۇبلىرىنىڭ مۇئەييەن قېلىپقا چۈشۈشى ۋە تۈركىي مەتىنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولدى. قەدىمكى تۈرك يېزىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، تۈرك ئىسلام دۇنياسىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاخىرغىچە قوللانغانلارمۇ تۆمۈرىيلەر ئىدى. تۆمۈربەگ ئۆز دۆلىتىنىڭ رەسمىي ئىشلىرىدا، ئىچكى ھەمدە خەلقئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە، بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە، زىيالىيلار ئارىسىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە بۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە خېلى چوڭ ئېتىبار بەردى. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى تۈركىي يازما تىل (ئۇيغۇر چاغاتاي تۈركچىسى)نىڭ يېتەكچىسى، پۈتۈن بىر سەلتەنەتنىڭ ئىش يۈرگۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان رەسمىي يېزىقىغا ئايلاندى.

تۆمۈرىيلەر ئۆز يارلىقلىرىنى، رەسمىي ھۆججەتلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىشقان. تۆمۈربەگ ئۆز يارلىقلىرىنى، قوشنا ئەللەرنىڭ شاھلىرىغا يوللىغان مەكتۇبلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە تۈركىي تىلدا يازدۇرغان، تۆمۈرىيلەرنىڭ شەجەرىلىرىمۇ ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلغان. تۆمۈربەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شاھرۇھ ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئەبۇ سەئىد مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزىمۇ ئۆز دىۋانىدا، دۆلەت ئىشلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كەڭ قوللانغانلىقى مەلۇم. بۇ يېزىقنى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ ياخشى بىلەتتى.

تۆمۈرىي خانلىرى يۇرت سورىغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر يېزىقىدا يازدۇرغان يارلىق ۋە مەكتۇپلاردىن بىر نەچچە پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغان، خالاس. تۆۋەندە ئەنە شۇ پۈتۈكلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## شاھرۇھ مىرزا يارلىقى

شاھرۇھ مىرزا يۇرت سورىغان دەۋردە تۈركىي تىلدا يازدۇرغان يارلىقلاردىن ئازراق بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. يارلىق تۈركىي-ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇ ئافغانىستاندىكى مەيمەنە دېگەن جايدىن تېپىلغان، بۇنى ئەينى چاغدا پروفېسسور ئە. بېنۋېنىست (Э. Бенвенист) سۈرەتكە تارتىۋالغان ئىكەن. ئەسلىي ھۆججەتنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ھازىرچە نامەلۇم. سۈرەتتىكى بويىچە ج. دېنى (Ж. Дени) ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن [1]. بىز يارلىقنىڭ ج. دېنىنىڭ ماقالىسىدا بېرىلگەن سۈرىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەتقىقاتىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

## يارلىق ھەققىدە چۈشەنچە

يارلىق بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان. قەغەزنىڭ ئوڭ بېتىگە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئون ئۈچ قۇر مەتىن پۈتۈلگەن خەت يېزىلغان. خەت تۈز ۋە چىرايلىق، لېكىن بىر ئاز زېدىلەنگەن؛ كېيىنكى چاغلاردا، بولۇپمۇ، ئىسلام دەۋرىدە كەڭ

تارقالغان جانلىق خەتتىن ئىبارەت.

قەغەزنىڭ سول تەرىپىدە، يېرىمىدىن تۆۋەنرەكىدە قاتتىرىغا مۆھۈر-تامغىلار بېسىلغان. مۆھۈر-تامغىلارنىڭ ئالدىغا، سول تەرىپىگە يانتۇ قىلىپ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن Niš(ā)nnï İsmāyil aldï دەپ يېزىپ قويۇلغان. خەتنىڭ ئۇسلۇبى قەغەزنىڭ ئوڭ بېتىدىكى مەتىن بىلەن بىر خىل. قارىغاندا، سۇيۇرغال بېرىلگەن كىشى ھۆججەتنى دىۋاندىن قوبۇل قىلىپ ئېلىۋاتقاندا خادىم، ئېنىقراقى، يارلىقنى يازغان كاتىپ مۇشۇ ئەسكەرتمىنى يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مەتىننىڭ يەكۈنىدە ھۆججەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بېرىلگەن، ئۇنىڭدا ھۆججەتنىڭ يېزىلغان يىلى ۋە يېرى ئەسكەرتىلگەن. Tarix sekiz yüz yigirmi bešidä ud yïl muharram aynïŋ yigirmi ikisidä Bağï šaharda bitildi (تارىخنىڭ سەككىز يۈز يىگىرمە بەشىدە، كالا يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسىدە باغى شەھەردە يېزىلدى). بۇ يىل مىلادىيە 1422-يىلىنىڭ 16-يانۋار كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ج. دېنى باغى شەھەرنى سەمەرقەندتىكى جاي دەپ ئېيتقان. ھالبۇكى، «بابۇرنامە»دە بۇ يەرنىڭ ھىراتنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن [2].

يارلىقنىڭ مەقستى ۋە تۆرىگە قارىغاندا ئىمتىياز بەرگۈچى ھۆججەتلەر تۈرىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن. مەتىننىڭ ئۆزىدە ئۇ nišān دەپ ئاتالغان.

شاھرۇھ مىرزا نىشانىنىڭ ئەرەب يېزىقىدا ئەمەس، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ، قەغەزنىڭ كەينى بېتىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈپ قويۇلغان يېرى تولىمۇ مۇھىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈرىيلەر زامانىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى، دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كەڭ-كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ.

## پۈتۈكنىڭ تۈزۈلۈشى

نىشان Šāhruh bahadur sözüm devānlarğa (شاھرۇھ باھادۇر سۆزۈم دىۋانلارغا) دېگەن جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ جايدا Šāhruh bahadur sözüm — ئۇنىۋان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالاھىدە بىر قۇرغا يېزىلغان. ئۇ ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن: خاننىڭ ئىسمى (Šāhruh)، ئۇنىۋانى (bahadur) ۋە پەرماننىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى يارلىق (sözüm). ئۇنىۋانغا قوشۇلۇۋاتقان devānlarğa دېگەن سۆز — يارلىق قارىتىلىۋاتقان ئىش بېجىرگۈچى ئورۇننى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئۇنىۋاندىن ئاجرىتىلىپ كېيىنكى قۇرغا يېزىلغان.

پۈتۈكنىڭ ئاساسىي قىسمىنى مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈشكە قاراپ تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە ئاجرىتىش مۇمكىن:

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بېرىلگەن سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىياز ۋە شەرت-شارائىتلىرى. بۇنىڭغا قارىغاندا، تالخان ئاتا مازىرىنىڭ مۇجاۋۇرىغا بىر قوشلۇق ئاتمىش كۆۋى يەر سۇيۇرغال بېرىلىپ، لۇي (ئەجدىھا) يىلىدىن باشلاپ ھوسۇلنى تاپشۇرماسلىق شەرتى بىلەن خانىقاغا خىرج قىلىشى، ھېچكىمنىڭ ئۇنى مال-مۈلۈك دەپ قىستىماسلىقى، سېلىق سالماسلىقى، زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى بەگلىك نىشانىدا ئەسكەرتىلگەن. مەتىندە مانا مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلىگۈچى جۈملە ئۆتكەن زامان (bermiš erdük) شەكلىدە بېرىلگەن.

سۇيۇرغالنىڭ كىم ئۈچۈن بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىش ئورنى ۋە لاۋازىمى (Cečäktöbädä Tarnaq arïğïda Talxan atanïŋ mujāvuri) مۇ مەتىننىڭ ئەنە شۇ يېرىدە، ئىلگىرىكى سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىتىش باھانىسىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. لېكىن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى (İsmāyil mujāvur) كېيىنكى بۆلەكتە — ئىلگىرى ئۇنىڭغا بېرىلىۋاتقان ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرگۈچى سۆپەتتە تىلغا ئېلىنغان.

يېڭى، يەنى كېيىنكى سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىياز ۋە شەرت-شارائىتلىرى. بۇنىڭدا قايتۇرماسلىق شەرتى ۋە سۇيۇرغال

يۇسۇنى بىلەن ئاتمىش كىۋى يەرنىڭ چىقىدىغان ھوسۇلىنىڭ خانىقاغا خەرج قىلىپ بېرىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

يېڭى سۇيۇرغال ئىمتىيازلىرىنى ئاساسقا ئالغان ھالدا ھوسۇلنى خانىقاغا ئىشلىتىش ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى كۆرسەتمە. ئۇنىڭغا قارىغاندا، بۇرۇنقى نىشاننىڭ يۇسۇنى بىلەن ئۇي (كالا) يىلىدىن باشلاپ قايتۇرماسلىق شەرتى بىلەن ئاتمىش كىۋى يەرنى سۇيۇرغال يۇسۇنى بىلەن ئېلىپ خانىقاغا خەرج قىلىش تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇشۇ يارلىقنىڭ شۇ كۈنگە قەدەر بېرىلگەن سۇيۇرغال ھوقۇقىنى تەمىنلىگۈچى، ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ۋە ھەتتا ئالدىنقىسىدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھۆججەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

مۇشۇ جۈملىدە يارلىقنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش يىلى (ud yïldïn bašlap — ئۇي، يەنى كالا يىلىدىن باشلاپ)مۇ كۆرسىتىلگەن.

سۇيۇرغال بېرىلىۋاتقان كىشىنىڭ سىلىق ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن ئەركىن ئىكەنلىكىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى بۇيرۇق. بۇنىڭغا قارىغاندا، سۇيۇرغال بېرىلىۋاتقان كىشىگە ھوسۇلنى خانىقاغا ئەركىن ھالدا سەرپ قىلىشى، بۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا ئۇنىڭ ئۆي-جايى، مال-مۈلكىگىمۇ ھېچكىمنىڭ تەھدىت سالماسلىقى ئەسكەرتىلىدۇ. شاھرۇھنىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىسى مەتنىدە بۇيرۇق شەكلىدە (-sun, -sün قوشۇمچىلىرى بىلەن) بېرىلگەن، يەنى:

Kim ersä mal tilämäsün, yasağ alpağ salmasun, küč uğa tegürmäsün. Ëки: ewi barïnï tartïp tonup alïmasun.

يۇقىرىدىكى بۇيرۇقنىڭ خان نامىدىن يېزىلىۋاتقانلىقى تەلەپپۇز ۋە پېئىلى بىلەن تەستىقلىنىپ، يەكۈن قىسمىغا ئۆتىلىدۇ.

تارىخ قىسمىنى تۆۋەندىكى بۆلەكلەرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن: تارىختا ئىشارە قىلغۇچى سۆز (تارىخ)؛ ھۆججەتنىڭ يىل-ئاي-كۈنى (sekiz yüz yigirmi bešidä ud yïl muharram aynïŋ yigirmi ikisidä)؛ يېزىلغان يېرى (Bağï šaharda)؛ يېزىلغانلىقىنىڭ تەستىقى (bitildi). يىل ھەم ھىجرىيە، ھەم تۈرك-مۆچەل يىل ھېسابىدا ئېلىنغان.

## يارلىقنىڭ مەتنى

تۆۋەندە يارلىقنىڭ ج. دېيىننىڭ ماقالىسىدە بېرىلگەن سۈرىتى ئاساسىدا مەتىن ترانسكرىپسىيەسىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

1. Šāhruh bahadur sözüm
2. devānlarğa. Cečäktöbädä Tarnaq arïğï-
3. da Talxan atanïŋ mujāvurigä bir
4. qošluq altmïš kivi yer suyurğal berildi. Luy yïldïn bašlap
5. ne kim hāsilïnï Ut böri xanaqāğa xarj qïlsun. Kim ersä
6. mal tilämäsün, yasağ alpağ salmasun, küč uğa tegürmäsün, tep
7. beg niš(ā)n bermiš erdük. Burunğï niš(ā)n yosunïbilä ud yïldïn
8. bašlap Ut böri, altmïš kivi yerni suyurğal yosunï

9. birlä alïp (?) xanaqāğa xarj qïlsun-kim , kim ersä
10. mal tilämäsün, yasağ alpağ salmasun, küč uğa tegürmäsün. Basa
11. İsmāyil mujāvurniŋ ewi barïnï tartïp tonup almasun,
12 .tep niš(ā)n berildi. Tarix sekiz yüz y(i)g(i)rmi bešidä ud yïl muharram
13. aynïŋ y(i)g(i)rmi ikisidä Bağï šaharda bitildi.

## مەتىندىكى ئايرىم سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ تەھلىلى

4-قۇر: Luy yil — تۈرك مۆچەل يىل ھېسابى بويىچە ئەجدىھا يىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەري ئۆز دىۋانىدا مۆچەل يىللىرىنى مىسال كەلتۈرگەندە، بۇنى Nek yili (تىمساخ يىلى) دەپ كۆرسەتكەن [3]. «لۈي» سۆزى خەنزۇچىدىن ئۆزلەشكەن، قەدىمكى پۈتۈكلەردە ئۇنى lu دەپ يازغان. شۇڭا ئوخشاش بىر-ئىككى ئۆزلەشكەن سۆز تۈركچە مۆچەل يىل ناملىرىدا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

5-قۇر: U tböri — بۇ سۆز 8- قۇردىمۇ كەلگەن. ج. دېنى بۇنى «ئات بۆرى» شەكلىدە بېرىپ، يەر نامى دەپ ئىزاھلىغان. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتىننىڭ قولىمىزدىكى فوتو سۈرىتى بەك خىرە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆزدىكى ئىككىنچى ھەرپنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئېنىقلاش قىيىن بولدى. ھازىرچە بۇنى شۇنداق قالدۇرىمىز.

6-قۇر: yasağ alpağ — سېلىق تۆلەش تۈرلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ salm asun دېگەن سۆز بىلەن ماسلىشىپ كېلىشىمۇ شۇنىڭدىن بەلگە بېرىپ تۇرىدۇ. مەتىننىڭ 10- قۇرىدىمۇ بۇ سۆز ئوخشاش شەكلىدە تەكرارلىنىدۇ.

7-قۇر: beg nišān — «بەگلىك نىشانى، بەگلىك يارلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

yosun — «قانۇن-قائىدە، يوسۇن»، مەتىندە nišān yosunï, suyurğal yosunï دېگەن سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ، «يارلىقتا بەلگىلەنگەن قانۇن، يوسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ud yil — تۈرك مۆچەل يىل ھېسابى بويىچە ئۇي (كالا) يىلى. بۇنىڭدىن باشقا يارلىقلاردا بۇ سۆز uy yïl شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

10-قۇر: yasağ alpağ — سېلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن؛ salm asun پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كېلىشىمۇ شۇنى كورستىپ تۇرىدۇ.

küč uğa tegürmäsün — سۇيۇرغال قىلىنىشنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە يارلىقلاردا شۇنداق جۈملىلەر قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، «زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈلمىسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

11-قۇر: ew ibarini — «ئۆيى ۋە بارلىق مۈلكىنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

tartip tonup alm asun — «زورلۇق بىلەن تارتىۋالمىسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## يارلىقنىڭ ھازىرقى مەزمۇنى

1. شاھرۇھ باھادۇر سۆزۈم
2. دىۋانلارغا! چېچەكتۆبەدە، تارناق ئېرىغى-
3. دا تالخان ئاتا (مازىرى)نىڭ مۇجاۋۇرىغا بىر
4. قوشلۇق ئاتمىش كۆي يەر سۇيۇرغال بېرىلدى. لۈي (ئەجدىھا) يىلدىن باشلاپ
5. ھەرقانداق ھوسۇلىنى (تاپشۇرماسلىق شەرتى بىلەن) ئۈت بۆرى خانىقاغا خەرج قىلسۇن. كىم بولمىسۇن

6. ئۇنىڭدىن مال تىلىمسۇن، سىلىق سالمىسۇن، زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن، دەپ
7. بەگ نىشان بەرگەن ئىدۇق. بۇرۇنقى نىشاننىڭ يوسۇنى بىلەن ئۇي يىلىدىن
8. باشلاپ (تاپشۇرماسلىق شەرتى بىلەن) ئۇت بۇرى (؟)، ئاتمىش كۆۋى يەرنى سۇيۇرغال يوسۇنى
9. بىلەن ئېلىپ خانىقاغا خىرج قىلسۇنكى، ھېچكىم
10. (ئۇنىڭدىن) مال سورىمسۇن، سىلىق سالمىسۇن، زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. يەنە
11. ئىسمايىل مۇجاۋۇرنىڭ ئۆي-جايىنى، مال-مۈلكىنى تارتىۋالمىسۇن،
12. دەپ نىشان بېرىلدى. تارىخ: سەككىز يۈز يىگىرمە بەشتە، ئۇي (كالا) يىلى، مۇھەررەم
13. ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىسىدە باغى شەھەردە پۈتۈلدى.

## سۇلتان ئۆمەرشەيخ يارلىقى

تۆمۈرىيلەر دۆلىتى جەمئىيەت ۋە دۆلەت باشقۇرۇش، خەلقئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر تارىخىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ھۆججەتلەردىن بىرى سۇلتان ئۆمەرشەيخنىڭ 1469-يىلى مەرغىلان ئۆلىمالىرىدىن بولمىش مىر سەيىد ئەھمەدگە بەرگەن يارلىقىدۇر [4].

## يارلىق ھەققىدە چۈشەنچە

يارلىق ۋاراقنىڭ بىر يۈزىگە پۈتۈلگەن. خېتى چىرايلىق ۋە تەرتىپلىك (قەدىمدە بۇنداق نەپىس خەتنى ئۈز خەت دەپ ئاتىغان). قەغەز بويىغا ئالتە، ئېنىغا ئىككى پۈكلەنگەن. قاپتا-قاپتا پۈكلىنىۋەرگەنلىكتىن، يىرتىلىشقا ئاز قالغان. ھەتتا پۈكلەنگەن يەرلىرىنىڭ بەزىلىرى كېيىنى تەرىپىدىن قەغەز بىلەن يەملەپ قويۇلغان.

قەغەزدىكى مەتىن ئون ئۈچ قۇر. باشتىكى ئۈچ قۇرى قالغانلىرىغا قارىغاندا ئىچكىرىرەكتىن يېزىلغان بولۇپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قۇرلىرىنىڭ ئالدىغا يۇملاق مۆھۈر-تامغا بېسىلغان. سۇلتان ئۆمەرشەيخنىڭ مۇشۇ مۆھۈر-تامغىسى مەتىننىڭ ئۆزىدە m uhur، يارلىقنىڭ ئۆزى-بولسا muhurluğ nišān دېيىلگەن.

قەغەزنىڭ كەينى بېتىدە يەتتىچە مۆھۈر-تامغىسى بار. مۆھۈر-تامغىلاردىكى يېزىقلار ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. ئۇلاردىن باشقا يەنە شۇ بەتكە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئىككى جۈملە خەت يېزىپ قويۇلغان. جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسى Halil dad Barïn baxšï bilä، تۆۋەندىكىسى بولسا roznāma bitildi دەپ ئوقۇلىدۇ [5]. مۇشۇ ئەسكەرتمىلەر ئىدارىنىڭ ھۆججەت قوبۇل قىلغۇچى خادىمىغا تېگىشلىك بولۇشى مۇمكىن.

قەغەزنىڭ سىياھى ياخشى قۇرۇماي تۇرۇپ پۈكلەنگەندەك قىلىدۇ: ھۆججەتنىڭ بەزى خەتلىرى ۋاراقنىڭ كەينى تەرىپىگىمۇ يۇقۇپ قالغان.

پۈتۈكتە يېزىلىشىغا قارىغاندا، مىر سەيىد ئەھمەد مەرغىلاننىڭ ئۇلۇغلىرىدىن (Marğïnan büzrügläridin) ئىدى. سۇلتان ئۆمەرشەيخ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەممەت كۆرسىتىپ، سۇيۇرغال بەرگەن. مۇشۇ سۇيۇرغالدا بولسا ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئىمتىيازلار بېرىلىۋاتقانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

يارلىق (muhurluğ nišān) تۈرك مۇچەل يىل ھېسابى بويىچە ئۇي (كالا) يىلى شەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى ئەندىجاندا پۈتۈلگەن. بۇ توغرىدا muhurluğ ni(šā)n uy yïl šavval ayïnïŋ yigirmi sekiziA ndigändä bitildi دەپ ئەسكەرتىلگەن.

مۇشۇ يارلىقنىڭ ئەرەب يېزىقىدا ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ، يارلىق پۈتۈلگەن

قەغەزنىڭ كەينى بېتىدىكى دىۋانخانا خادىمى تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان بەزى ئەسكەرتىشلەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىكەنلىكى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدە مۇشۇ يېزىقنىڭ يۇرگۈزۈلۈش دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

## پۈتۈكنىڭ تۈزۈلۈشى

تۈزۈلۈشگە قارىغاندا پۈتۈكنى كىرىش، ئاساسىي مەزمۇن ۋە يەكۈن دەپ ئۈچ قىسمغا ئايرىش مۇمكىن.

كىرىش ئۆز ئىچىدە تۆۋەندىكى تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى — ئۇنۋان؛ ئىككىنچىسى — دەرىجە.

ئۇنۋان پۈتۈكنىڭ كىم تەرىپىدىن پۈتۈلگەنلىكىنى دەلىللىگۈچى يارلىق بولۇپ، مەتىندە Sultān Umar šayx bahadur sözüm شەكلىدە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىكى sultān — يۇرت ئىگىسىنىڭ دەرىجىسى، bahadur — ئۇنىڭ ئۇنۋانىدۇر. مۇشۇ بۆلەكنىڭ كېسمى پەرمان (سۆز)نىڭ سۇلتان ئۆمەرشەيخقە تېگىشلىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دەرىجىدە مۇشۇ ھۆججەتكە دۆلەتنىڭ قايسى ئىدارىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. ئۇلار دىۋانلار، باج يىغقۇچىلار ۋە سېلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدۇر. دەرىجە مەتىندە يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە بېرىلگەن:

Divānlarğa, barča Marğinan určïnnïŋ tüšämäl amaldār, sāhib čamlarïğa.

پۈتۈكنىڭ ئاساسىي قىسمىنى مەزمۇن ۋە شەكىلگە قاراپ تۆۋەندىكى تۆت بۆلەككە بۆلۈش مۇمكىن:

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بېرىلگەن سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىياز ۋە شەرت-شارائىتلىرى. بۇنىڭغا قارىغاندا، مىر سەيىد ئەھمەدكە ئىلگىرى مەرغىنان قەسەبەسىدىن بىر مىلك باغ بىلەن ئىككى قوشلۇق ئېتىزنىڭ خەزىنىگە تۆلىنىدىغان ھوسۇلى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. مەتىندە مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلىگۈچى جۈملە ئۆزاق ئۆتكەن زامان (berilip erdi) «بېرىلىپ ئېردى»شەكلىدە يېزىلغان.

سۇيۇرغال بېرىلىۋاتقان، سېلىقلاردىن ئازاد قىلىنىۋاتقان كىشىنىڭ دەرىجىسى (Marğïnan büzrügläridin) ۋە ئىسمى-شەرىپى (Mir Sayid Ahmad)مۇ مەتىننىڭ ئەنە شۇ يېرىدە، ئىلگىرىكى سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىتىش باھانىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

يېڭى، يەنى كېيىنكى سۇيۇرغالنىڭ ئىمتىياز ۋە شەرت-شارائىتلىرى. بۇنىڭدا يەنە قەسەبىدىن ئوتتۇز ئالتۇن تەۋەچى تەرتۇسى — يەنى خەج-خىراج، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە سوددىن كېلىدىغان كىرىم سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ھەر ئىككى سۇيۇرغال ئىمتىيازلىرىنى ئاساسقا ئالغان ھالدا ئۇلارنى رەسمىي دەپتەرلەرگە ئەسكەرتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە. ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى سۇيۇرغالنى كېيىنكى بېرىلگەن نىشان يوسۇنى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ، ھەر يىلى يېڭى نىشان تەلەپ قىلماي، يىل بويى ھەر تۈرلۈك سېلىق سالماي، دەپتەرلەرگە ئەسكەرتىلىشى تەكىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇشۇ يارلىقنىڭ شۇنىڭغىچە بېرىلگەن ھۆججەتلەرنى قوغدىغۇچى(كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى)، يۇقىرى دەرىجىدىكى ھۆججەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

مۇشۇ جۈملىدە يارلىقنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش يىلى (ئۆي يىلى شەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىسىدىن باشلاپ)مۇ كۆرسىتىلگەن.

سۇيۇرغال بېرىلىۋاتقان كىشىنىڭ سېلىقلاردىن خالاس ئىكەنلىكىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى بۇيرۇق. بۇنىڭغا قارىغاندا، سۇيۇرغال بېرىلىۋاتقان كىشىگە دارامەتلەردىن ئۆزى پايدىلىنىش ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ. بۇنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن

بىرەر ئەمەلدارنىڭ ئۇنىڭدىن مال، خەج-خىراج تەلەپ قىلماسلىقى، ئۇنىڭغا زوراۋانلىق قىلماسلىقى تەكىتلىنىدۇ. سۇلتاننىڭ
مۇشۇ كۆرسەتمىسى مەتنىدە بۇيرۇق شەكلىدە (-sün قوشۇمچىسى بىلەن) بېرىلگەن:

Özi alïp yesün. Heč kiši māl, tartu tilämäsün, küč uğa tegürmäsün.

يۇقىرىدىكى بۇيرۇقنىڭ سۇلتان نامىدىن پۈتۈلۈۋاتقانلىقى بۇيرۇق پېئىلى بىلەن تەستىقلىنىپ، يەكۈن قىسمى —
تارىخقا ئۆتۈلدۇ. تارىخ muhurluğ nišān uy yïl šavval ayïnïŋ yigirmi sekizi Andigändä
bitildi شەكلىدىدۇر. ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن: يارلىقنىڭ رەسمىي دەرىجىسى (muhurluğ nišān)؛
ئۇنىڭ پۈتۈلگەن يىلى — يىل-ئاي-كۈنى (uy yïl šavval ayïnïŋ yigirmi sekizi) ھەمدە پۈتۈلگەن يېرى
(Andigändä bitildi).

## مەتىن ترانسكرىپسىيەسى

تۆۋەندە پ. مېلئورانسكي (П.Мелиоранский) مىسال كەلتۈرگەن فاكسىمىل ئاساسىدا [6] يارلىقنىڭ
ترانسكرىپسىيەسىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

(1) Sultān Umar šayx bahadur sözüm.

(2) Divānlarğa, barča (3) M(a)rğin(a)n určïnnïŋ (4) tüšämäl amaldār, sāhib čamlarïğa!

M(a)rğïn(a)n büzrügläridin Mir Sayid Ahmadğa (5) M(a)rğïn(a)n qasabasïdïn burun bir milk bağï bilä iki qošluq ekininiŋ har ne (6) divānğa čïqar har türlüg mālïnï suyurğal berilip erdi. Emdi uy yïlïda (7) riāyat qïlïp qasabadïn otuz altun tawačï tartusïnï dağï suyurğal (8) berildi. Emdi bu tarixqa berilgänni uy yïl šavval ayïnïŋ yigirmi yetisidin (9) bašlap burunğï suyurğalïnï dağï berilgän nišānï yosunï bilä musallam tutup, (10) yïlğa yaŋgï niš(ā)n tilämäyin bu niš(ā)n bilä yïl sayu heč türlüg saltïq (11) salmayïn daftarlarğa surusun. Özi alïp yesün. Heč kiši māl, (12) tartu (?) tilämäsün, küč uğa tegürmäsün tep muhurluğ ni(šā)n uy yïl (13) šavval ayïnïŋ yigirmi sekizi Andigändä bitildi.

## مەتىندىكى ئايرىم سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ تەھلىلى

4-قۇر: tüšämäl amaldār — باج يىغقۇچى ئەمەلدار، تۆمۈرىيلەر زامانىدىكى سىلىقچى لاۋازىمى؛ sāhib
čamlarï — سىلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى.

4-5-قۇر: Marğïnan — مەرغىلاننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى؛ ئۇ ئاشۇ چاغلاردا قەسەبە (كىچىك شەھەر، بازار)
ئىدى.

5-قۇر: باغلار milk ئۆلچىمى، ئېتىزلار بولسا qošluq ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەنگەن. مەتىندە مىر سەئىد
ئەھمەدكە بۇنىڭدىن بۇرۇن bir milk bağ بىلەن iki qošluq ekin دىن كېلىدىغان دارامەتلەر سۇيۇرغال قىلىپ
بېرىلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

6-، 8-، 12-قۇرلاردىكى uy yïlï~uy yïl تۈرك مۆچەل يىللىرىنىڭ ئىككىنچىسى — «ئۆي (كالا) يىلى»دۇر.

قەدىمدە ud yïlï دېيىلگەن، كېيىنچە تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولۇپ uy غا ئايلانغان (ud>uδ>uy).

7-قۇر: tawačï tartusï — تاۋاچىلار تەرىپىدىن يىغىلىدىغان سېلىق (؟)، خەج-خىراج، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە سودىدىن ئېلىنىدىغان دارامەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

مەتىندە مۇشۇ يارلىق nišān, muhurluğ nišān دەپ ئاتالغان. Nišān — ئۇدۇل مەنىسىدە «بەلگە»، ھۆججەت ئاتالمىسى سۈپىتىدە بولسا «دەلىللىگۈچى ھۆججەت؛ گۇۋاھنامە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ muhurluğ nišān — «خاننىڭ مۆھۈر-تامغىسى بىلەن تەستىقلانغان ھۆججەت»، بەزىدە ئالىي دەرىجىدىكى بۇنداق ھۆججەتلەر altun muhurluğ nišān دەپمۇ ئاتالغان.

9-قۇر: nišān yosun — جۈپ سۆز؛ يوسۇن — «قانۇن، قائىدە»، — «قانۇن پۈتۈلگەن گۇۋاھنامە، دەلىللىگۈچى ھۆججەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

12-قۇر: küč uğa tegürmäsün — «زوراۋانلىق قىلمىسۇن؛ زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە، ئەركىنلىك، ئىمتىياز ھوقۇقىنى بەرگۈچى ھۆججەتلەردە كىشىنىڭ قوغدىنىش ھوقۇقىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئۇنىڭغا ھېچكىم زوراۋانلىق قىلمىسۇن» (Heč kiši küč uğa tegürmäsün) دەپ يېزىپ قويۇلغان.

13-قۇر: Andigän — ئەندىجاننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى؛ مۇشۇ توپونىمدىكى gän — «شەھەر، كەنت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. Andigän ئاشۇ چاغلاردا چوڭ، مەركىزىي شەھەر ھېسابلانغان. سۇلتان ئۆمەرشەيخنىڭ ئوردىسى شۇ شەھەردە ئىدى.

## مەتىننىڭ ھازىرقى مەزمۇنى

(1) سۇلتان ئۆمەرشەيخ باھادۇر سۆزۈم.

(2) دىۋانخانىلارغا، بارلىق (3) مەرغىنان يۇرتىنىڭ (4) باج-خىراج يىغقۇچىلىرى، سېلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا!

مەرغىنان بۇزۇرگلىرىدىن مىر سەيىد ئەھمەدكە (5) مەرغىنان قەسەبىسىدىن ئېلگىرى بىر مىلك باغ بىلەن ئىككى قوشلۇق ئېتىزنىڭ (6) دىۋانغا كىرىم بولىدىغان ھەر تۈرلۈك مېلى [يەنى خەزىنىگە تۆلەيدىغان دارامىتى] سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمدى ئۆي (كالا) يىلىدا (7) (بۇنىڭغا) رىئايەت قىلىپ، قەسەبىدىن ئوتتۇز ئالتۇن تەۋەچى تەرتۇسى، يەنى خەج-خىراج، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە سودىدىن ئېلىنىدىغان دارامەت يەنە سۇيۇرغال (8) قىلىپ بېرىلدى. ئەمدى بۇ يىلدا بېرىلگەننى ئۆي (كالا) يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىسىدىن (9) باشلاپ ئېلگىرىكى سۇيۇرغالنى يەنە بېرىلگەن نىشانى يوسۇنى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ، (10) ھەر يىلى يېڭى نىشان تەلەپ قىلماي، بۇ نىشان بىلەن يىل بويى ھەر تۈرلۈك سېلىق (11) سالماي، دەپتەرلەرگە ئەسكەرتىلسۇن. (دارامەتلىرىدىن) ئۆزى پايدىلانسۇن. ھېچ كىشى (ئۇنىڭدىن) مال، (12) خەج-خىراج تەلەپ قىلمىسۇن. ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن دەپ، بۇ مۆھۈرلۈك نىشان ئۆي (كالا) يىلى، (13) شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىدە ئەندىگاندا پۈتۈلدى.

## سۇلتان ئەبۇ سەئىد پۈتۈكى

### پۈتۈك ھەققىدە چۈشەنچە

تۆمۈرىيلەر دەۋرى ھۆججەتچىلىكى، يازما ئەدەبىي تىل رەسمىي ئۇسلۇبلىرى تارىخىنى ئۆگىنىشتە سۇلتان ئەبۇ

سەئىدنىڭ تۈرك سۇلتانى ھەسەن بەگكە (ئۇزۇن ھەسەنگە) يوللىغان پۈتۈكى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. پۈتۈك ئىستانبۇلدىكى توپكاپى سارىيى مۇزېيىدا E 12307 نومۇرى بىلەن ساقلانماقتا. چاغاتاي تۈركچىسىدىكى 76 قۇرلۇق مۇشۇ پۈتۈك ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇلۇشى خەتمۇ-خەت ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىپ چىقىلغان [7].

مەكتۇپ چاشقان يىلى (ھىجرىيە 873-يىلى) رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە ئىككىسىدە ئەزەربەيجاننىڭ مىيەنە شەھرىدە پۈتۈلگەن ( Sïčqan yïlï rabi'ul-avval ayïnïŋ yigirmi ikisidä Miyānada erkändä bitildi). بۇ يىل مىلادىيە 1468-يىل 10-ئاينىڭ 10 -كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

پۈتۈكنىڭ 3-، 13-، 19-، 28-، 38-، 47-، 49-، 51-، 61-، 63-، 71- قۇرلىرىدا Teŋri سۆزى قۇر ئارىسىدىن ئايرىۋېلىنىپ، باش قۇردىن باشلاپ يېزىلغان. ئۇ ئوخشاش قۇردىكى ināyatï دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇلىدۇ.

مەتىندە ئەبۇ سەئىدنىڭ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك كىشلەرنىڭ (ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ) ئاتلىرىمۇ ئايرىم بېرىلگەن. بولۇپمۇ، 4-، 24-، 69- قۇرلاردا Temürbeg، 6-، 7-، 11-، 12-، 13-، 15- قۇرلاردا Beg سۆزى، شۇنىڭدەك، 27- قۇردا Mirānšāh Mirzā سۆزى، ئۈستىدىكى قۇر توشمىغان ئەھۋالدىمۇ يېڭى قۇرغا ئېلىپ يېزىلغان. بۇمۇ ئاشۇ زامان ھۆججەتچىلىكىدە ئادەت بولغان ئۆزگىچە يازىشا بىر ئېتىقادتۇر. باشقا ھۆججەتلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

71-، 74-قۇرلار ئۈستىگە سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ 8.5X8.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى تۆت بۇرجەكلىك مۆھۈر-تامغىسى (نىشانى) بېسىلغان. مۆھۈر-تامغىنىڭ يېزىقى خەتتى سۇلۇس شەكلىدە. ئۇنىڭ گىرۋىكىگە بىسمىللاھ؛ كەلىمەئى تائىبە؛ تۆت بۇرجىكىگە تۆت ساھابىنىڭ، ئاستىغا بولسا ھەسەن ۋە ھۈسەين ئاتلىرى يېزىلغان. ئوتتۇرىدىكى يېزىقى: As-sultānu-l-'azam val-xaqanu-l-akram muğisu-l-haqqi vaddin Sultān Abu Sa'id Körägän haladallahu mulkahu va sultānahu (بۈيۈك سۇلتان ۋە ئۇلۇغ خاقان، ھەق ۋە دىننى راۋاجلاندۇرغۇچى سۇلتان ئەبۇ سەئىد كۆرەگان، ئاللاھ ئۇنىڭ مۈلكى ۋە سەلتەنەتىنى مەڭگۈ قىلسۇن).

پۈتۈكنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ زىددىيەتلىك دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلەتنىڭ بۆرۈنقى — تۆمۈربەگ زامانىدىكى سىياسىي مەۋقەسىنى تىكلەش مەقسىتىدە ئەبۇ سەئىد چوڭ لەشكىرىي يۈرۈش ئالدىدا تۇرغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن كېلىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى. خەت ئەنە شۇ مەقسەتتە يوللانغان.

خەتنىڭ تۈركىي تىلدا ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىكەنلىكى ئەھمىيەتلىك. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدە رەسمىي-دىپلوماتىك ھۆججەتلەر تۈركىي تىلدا، ئاشۇ زاماندا پۈتۈن «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەللىرى» ئۈچۈن ئومۇمىي بولمىش يازما ئەدەبىي تىلدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر يېزىقى بولسا رەسمىي دائىرىلەردە، دۆلەت ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئەستىقلايدۇ.

## پۈتۈكنىڭ تۈزۈلۈشى

سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پۈتۈكى ئىككى يۈرتنىڭ ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا يېزىلغان رەسمىي مەكتۇپتۇر. ئۇنى ئەبۇ سەئىد مەۋقە جەھەتتىن ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرغان يۇرت ئىگىسىگە يوللىغان. مەكتۇپ ئوتتورا ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن رەسمىي-خەلقئارا دىپلوماتىك يارلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، مۇشۇ خەتنى بەدىئىي تۈستىكى مەتىنمۇ دېيەلمەيمىز. بەدىئىي تۈستىكى خەتلەر، ئادەتتە، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۈستۈن بولىدۇ. مۇشۇ خەت بولسا رەسمىي ئۇسلۇبتا.

پۈتۈكنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ كىرىش، ئاساسىي مەزمۇن ۋە يەكۈن دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن.

Кириш كىرىش ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى — ئۇنۋان. ئۇنۋان پۈتۈك (سۆز)نىڭ كىمگە تېگىشلىكلىكى (كىم تەرىپىدىن يازدۇرۇلغانلىقى)نىڭ ئەسكەرتمىسى، ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلىۋاتقانلىقىنى دەلىللىگۈچى يارلىق (Sultān Abu Sa'id Körägän sözüm) شەكلىدە بېرىلگەن. بۇ غەرب ھۆججەتشۇناسلىقىدا قوبۇل قىلىنغان يارلىققا توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلام دەۋرى يادىكارلىقلىرى، خۇسۇسەن، ئاشۇ زامانلارنىڭ رەسمىي يازمىلىرى، ئەنئەنىسىگە قارىغاندا، «بىسمىللاھ» دېگەن سۆز بىلەن باشلىناتتى. ئەبۇ سەئىد پۈتۈكى بولسا بۇنداق ئەمەس. پۈتۈك Sultān Abu Sa'id Körägän sözüm ئۇنۋانى بىلەن باشلانغان.

ئا.پ. گرىگورىيېۋ (А.П.Григорьев) ئوتتۇرا ئەسىر ھۆججەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلغاندا، تۈركىي تىللىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ «بىسمىللاھ» سۆزى بىلەن باشلانمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈكلەردە قوللىنىلغان يېزىققا باغلايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، «بىسمىللاھ» دېگەن سۆز پەقەت ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەردىلا بېرىلگەن. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر بولسا «بىسمىللاھ» ئىبارىسى بىلەن باشلانمىغان [8].

بىزنىڭچە، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىن قالغان يارلىقلارنىڭ، خۇسۇسەن، ئەبۇ سەئىد پۈتۈكىنىڭ «بىسمىللاھ» ئىبارىسى بىلەن باشلانمىغانلىقىدىكى سەۋەپ بۇ ئەمەس. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، مەزكۇر پۈتۈك تۈركىي ھۆججەتچىلىكنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا يېزىلغان. ئىككىنچى سەۋەبى، ئۇنىڭ رەسمىي ھۆججەت ئىكەنلىكىدە. ئادەتتە، بۇنداق ئۇنۋان باشقا مەكتۇپلاردا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما مۇشۇ پۈتۈك بىر يۇرت ئىگىسىنىڭ باشقا يۇرت ئىگىسىگە يوللاۋاتقان خېتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇنۋان بىلەن باشلانغان. ئۇنۋاننى «بىسمىللاھ» ئىبارىسىدىن كېيىن كەلتۈرۈش، ئىككىلىسىنى بىر مەتىندە ئىلگىرى-كېيىن قوللىنىش بولسا مەنتىقىگە زىت. «بىسمىللاھ» ئىبارىسى بىلەن باشلانغان رەسمىي يازمىلارنىڭ باشلانمىلىرىغا قاراپ چىققان كىشى بۇ پىكرىمىزگە قوشۇلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلىكى — يارلىق قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ. مۇشۇ بۆلەكتە خەت يوللىنىۋاتقان كىشىنىڭ ئىتى، ئۇنىڭ كىمگە ئەۋەتىلگەنلىكى (Hasan beggä) ئەسكەرتىلگەن.

كىرىشنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى — سالاملىشىش. بۇ بۆلەكتە خەت يوللىغۇچىنىڭ سالىمى بايان قىلىنغان. بۇ بۆلەك مەتىندە ۋاقىت ئەگەشمە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بېرىلگەن (salām tegäč).

بىلدۈرۈلگەن سالامدىن كېيىن söz ul-kim جۈملىسى بىلەن مەقسەتكە (ئاساسىي قىسىمغا) ئۆتۈلىدۇ.

پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ھەسەنبەگنىڭ ئاتىسى ئوسمان بەگنىڭ تۆمۈربەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا، ئۇ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن بولسا ھەسەنبەگنىڭ تۆمۈرىيلەرگە ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئىنى-ئوغۇللۇق، دوستلۇق، قېرىنداشلىقنى بىلدۈرگەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ھەسەن بەگ بىلەن ئەبۇ سەئىدنىڭ ئارىسىدا ئەھد سۆزى كەچكەنلىكى، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇشلىرى كېلىشىلگەندى. ئەمدى بولسا رۇم، مىسىر، شام ئەللىرىنى پەتىھ قىلىش مۆلچەرلىنىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان ئەبۇ سەئىد يېنەرلىك قوشۇن، قورال-ياراق ئاجرىتىشقا تەييار ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

مۇھىمى، ئاساسىي قىسىمنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈك يوللىغۇچىنىڭ ئەھد سۆزى بايان قىلىنغان. كېلىشىمگە قارىغاندا، ئەبۇ سەئىد ھەسەن بەگكە مىسىر، رۇم ۋىلايەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، قىيامەتكىچە ئارىدىكى دوستلۇقنى بۇزماسلىققا سۆز بېرىدۇ (69—، 74- قۇرلار). مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىگە قارىغاندا مۇشۇ خەت رەسمىي-دىپلوماتىك ئەھدلىشىشكە ( ahd

sözi, bitim گە) تەڭلىشىدۇ.

مەكتۇپنىڭ ئاخىرى — يەكۈن قىسمىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچىسى — پۈتۈك يوللىغۇچىنىڭ تىلىكى (Seniŋ esänligiŋni körä)؛ ئىككىنچىسى — پۈتۈك بېرىپ ئەۋەتىلگەن كىشىنىڭ ئېتى (Mahmud begni yibärildi)؛ ئۈچىنچىسى — تارىخ، بۇنىڭدا پۈتۈك پۈتۈلگەن يىل ئەسكەرتىلگەن؛ تۆتىنچى بۆلەك — پۈتۈكنىڭ قەيەردە يېزىلغانلىقى (Miyānada erkändä bitildi).

پۈتۈكنىڭ يېزىلغان يىلى قەدىمىي ئىزچىللىقنى ساقلىغان: ئىلگىرى تۈرك مۆچەل ھېسابىدا يىل، كېيىن مۇسۇلمان تەقۋىمى بويىچە ئاي ۋە كۈن كەلتۈرۈلگەن: Sïčqan yïlï rabi'ul-avval ayïnïŋ yigirmi ikisi (چاشقان يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى).

## پۈتۈكنىڭ مەتنى

1) Sultān Abu Sa'id Körägän sözüm.
2) Hasan beggä salām tegäč, söz ul-kim ,
3) Teŋri 'ināyatï bulup Sāhib qirān
4) Temür beg tamām mamālikni musahhar qïlïp yürügändä Uluğ
5) ataŋ 'Usmān beg čïn köŋli bilä
6) Beg davlatïğa panāh keltürüp ihlāsïnï bildürgän üčün
7) Beg dağï 'ināyatlar qïlïp barča ulusdïn artuqsï körüp
8) Diyārbakir vilāyatïnï bildürüp xāsa oğul ušaqï-
9) nïŋ tïnčlïqï üčün Hamid teg yerni dağï
10) suyurğap yurt bergän durur. 'Usmān beg dağï
11) Begniŋ ul 'ināyat šafqatïnï unutmayïn
12) Begdin soŋra oğlanlarïğa čïn ihlāsï bilä küč berip, burun
13) Beg čaqïnda da qïlğan xiδmatlarïnï hargiz özgä qïlmadï. Teŋri 'ināyat
14) qïlïp Sāhib qirān
15) Beg atamnïŋ taxtïnï
16) meŋä rozi qïldï ersä, sen dağï ataŋ yurtïnï
17) bilip el-ulusuŋnï bašlağandïn beri
18) yaxšïlïğïŋ čïn etiqādïŋnï bildürüp
19) erdiŋ. Teŋri 'ināyatï bilä eränlär himmatïdïn bu očurlarda burunğï kečkän
20) ata-ağalarïŋdïn artuqsï, köŋül tilägän-deg, šāyasta xiδmat-
21) lar qïldïŋ. İni-oğulluq, dostluq, qarïndašlïğïŋnï bildürdüŋ.
22) Seniŋ bu xiδmatlarïŋdïn asru rāzi bolduq. Emdi sen dağï bilürsen-
23) kim , ulus egäsi

24) Temür beg tamām mamālikni zabt qïlïp üläškändä Tabriz

25) taxtïnï

26) meniŋ atam

27) Mirānšāh Mirzāğa bergän durur. Seŋä dağï ma'lum durur-kim ,

28) ata yurtï öz yurt bolur. Teŋri 'ināyatïğa sïğïnïp

29) bu fursatlarda Aδarbayjān vilāyatlarïnï zabt qïlïp,

30) atam yurtïnï burunğï yosun bilä taxt qïlayïn tep kelä durur-

31) men. Hasan 'Aliniŋ buzulğan xabarï örtüdin keldi. Bağāyat davlatğa

32) munāsib iš bolmuš. Miyānağa yetkändä iniŋ Murād

33) bilä yaxšï sözläriŋ keldi. Seniŋ köŋlüŋdä andaq

34) kečmäsün-kim, Tabrizda Jihānšāh turup erdi, meŋä bermädilär dep.

35) Sen dağï bilürsen-kim, Jihānšāhğa bir vāsita bilän andaq tüšüp erdi.

36) Arada bir ahd sözi dağï kečip erdi. Basa

37) biz dağï Xurāsān vilāyatlarïğa yaŋla kelip erdük. Bir nečä

38) vilāyatlarnïŋ zabtïnï qïlmaq muhim erdi. Teŋri 'ināyatï

39) bilä eränlär himmatïdïn ul vilāyatlar musahhar bolup

40) erdi-kim, Jihānšāh seniŋ üstüŋä yürüdi tep ešittük

41) ersä, ul ahd arada qalmadï. Sen dağï ešitmiš bolğay-sen-kim ,

42) 'Ali beg degän joramnï bitiglär bitip Jihānšāhğa čapturdum-kim ,

43) seniŋ bilä ahd qïlğanda bir-birimizniŋ dostïğa dost, dušmanïğa

44) dušman bolalï tep söz kečip erdi. Emdi

45) bizniŋ Hasan begdin yaxšïraq dostum iz yoq turur. Yüz yïldïn

46) beri özgä bolmağan ahd seniŋ üstüŋdä boldï.

47) Men dağï Teŋri 'ināyatïğa sïğïnïp seniŋ üstüŋä yürüdüm tep

48) bildürä yibärip erdim. Yibärgän elči Tabrizğa yetkändä

49) Jihānšāhnïŋ išini bir sarï qïlğan ermiš-sen. Teŋri 'ināyatï bilä

50) Tabrizğa kelgänimdä sen dağï yïraqsïnmayïn kelip körür yaraqïnï

51) tapsaŋ, kelip körgil. Teŋri 'ināyatïdïn 'umidim ul durur-kim , Rum , Misir,

52) Šām bašlïq tamām mamālik fathïnï bāt

53) bizgä rozi qïlğay esä, Allah taālā emdi bilä bolğan-

54) dïn soŋ 'umid ul-kim, barča iš köŋül tilägän-deg bolğay.

55) Ul sarïqï vilāyatlarnïŋ yaraq maslahatlarï-

56) nï sen yaxšïraq bilürsen. Ägär

57) men özüm barmaqlïq hājat bulmayïn oğlanlarïmdïn basa

58) beglärdin, čerigdin ne mïqdār keräklik bolsa,
59) yaraq körüp tiläsäŋ, ul čaqlïq kiši yibäräyin. Bu
60) čaqlïq inilik, qarïndašlïq, xiδmatkārlïqnï sen qïldïŋ.
61) Teŋri ’ināyatï bilä eränlär himmatïdïn Mïsïr, Rum, Šām-teg yerlärni
62) alïp bermäkni
63) men biläyin. Sendin Teŋri ’ināyatï bilän ’umidim uldurur-kim,
64) mundïn soŋra dağï ini-oğulluq xidmat-
65) kārlïqnï artturğay-sen. Hargiz özgä bolmağay-
66) sen. Ne oğul bolğay-kim, bu kečär dunyāda burunğï yaxšï-
67) larï yüz yïldïn beri qïlğan dostluq, qarïndašlïq-
68) nï özgä qïlğay.
69) Temürbeg ataŋ ’Usmān beggä Diyārbakir vilāyatïnï
70) bergän bolsa, ’umidim ul durur-kim,
71) men seŋä Teŋri ’ināyatï birlä Mïsïr, Rum vilāyatlarïnï
72) alïp bergäy-
73) men. Kečär dunyāda qiyāmatğa deginč bu yaxšï at arada
74) qalğay. Seniŋ esänligiŋni körä Mahmud beg-
75) ni yibärildi. Sïčqan yïlï rabi’ul-avval ayïnïŋ yigirmi
76) ikisidä Miyānada erkändä bitildi.

## مەتىندىكى بەزى سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ تەھلىلى

1-قۇر: Sultān Abu Sa’id Körägän sözüm — مۇشۇ ئۇنۋاندىكى sultān سۆزى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۇنۋانىدۇر. ئادەتتە، رەسمىي پۈتۈكلەردە يۇرت ئىگىسىنىڭ ئېتى تىلغا ئېلىنغاندا ئۇنىڭ ئۇنۋانىمۇ قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. ئەبۇ سەئىد ئىسمىدىن كېيىن قوشۇلۇپ كەلگەن ئۇنۋانىنى ئا. كۇرات (A.Kypaт) kürkān شەكلىدە ئوقۇغان. بۇ سۆز ئەسلى موڭغۇلچە küregen — «كۈيئوغۇل» سۆزىدىن كەلگەن. ئۇ مەتىننىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قۇرىدا «ö» ھەرپى بىلەن يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى köragän شەكلىدە ئوقۇساق توغرا بولىدۇ. ئۇنۋاندا تىلغا ئېلىنغان sözüm — «مېنىڭ سۆزۈم؛ مېنىڭ پۈتۈكۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە پۈتۈكنىڭ سۇلتانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. باشقا رەسمىي يازمىلارنىڭ ئۇنۋانىدا بولسا بۇ كەلىمە «مېنىڭ پەرمانىم؛ مېنىڭ يارلىقىم» دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلغان.

3-قۇر: Teŋri ’ināyatï bulup سۆز بىرىكمىسى «تەڭرىدىن ئىنايەت تېپىپ؛ تەڭرىدىن ئىنايەت بولۇپ؛ تەڭرىدىن ئىنايەت ئېتىپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (bulup — «تېپىپ، يېتىشىپ» مەنىسىدۇر). مەتىن داۋامىدا بۇ بىرىكمە Teŋri ’ināyat qïlïp, Teŋri ’ināyatïğa sïğïnïp, Teŋri ’ināyatïdïn, Teŋri ’nāyatï birlä شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

4-قۇر: ئەمىر تۆمۈر تۈركىي ھۆججەتلەردە Temür beg دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىسىمدىكى beg ئۇنىڭ

دەرىجىسىدۇر. ئۇ «ئەمىر»گە توغرا كېلىدۇ.

7-قۇر: artuqsï — «ئارتۇق دەرىجىدە» دېگەن مەنىدە.

8-قۇر: oğul ušaqï — «ئۇششاق، كىچىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ušaq — «بالا-چاقىسى»؛

12-قۇر: küč berip — «خىزمەت قىلىپ» دېگەن مەنىدە.

19-قۇر: eränlär himmati — «مەردلەر ھىممىتى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

21-قۇر: ini-oğulluq — ئوتتۇرا ئەسىر مەكتۇپلىرىدا بۇ سۆز ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرگە، يۇرت ئىگىسى ئۈچۈن بولسا ئۆزىگە تەۋە يۇرت ئىگىسىگە نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن.

30-قۇر: yosun — رەسمىي ھۆججەتلەردە «قانۇن» مەنىسىدە قوللىنىلغان.

42-قۇر: ئا. كۇرات jora سۆزىنى «مۇلازىم» دەپ ئىزاھلىغان. بىزنىڭچە، بۇ سۆز «مۇلازىم» ئەمەس، «ئورتاق، سەپداش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قىياس قىلىپ بېقىڭ، ھازىرقى تىلىمىزدا: jora — «ئورتاق، بۇرادەر»؛ küyaw joralari — «كۈيەۋ (كۈيئوغۇل)نىڭ ئورتاقلىرى، تەگتۇشلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پۈتۈكتە شۇنداق يېزىلغان: Ali beg degän joramnï bitiglär bitip Jihānšāhğa čapturdum (ئەلى بەگ دېگەن جورامنى پۈتۈكلەر پۈتۈپ، جىھانشاھقا چاپتۇردۇم).

48-قۇر: bildürä yibärip erdim — بىلدۈرگۈلۈك (مەكتۇپ) ئەۋەتكەن ئىدىم» دېگەن مەنىدە.

55-قۇر: Ul sarïqï vilāyatlarnïŋ yaraq maslahatlarïnï — «ئاشۇ ياقلاردىكى ۋىلايەتلەرنىڭ قورال-ئەسلىھەلىرىنى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى» دېمەكچى.

69-، 74-: مۇشۇ قۇرلاردا ئەبۇ سەئىدنىڭ ھەسەن بەگكە بەرگەن ۋەدىسى ئەسكەرتىلگەن.

74-، 75-قۇرلار: Seniŋ esänligiŋni körä — «سېنىڭ ئېسەنلىكىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن؛ سەندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پۈتۈكنىڭ ھازىرقى مەزمۇنى

(1) سۇلتان ئەبۇ سەئىد كۆرەگان سۆزۈم.

(2) ھەسەن بەگكە سالام دېگەچ، سۆز شۇكى، (3) تەڭرىدىن ئىنايەت ئېتىپ ساھىبقىران (4) تۆمۈر بەگ تامام مەملىكەتلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ [ئىگەللەپ] يۇرگەندە ئۇلۇغ (5) ئاتاڭ [يەنى، بوۋاڭ] ئوسمان بەگ چىن كۆڭۈل بىلەن (6) بەگ دۆلىتىگە پاناھ كەلتۈرۈپ [يەنى، بەگ دۆلىتىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەشىپ]، ئۆز ئىخلاسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن (7) بەگ ھەم ئىنايەتلەر قىلىپ، (ئۇنى) بارلىق ئۇلۇستىن ئارتۇق دەرىجىدە كۆرۈپ، (8) دىيارىبەكىر ۋىلايىتىنى بەردى. بارلىق بالا-چاقىسى(9)نىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ھىممىتەك يەرنىمۇ (10) سۇيۇرغال قىلىپ، يۇرت قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئوسمان بەگمۇ (11) بەگنىڭ ئاشۇ ئىنايەت شەپقىتىنى ئۇنۇتماستىن (12) بەگدىن كېيىن (ئۇنىڭ) ئوغۇللىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن خىزمەت قىلىپ، بۇرۇن (13) بەگ دەۋرىدە قىلغان خىزمەتلىرىنى ھەرگىز ئۆزگەرتىپ باقمىدى.

تەڭرى ئىنايەت (14) قىلىپ، ساھىبقىران (15) بەگ ئاتامنىڭ تەختىنى (16) ماڭا نېسىپ قىلغان بولسا، سەنمۇ ئاتاڭنىڭ يۇرتىنى (17) قولغا ئېلىپ، ئەل-ئۇلۇسۇڭنى باشلىغاندىن بېرى (18) ياخشىلىقىڭ، چىن ئېتىقادىڭنى بىلدۈرۈپ (19) كەلدىڭ. تەڭرى ئىنايىتى بىلەن مەردلەر ھىممىتىدىن بۇ چاغلاردا بۇرۇن ئۆتكەن (20) ئاتا-بوۋىلىرىڭدىن ئارتۇق، كۆڭۈل تىلىگەندەك، بىجانىدىل خىزمەت(21)لەر قىلدىڭ. ئىنى-ئوغۇللۇق، دوستلۇق، قېرىنداشلىقىڭنى بىلدۈردۈڭ.

(22) سېنىڭ بۇ خىزمەتلىرىڭدىن تولىمۇ رازى بولدۇق. ئەمدى سەن يەنە بىلۇرسەن (23)كى، ئۇلۇس ئىگىسى (24) تۆمۈر بەگ تامام مەملىكەتلەرنى قولىغا ئېلىپ، (ئۇلارنى ئۆز يېقىنلىرىغا) ئۈلۈشتۈرگەندە تەبرىز (25) تەختىنى (26) مېنىڭ ئاتام (27) مىرانشاھ مىرزىغا بەرگەن ئىدى. ساڭىمۇ مەلۇمكى، (28) ئاتا يۇرتى ئۆز يۇرتۇڭ بولۇر. تەڭرى ئىنايىتىگە سېغىنىپ (29) بۇ پۇرسەتلەردە ئەزەربەيجان ۋىلايەتلىرىنى ئىگەللەپ، (30) ئاتام يۇرتىنى بۇرۇنقى يوسۇن [يەنى، تۆمۈربەگ زامانىدىكى قانۇن] بىلەن باشقۇرارمەن دېگەننى نىيەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن(31). ھەسەن ئەلىنىڭ بۇزۇلغانلىق خەۋىرى ئۇنىڭ كەينىدىن كەلدى. دۆلەت ئۈچۈن غايەت زور (32) مۇناسىپ (بىر) ئىش بولدى. مىيەندىگە يەتكەندە يەنە مۇراد (33) بىلەن قىلىشقان ياخشى سۆزلىرىڭ كەلدى. سېنىڭ كۆڭلۈڭدە ئۇنداق (34) كەچمىسۇنكى، تەبرىزدە جىھانشاھ تۇراتتى، ماڭا بەرمىدى، دەپ. (35) سەن يەنە بىلىسەنكى، جىھانشاھقا بىر ۋاستە بىلەن ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى [يەنى، بىر سەۋەپ بىلەن بېرىلگەن ئىدى]. (36) ئارىدا بىر ئەھد سۆزىمۇ كەچكەن ئىدى. ئاندىن (37) بىزمۇ خۇراسان ۋىلايەتلىرىگە قايتىپ كەلگەن ئىدۇق. بىر نەچچە (38) ۋىلايەتلەرنى ئىگەللەش مۇھىم ئىدى. تەڭرى ئىنايىتى (39) بىلەن، مەردلەر ھىممىتىدىن ئاشۇ ۋىلايەتلەر مۇسەخخەر بولغانكى (40)، جىھانشاھ سېنىڭ ئۈستۈڭگە يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغىنىمىزدا (41) ئاشۇ ئەھد ئارىدا قالمىدى. سەنمۇ ئاڭلىغان بولساڭ كېرەك، (42) ئەلى بەگ دېگەن جورامنى پۈتۈكلەر پۈتۈپ جىھانشاھقا چاپتۇردۇم، (43) سېنىڭ بىلەن ئەھد قىلغاندا بىر-بىرىمىزنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە (44) دۈشمەن بولايلى دەپ، سۆز كەچكەن ئىدى. ئەمدى (45) بىزنىڭ ھەسەن بەگدىن ياخشىراق دوستىمىز يوق تۇرىدۇ. يۈز يىلدىن (46) بېرى باشقىلار (بىلەن) بولمىغان ئەھد سېنىڭ ئۈستۈڭدە بولدى. (47) مەنمۇ تەڭرى ئىنايىتىگە سېغىنىپ، سېنىڭ ئۈستۈڭگە يۈردۈم دەپ (48) بىلدۈرگۈلۈك ئەۋەتتىم. ئەۋەتكەن ئەلچى تەبرىزگە يەتكەندە (49) جىھانشاھنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلغانمىشسەن.

تەڭرى ئىنايىتى بىلەن (50) تەبرىزگە كەلگىنىمدە سەنمۇ يىراقلىماي، كېلىپ كۆرۈشنىڭ يارىغىنى [يەنى، ئىلاجىنى] (51) تاپساڭ، كېلىپ كۆرگىن. تەڭرى ئىنايىتىدىن ئۈمىدىم شۇكى، رۇم، مىسىر، (52) شام باشلىق پۈتۈن مەملىكەتلەرنىڭ پەتھىنى پات (53) بىزگە نېسىپ قىلسا، ئاللاھ تائالا شۇنىڭغا يېتىشتۈرگەندىن (54) كېيىن، ئۈمىدىم شۇكى، بارلىق ئىش كوڭۇل تىلىگەندەك بولغاي. (55) ئۇ ياقلاردىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى (56) سەن ياخشىراق بىلۇرسەن. ئەگەر (57) مەن ئۆزۈم بېرىشقا ھاجەت تاپماي، ئوغۇللىرىمدىن، ئاندىن (58) بەگلەردىن، چېرىكتىن قانچىلىك كېرەك بولسا، (59) (چېرىكنىڭ) ھەربىي ئەھۋالىغا قاراپ چىقىپ، يەنە تىلىسەڭ، يېتەرلىك كىشى ئەۋەتىمەن. بۇنىڭغا (60) تەڭ كېلىدىغان [يەنى، بۇنىڭغا ئەرزىگۇدەك] ئىنىلىق، قېرىنداشلىق، خىزمەتكارلىقنى سەن قىلغىن.

(61) تەڭرى ئىنايىتى بىلەن، مەردلەر ھىممىتىدىن مىسىر، رۇم، شامدەك يەرلەرنى (62) ئېلىپ بېرىشنى (63) مەن بىلەي [يەنى، مەن شۇنى بىلەي؛ ئۆز ئۈستۈمگە ئالاي]. سەندىن تەڭرى ئىنايىتى بىلەن ئۈمىدىم شۇكى، (64) بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىنى-ئوغۇللۇق، خىزمەت(65)كارلىقنى ئارتتۇرغايسەن. ھەرگىز باشقىچە بولمىغاي(66)سەن. بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا بۇرۇنقى ياخشى(67)لىرى يۈز يىلدىن بېرى قىلغان دوستلۇق، قېرىنداشلىق(68)نى باشقىچە قىلسا، بۇنى قانداق ئوغۇل دېيىش مۇمكىن؟!

(69)تۆمۈر بەگ ئاتاڭ ئوسمان بەگكە دىياربەكىر ۋىلايىتىنى (70) بەرگەن بولسا، ئۈمىدىم شۇكى، (71) مەن ساڭا تەڭرى ئىنايىتى بىلەن مىسىر، رۇم ۋىلايەتلىرىنى (72) ئېلىپ بەرگەي(73)مەن. ئۆتكۈنچى دۇنيادا قىيامەتكىچە بۇ ياخشى ئات ئارىدا (74) قالغاي.

سېنىڭ ئىبسەنلىكىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن مەھمۇد بەگ(75) ئەۋەتىلدى.

چاشقان يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە (76) ئىككىسىدە مىيەنەدە ۋاقتىمىزدا پۈتۈلدى.

## پۈتۈكتىكى كىشى ئىسىملىرى

1 Abu Sa'id Körägän ـــ 15ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىستان ۋە ئىراندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، تۆمۈر بەگنىڭ ئەۋرىسى (شەجەرىسى: ئەبۇ سەئىد سۇلتان مىرزا بىن مۇھەممەد بىن مىرانشاھ مىرزا بىن تۆمۈر بەگ).

2، 45 Hasan beg ـــ پۈتۈك يوللىنىۋاتقان كىشى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئۇزۇن ھەسەن ئىدى. ئاق قويۇنلى تۈركمەنلىرىنىڭ بېگى. ئىلگىرى دىيارىبەكىر ھاكىمى، كېيىنچە شەرقىي ئەنادولۇدا چوڭ يۇرتلارنى ئىگەللەپ، ئۇلۇغ بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان. ئۇ قوشنىلىرى، بولۇپمۇ، شەرقىي ياندىكى قوشنىسى قارا قويۇنلى بېگى جىھانشاھ ئۈچۈن تەھلىكىلىك رەقىپ ئىدى. ھەسەن بەگ زامانىسىنىڭ داڭلىق تۈرك بەگلىرىدىن بىرى بولغان.

Sāhib qirān Temür beg (3–4)=Temür beg (24, 69)=Sāhib qirān beg (14–15)=Beg (6,7,11,12,13) ـــ ئەمىر تۆمۈر شۇنداق ئاتالار بىلەن تىلغا ئېلىنغان.

27 Mirānšāh Mirzā ـــ تۆمۈر بەگنىڭ ئوغلى.

34، 35، 40، 42، 49 Jihānšāh ـــ قارا قويۇنلى تۈركمەنلىرىنىڭ بېگى.

5، 10، 69 'Usmān beg ـــ مەتنىدە بۇ كىشىنى ھەسەن بەگكە نىسبەتەن Uluğ ataŋ 'Usmān beg دەپ ئەسكەرتىلگەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ھەسەن بەگنىڭ بوۋىسىدۇر.

31 Hasan 'Ali ـــ جىھانشاھنىڭ ئوغلى.

42 'Ali beg ـــ ئەبۇ سەئىدنىڭ جورىسى، ئۇنىڭ سەپدىشى بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبى، ھازىرقى تىلىمىزدا «جورا» سۆزى «ئورتاق، سەپداش» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

32 Murād ـــ ھەسەن بەگنىڭ ئىنىسى.

74 Mahmud beg ـــ مۇشۇ پۈتۈكنى ھەسەن بەگكە ئېلىپ كەلگەن كىشى، ئەبۇ سەئىد دۆلىتىنىڭ ئەلچىلىرىدىن بىرى.

9 Hamid ـــ ئە. كۇرات بۇ سۆزنى جاي نامى دەپ بەرگەن. ئەسلىدە بۇ كىشى ئىسمىدۇر.

## پۈتۈكتىكى يەر ناملىرى

51، 61، 71 Rum ـــ يۇرت نامى.

51، 61، 71 Misir ـــ يۇرت نامى.

52، 61 Šām ـــ يۇرت نامى، سۇرىيە.

37 Xurāsān ـــ يۇرت نامى.

29 Aδarbayjān ـــ يۇرت نامى. ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇ سۆز «d» ھەرپى بىلەن يېزىلغان. سۆزدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ئۇنى [δ] دەپ ئوقۇش كېرەك.

8، 69 Diyārbakir vilāyatï ـــ شەرقىي ئاناتولۇدىكى ۋىلايەت.

24، 34، 48، 50 Tabriz ـــ ئىراندىكى يەر. ئۇ زاماندا جىھانشاھنىڭ قول ئاستىدا ئىدى.

32، 76 Miyāna ـــ ئەزەربەيجاندىكى بىر شەھەر.

---

پايدىلانمىلار:

[1] J. Deny. Un Soyurgal du Timouride Sahruh en ecriture Ouigoure. //Journal Asiatique. Tome CCXLV. Annee 1957. Fascicule № 3. Paris. P.253-266.

[2] ئو.ف.سەرتكايا: «ئىسلامى دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىك ئەسەرلىرىگە ئومۇمىي نەزەر». بوچوم، 1977-يىل نەشرى، 10-بەت.

[3] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1-توم. تاشكەنت، 1963-يىل نەشرى، 331-332-بەتلەر؛ يەنە قاراڭ: ق. قاسىموۋ. «قەدىمكى تۈرك پەلسەپىسى»، تاشكەنت، 2008-يىل نەشرى، 109-110-بەتلەر.

[4] *П. Мелиоранский.* Документ уйгурского письма султана Омер Шейха. – Записки Восточного Отделения. Т. XVI. 1904–1905. СПб., 1906. С. 01–012, таблица I.

[5] يۇقىرىقى ئەسەر.

[6] يۇقىرىقى ئەسەر.

[7] ئا.ن.كۇرات: «توپكاپى سارىيى مۇزېيى ئارخىپىدىكى ئالتۇن ئوردا، قىرىم ۋە تۈركىستان خانلىرىغا ئائىت يارلىق ۋە پۈتۈكلەر»، ئىستانبۇل، 1940-يىل نەشرى. (119-134، 196-200-بەتلەر)

[8] *А.П. Григорьев.* Конкретные формуляры чингизидских жалованных грамот XIII-XV вв. – Тюркологический сборник. 1974. М., 1978. С. 208–209.

(ئۆزبېكچە «تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ 2-توپلىمىدىن نەشرگە تەييارلاندى؛ تاشكەنت شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 2009-يىل نەشرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

پېتېر زىيمى (گېرمانىيە)

# تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىدىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغىچە

تەرجىمان: ھەبىبۇللا خەلىۋۇللا

## كىرىش سۆز

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 3000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى جەسەتلىرى، ئاجايىپ-غارايىپلىققا تولغان، تۇتاش كەتكەن يىپەك يوللار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان، ئالىملار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، كۆپلىگەن قىزىقىقۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان تېمىلاردۇر. بۇ قېتىملىق يىغىندا ئوقۇلغان سەنئەت، تىلشۇناسلىق ۋە ۋەسىقە تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر قولاققا ئانچە يېقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ماقالىلەر كىشىلەرنى يېڭىچە بولغان بىر مەنبەگە باشلاپ ئاپىرالايدۇ. باشقا ماقالىلەردىكى ئالاقىدار بىلىملەردىن يېڭىچە بولغان باغلىنىشلارنى تاپقىلى بولىدۇ. خۇددى تۇرپاننىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىگە دائىر ماقالىلەر بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغىنىدەك، ھەرقايسى دۆلەتلەردە قوزغالغان ئېكسپېدىتسىيە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ھەمكارلىقلار كۈچەيتىلدى، سەۋىيەسى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتىكى مىساللارنى بۇ يەردە توختىلىپ ئۆتمىدىم. بۇ ھەقتە ئېرىشكەن نەرسىلەرنى ماددىي جەھەتتە ئۆلچىگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنى ساقلايدىغان ئورگانلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

مەزكۇر ماقالىنىڭ « تۇرپان ئارخېئولوگىيەسىدىن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغىچە» دېگەن تېمىسى پەنلەر ئاكادېمىيەمىزدىكى تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسىنىڭ تەشۋىقات ۋارىقىدىكى بىر جۈملىدىن كەلگەن بولۇپ، بايان قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن سەل ئۆزگەرتىلدى. شۇ ۋەجىدىن مەن پەقەت بىر قىسىم خىزمەت نەتىجىلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن. قالغانلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلغىلى بولمىغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئېكسپېدىتسىيە تەكشۈرۈش قىسقىچە تارىخى

يۈز يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە ياپونىيە ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن قوزغالغان، تەرەققىي قىلىپ بىر مەيدان جىددى قىزىق نوقتىغا ئايلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى «ئىلمىي قېزىش» دەپ ئېيتىمغان تەغدىردىمۇ، ئومۇمەن ئۇلارنى ئىلمى تارىخىي كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋەزىيەت بىلەن بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق. ئوخشىمىغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت ئۇسۇللىرىدا ھەقىقەتەن چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، ستەيىن بىلەن لېكوك، لېكوك بىلەن گرۇندېۋېل ئوتتۇرىسىدىكى قېزىش نوقتىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىدا پەرقلەر بار. بۇ قېتىمقى يىغىن جەريانىدا بەزى ۋەكىللەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. شۈبھىسىزكى، قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى، يازما-ماتېرىياللار بېرلىنغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، شەرقشۇناسلار ئۇلارنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسىم يادرولۇق ئوبيېكتى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشتى. ئەگەردە

بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى كىشىلەر بۇ قەدىمكى تارىخ ئۈستىدە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن چوڭقۇراق ئىزدەنمەكچى بولسا، ياۋرۇپا-ئامېرىكا، ياپونىيە، ئىلىم ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىل قىلسۇن.

بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەكىللىرى ئېكسپېدىتسىيە تارىخى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاچقا ، ھىندى سەنئەت مۇزېيى شۇ ۋەجىدىن بىر ئالاھىدە كۆرگەزمىنى ئويۇشتۇردى، بىر قىسىم ئەسلىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللارنى كۆرگەزمىگە قويدى. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ماقالىنىڭ ھەجمىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. كۆرستىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كۆرگەزمىگە گرۇنۋېدېل ئېلىپ كەلگەن تام رەسىملىرىنىڭ فاكسىملى، خارابىلىكنىڭ تېز سىزما رەسىملىرى قويۇلغانىدى. ئۇ ئىبادەتخانا خارابىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەپسىلىي خاتىرە ۋە ماتېرىياللارنى قالدۇرغانىدى. لېكوكنىڭ دىداكتىكىلىق ئەسەرلىرى، جانلىق سۆرەتلەنگەن ئىككى پارچە تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە دائىر ئەسىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىدۇر.

گېرمانىيەنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى بىر مەيدان خاتىمە سۆزى قوشۇلغان تۆت پەردىلىك تىياتىر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى 1899-يىلى بېرلىندا باشلانغان. سانكىت-پېتربۇرگتىن كەلگەن بىر قانچە ئالىملار گېرمانىيەدىكى شەرقشۇناسلار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كېلىشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىرقشۇناسلىق مۇزېيى( Museum fürV lkerkunde) بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈدى. 1899-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى مۇللېر (FW K M uLLer) ئۆز خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: «ئەگەردە مىڭئۆيلەردە مۇشۇنداق يېڭى بايقاشلار بولغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رايون تارىخى، مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغان بولاتتى»، كىممۇ ئويلىسۇن، ئۇنىڭ مۆلچەرى ھەقىقەتەن توغرا چىققانىدى. بۇ پائالىيەتكە مەبلەغ سېلىشقا بىرقانچە يىل ۋاقىت كەتتى. 1902-يىلى 1-ئايغا كەلگەندە گرۇنۋېدېل ئېكسپېدىتسىيە پىلانىنىڭ كۈنتەرتىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بېرلىندىن يولغا چىقىپ، قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق مېڭىپ، 11-ئاينىڭ 25-كۈنى تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئاسىيانىڭ مەركىزى بەلبېغىغا جايلاشقان بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، قەھرىتان سوغۇق بولغان شىمالدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان يولۇچىلار بۇ ئويمانلىققا يېقىنلاشقانسېرى بۇ نوقتىنىڭ توغرىلىقنى ھېس قىلىپ يېتەتتى.

## تۇرپان

گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى تۇرپان بىلەن مەشھۇردۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەسىقىلىرىنىڭ تەتقىقات ساھەسى تۇرپان بىلەن كۆپ چېتىشلىق. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى شەرقنىڭ قەدىمكى تىل ۋەسىقىلىرى ئۈستىدىكى ئىلمى تەتقىقات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتىمۇ ئۇنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىدۇر. بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىللىق تەتقىقات تېمىلىرى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاساسى تېما قىلىپ بىر خىل ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملاشتى ياكى ئالاھىدە ئىنكاس ۋە كۈچلۈك تەسىر قوزغاشنى مەقسەت قىلغانىدى. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى دېگەن بۇ نام تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى ئاساس قىلغان تۈركشۇناسلىق ۋە ئىرانشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق بىكىتىپ چىقتى. ئويلاپ باقساق، ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى بولمىغان بولسا، توخرىشۇناسلىق ئىلمى بولغان بولاتتىمۇ؟

گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى ئاساسلىقى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقى، كۇچار قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم قېزىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ناھايىتى جاپالىق ئىدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كەسمە يۈز خەرىتىلىرىنى سىزغانىدى. تام

رەسىملىرى ۋە باشقا سەنئەت بويۇملىرىنى تەقلىدىي سىزىپ چىققاندى، ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ دەسلەپكى نىشانى سەنئەت ئارخېئولوگىيەسى ئىدى. يازما فراگمېنتلىرى قوشۇمچە بويۇملار سۈپىتىدە قارالدى. تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئاخىرلاشقان ۋاقىتدا ئېرىشكەن، سېتىۋالغان يازما ۋەسىقىلەرمۇ كۆزلىگەن سانغا يەتتى. شۇنداق قىلىپ، 1902ـيىلى باشلىنىپ 1914ـيىلى ئاخىرلاشقان تۆت قېتىملىق گېرمانىيەنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا ئېرىشكەن تۆمەنلىگەن سەنئەت بۇيۇملىرى، يازما ۋەسىقە فراگمېنتلىرى بېرلىنغا ئېلىپ كېلىندى. شۇ سەۋەبتىن فىلولوگىيە پەنلىرىنى ئاساسىي تەتقىقات يۆنىلىشى قىلغان ئىككى چوڭ ساھە، يەنى ئەجادىيەت تېپىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرى (يېزىقنى كۆرسەتمەستىن، ئالاھىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ) ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا مەركەزلەشكەن سەنئەت تارىخى ۋە سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن يازما ۋەسىقە فراگمېنتلارنى رەتلەش ۋە ئېلان قىلىشقا مەركەزلەشكەن تىل-يېزىقشۇناسلىق تەتقىقات ساھەسى شەكىللەندى.

سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ماددىي تۈردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر تەتقىقاتلار ئۈستىدە بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان بەزى ۋەكىللەر مەخسۇس تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى.

مەن ۋاقتىنچە دائىرىنى ۋەسىقە تەتقىقاتى جەھەتلەردىن چەكلىدىم. بۇ يەردە تېمىدىن سىرتقى بىر ئېغىز گەپنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ: ھەممەيلەنگە مەلۇم، بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان يىغىلمىلار ئىچىدە دۈنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى يوق. بۇ ئەمەلىيەتتە تارىخىي خاتالىق. ماتېرىيال چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن باشلىنىشتىلا ئالىملار كۈچىنى تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەركەزلەشتۈردى، لېكىن دۈنخۇاڭ بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى سەنئەت ئۇسلۇبى، ۋەسىقىلەردە ۋە ماتېرىياللاردا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مۇرەككەپ باغلىنىشلار كۆنسېرى ئايدىڭلاشتى. بىزنىڭ كەلگۈسى تەتقىقاتىمىز بۇ نوقتىغا كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدۇ. دۈنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى ساقلىنىۋاتقان كۆپلىگەن ئورگانلاردا شىنجاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ ۋەسىقىلەرنى نەزەر دائىرىمىزگە ئېلىپ، ئۇلارغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. دەرۋەقە، كىيوتو، لوندون، بېيجىڭدا ئىلىم ساھەسى «تۇرپان-دۈنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» ياكى «دۈنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ئۇقۇمنى قوللىنىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

## ۋەسىقىلەرنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئىرقشۇناسلىق مۇزېيىغا قايتىپ كېلىپ، يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ ساندۇقىنى ئاچقان كۈنى ۋەسىقىلەرنى رەتلەش خىزمىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1903ـيىلى مۇللېر مانىزم ۋەسىقىلىرىنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشىغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.① بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ كەسپىي ئوتتۇقلىرىنى دۈركىن مېيستېرېرنست (D Durkin-meisterenst) تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.② شۇڭا بۇ يەردە توختىلىپ ئۆتمىدىم.

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مۇللېرگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئالىملار بۇ تەتقىقاتقا يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنداقلا كۆپ خىل تىللاردىكى يېشىپ ئوقۇش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىن بۇ ساھە تەدرىجىي كەسپىلىشىپ، شەرقشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا بۆلۈندى. مەسىلەن، ھىندىشۇناسلىق، تىبەتشۇناسلىق، ئىرانشۇناسلىق، تۈركشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىقتىكى ئالىملار ھەرقايسى ئورگانلاردا ئۆز خىزمەتلىرىگە قاراپ، ئۆزلىرى تاللىۋالغان تىللار ۋە ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تۈرلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ئىسىملىرىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن: ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن گرۈنۋېدېل، لېكوك ۋە تىل پىشۋاسى مۇللېردىن باشقا يەنە پىشىل (R pishel)، ستۆننىر (Stönner)، سىئېگ

(E.Sieg)، سىئېگلىڭ (E.Siegling)، فرانىك (A.H.Francke)، باڭ (W.bang)، گابائىن (A.V.Gabain)، لۈدېرس (Heinrich & Else Luders) ئەر-ئايال، ۋالدشمىد (E.Waldschmidt)، خېننىڭ (W.B.Henning)، بويس (M.Boyse)، خائېنىش (E.Haenisch) قاتارلىقلاردۇر.

بۇ يەردە يەنە ئىككى ئىرانشۇناسنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك : ئېممېرىك(R.E.Emmerick) بىلەن ماكىنزى (D.N.Mackenzie) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات كومىتېتى تېما گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدا خىزمەتلىرىمىزنى قوللىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. ئەپسۇسكى ئۇ ئىككىيلەن بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتتى.

## تۇرپان يىغلىملىرىنىڭ ئەھۋالى

تۆۋەندە مەن بېرلىننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا تونۇشلۇق بولغان بىر قىسىم يېڭى ئەھۋاللارمۇ بىز يېقىندا تۈزگەن كىتابچىدىن ئېلىنغان. ③

بېرلىندىكى تۇرپان يىغلىملىرى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. 1914-يىلى مۇنداق بىر قارار چىقىرىلغان. سەنئەت بۇيۇملىرى (كۆرگەزمە قىلىنغان نەپىس يازما، ئويما نۇسخىدىكى بۇيۇملارنى، باسما نۇسخىدىكى بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) كۆرگەزمە دائىرىسىگە قاراپ ئىرقشۇناسلىق مۇزېيىغا قويۇلغان. ھازىر ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. تۈرلۈك تىل ۋە ھەر خىل يېزىقتىكى، يىل دەۋرى مىلادىيە 400-يىلدىن 1400-يىلغىچە بولغان، سانى 40000 پارچە كېلىدىغان يازما، ئويما فراگمېنتلار پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلانغان، ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانا شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇردى. ئىرقشۇناسلىق مۇزېيى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا بىز بىلەن سەممىي ھەمكارلاشتى. مەن پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا سەممىي تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.

## كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى

بۇ قېتىملىق يىغىندا بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، مەن كىچىككىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ خىزمەتنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلماقچى. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىچىك كىتابچىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. 1-ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىدىن قاچقان بولىسىمۇ، لېكىن يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئۈستىدە ئېنىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى. بۇ ۋەزىيەت ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قىستاپ كەلگەچكە كۆنتەرتىپكە كىرگۈزمەي بولمىدى. ئەڭ دەسلەپ قانات يايغان كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتى ھىندىشۇناسلىق قىسمىغا دائىر بولۇپ، «گېرمانىيە شەق يازما ھۆججەتلىرى كاتالوگ مەجمۇئەسى» (VOHD) گە كىرگۈزۈلگەن كاتالوگلار 1965-يىلغا كەلگەندە كەينى-كەينىدىن نەشر قىلىندى. بۇ تۈرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تۇنجى تۆھپىكار ۋالدشمىدتتۇر. ھازىرقى خىزمەتنى ۋىل (K.Wille) ئۈستىگە ئالدى. نۆۋەتتە ئۇنىڭ 9-تومى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»نىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىدە بۆگۈنگىچە ئېلېرس(J.Ehlers)، ماۋئې (D.Maue)، راشمان (S.Raschmann) ۋە ۋىلكېنس (J.Wilkens) قاتارلىقلار بەش توملۇق كاتالوگنى نەشر قىلدۇردى. يەنە تۆت تومى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. قالغان توملىرىنى تۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. مانى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئۈستىدە بويس كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.④ سوغدى تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىنى رېك (Ch.Reck) ئۈستىگە ئالدى.⑤ سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان پارس تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى سىمس ۋىلىيامس (N.Sims-Williams) تۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ

كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىنى شافېر (Ch.Schaefer) ئۈستىگە ئالدى، VOHD داتسۇنىكى نىشۋاكى تۈزگەن خەنزۇچە غەيرى بۇددىزم ۋەسىقىلىرى كاتالوگىنىڭ بىر تومى نەشر قىلىندى.⑥ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىككى توملۇق خەنزۇچە فراگمېنتلار كاتالوگى «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى مەجمۇئەسى»دە نەشر قىلىنغانىدى.⑦ كېيىنكى كاتالوگ تۈزۈش خىزمىتىگە كۇدارا كۈجى رەھبەرلىك قىلدى. ئۇنىڭ 3-تومى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.⑧ 4-تومى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈلۈپ، VOHD مەجمۇئەسىدە نەشر قىلىندى. تاۋبې ( M. Taube ) بارلىق تىبەت، موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر كاتالوگىنىڭ بىر تومىنى تۈزدى. موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىنى سېرىنسودنوم ( D. Cernsodnom) بىلەن ھەمكارلىشىپ پۈتتۈردى.⑨ ئىككى قىسىم كاتالوگى «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى مەجمۇئەسى»دە نەشر قىلىندى. گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق يازما ۋەسىقىلىرىنىڭ كاتالوگى تۈزۈپ چىقىلدى.

## يېڭى بايقاش

گەرچە پەننىڭ بىرەر ساھەسىدە ئىلمىي زور بايقاشلار بولىدىغان دەۋرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىل، بىرنەچچە ئاي، ھەتتا بىرنەچچە ھەپتىدىكى كىشى ئويلاپ باقمىغان بىر قانچە بايقاشلار ئۈستىدە قىسقىچە باھا بېرىپ ئۆتەي. كۆرسىتىشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، يازما يادىكارلىقلار فراگمېنتلىرىنى رەتلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر گەرچە ئادەتتىكىدەك بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم ئەتراپلىق بولمىغاچقا، دوكلاتىم باشقا ساھەدىكى مۇھىم خىزمەتلەرگە كەمتۈكلۈك قىلىپ قويغان بولسا، ھەرقايسى كەسىپداشلىرىمنىڭ باھا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1. دۇنخۇاڭ قۇمقول غارىنىڭ شىمالى رايۇنىدىن تېپىلغان، گەرچە بۇ خارابىلىك شىنجاڭدا بولمىسىمۇ، لېكىن تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، 2000-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم يېڭى ماتېرىياللارنىڭ تىل-يېزىق ۋە مەزمۇنىنىڭ مۇللىقى جەھەتتە تۇرپاندىن تېپىلغانلىرىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. سۇرىيە تىلىدىكى «ئىنجىل»نىڭ فراگمېنتىدىن باشقا، يېڭىدىن تېپىلغان «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمالى»نىڭ قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ كىتابنى 10- 11-ئەسىردىكى تۈركىي-ئۇيغۇر راھىپلىرى كۆچۈرگەن بولۇپ، كۆچۈرمە نۇسخىسىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپتۇر. يېڭىدىن بايقالغان بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدە يېرى شۇكى، خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان تېكىستلەرنىڭ يېنىغا خەنزۇچە ئەسلى تېكىستى يېزىلغان.⑩

ئۇيغۇرلاردىن ياسىن ھۇشۇر ئەپەندى ئېلان قىلغان ياغاچ ئويما ھەرپلىك مەتبە تېخنىكىسىغا دائىر ماتېرىياللار(11) مۇ بىزنى يېڭى بىلىمگە ئىگە قىلدى : ئۇ بولسىمۇ ئاتالمىش ئەنسارى تۆتلۈك شېئىرلار توپلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. شېئىر تېمىسى ۋە بەت نومۇرى ئورنىدىكى چوڭ تېمىدىن قارىغاندا، ئەنسارى جەمئىي 1288 ستانزاس (stanzas، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا slök دەپ يېزىلىدۇ.) شېئىر يازغان. ئەنسارى 13-ئەسىردە ياشىغان بىر تۈركىي – ئۇيغۇر راھىپ بولۇپ، تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئالاھەزەل 1230-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە تۇغۇلۇپ، 1293-يىلى ۋاپات بولغان، 19 يېشىدىن باشلاپ ئوردىدا خىزمەت قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا مۆڭكۈخان تەختتە ئولتۇرغان دەۋرلەر ئىدى. قۇبلەي تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەدەبىي ياساۋۇل بولۇپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان. خانزىم ئۆلىماسى بولغان مەزگىلدە، دەستۇرلارنى موڭغۇلچىگە تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. كېيىن دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغان.

زور مىقتاردىكى بۇددىزم قاپىيە شېئىرلىرىدىن قارىغاندا ئەنسارى بىر تالانتلىق تەرجىماندۇر. يېڭىدىن بايقالغان ماتېرىياللار يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن بۇ داڭلىق شەخسنىڭ تەرجىمالىغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆپەيتتى.

بىزنىڭ شائىر ئەنسارىنىڭ ھايات ئىش-ئىزلىرىغا نىسبەتەن بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتىمۇ ئاز بولغاچقا، دۇنخۇاڭ قومغول شىمالى رايونىدىن تېپىلغان شېئىرلار توپلىمىدا تىلغا ئېلىنغان ئەنسارى يازغان 1288 ستانزاس شېئىردىكى خاتىرىلەر روشەنكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. «چىن دۆلىتىدىكى كىنەز ۋېنجىڭنىڭ شېنداۋ دىنى ئابىدىسى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەنسارى ئۆلگەندىن كېيىن ئەسەرلىرى رەتلىنىپ، كۆچۈرۈلگەن غەزەل، شېئىر، گاتا، قەسىدە ستانزاس قاتارلىقلار بىرقانچە ئون تومغا يەتكەن.(12) شۇڭا قۇمغولنىڭ شىمالىي رايونىدىن تېپىلغان فىرگمېنتلار يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى چۇشۇرگەن يارلىقنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

2. سىمس ۋىلىيامس بىر توملۇق باكترىيە تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى نەشىر قىلغانلىقتىن(13)، بۇ تىل بىر مەزگىل ئىلىم ساھەسىدە غۇلغۇلا قوزغاتقانىدى. باكترىيە تىلىدا يېزىلغان يېزىق گىرېك يېزىقىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىل-يېزىقلىرى سىستېمىسىدىكى بىر يېڭى ئۇقۇم ئىدى، شۇنداقلا باشقا تىللاردا بۇ خىل يېزىق قوللىنىلمىغانىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي 吉田丰 بىر پارچە ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىدىكى ھۆججەتتە ئۇچرىغان بىر قىسىم باكترىيە ھەرپلىرىنى بايقىدى. بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانا تۇزىتىپ ئۆزگەرتىش ئورنى ھۆججىتىنىڭ بىر قانچە قۇرىدىكى باكترىيە يېزىقى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەپسىلاتىنى سىمس ۋىلىيامسنىڭ دوكلاتىدىن كۆرۈۋېلىڭ.(14)

3. ۋاڭ دىڭ بېرلىن يىغىلمىلىرى ئىچىدىكى غەيرى بۇددىزم ھۆججەتلىرىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، مۇنداق كىچىككىنە فىرگمېنتلارنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ پەرقلەندۈرىشىچە ئۇنىڭدا يېزىلغىنى خىتان يېزىقى ئىكەن. بۇ يازما ھۆججەتلەر بۇ قېتىمقى يىغىن ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە كۆرگەزمىدە كۆرگەزمە قىلىندى. ۋاڭ دىڭ بۇ يازما ھۆججەتلەرنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.(15)

4. شىمىت بۇ يىل كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ پۈتۈكلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمىدىكى يېشىپ ئوقۇش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇنىڭ ئىچىدىن كۇچا B تىلىدىكى بىر خىل يېڭى يېزىق تۈرى ۋە ئۆزى نام قويغان كۇچا پراكرىت ( Kucha-Prkrit) تىلىنى بايقىدى. تەپسىلاتىنى ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى(16) ۋە يىغىندا ئوقۇغان دوكلاتى□ دىن كۆرۈۋېلىڭ.

5. براخمى يېزىقى —— ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى تىللىرىدا كەڭ قوللىنىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ماۋئې براخمى يېزىقىدىكى ئالاھىدە بەلگىلەر ئۈستىدە ئىزاھلاش ئېلىپ بېرىپ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. قەدىمكى تۈركلەر يا بۇ يېزىقنى يا ئۇ يېزىقنى ياقتۇرۇپ قوللانغاچقا، بۇ ئۇلارغا ئاددى ساۋات سۈپىتىدە ئىدى. ئۇلار سوغدى ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە رۇنىك يېزىقى، تىبەت يېزىقى، براخمى يېزىقى، مانى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، باسبا يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىنمۇ كەڭ پايدىلانغان. كۆپلىگەن تىللاردا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى قوللىنىلغان بولۇپ، ھىندى (ئەنەتكەك) تىلى، تىبەت تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سۈرىيە تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەر بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇيغۇر يازما ھۆججەتلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار بەزىدە ئوخشىمىغان يېزىقلارنى تەڭ قوللانغانلىقىدۇر. مەسىلەن، « 千字文 »(مىڭبىر بىتىگ)نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ھۆججەتلەر مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ بىردىنبىر مانى يېزىقىدىكى غەيرى بۇددىزم ۋەسىقىسى(17) بولۇپ، ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر ئالاھىدە ھادىسىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ: تۇرپاندىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېپىلغان بىر پارچە خەت-چەك فراگمېنتلىرىدا، مەكتۇپچىنىڭ بىرتۈركىي ـ ئۇيغۇر راھىپ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ براخمى يېزىقىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن

قوللانغانلىقى، ئۇنىڭ بىراخمى يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى نامايەن قىلىنغان بايانلار خاتىرىلەنگەن. بىر سۆزنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىدا بىراخمى يېزىقى، ئوتتۇرىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان. مەسىلەن، Paigila يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلگۈ bilgö دېگەن سۆز بولۇپ، «بىلىملىك» دېگەن مەنىدە.(18)

6. ئادەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە مۇنداق بىر يېڭى بايقاش كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان يەكەن ۋەسىقىلىرى بىلەن يېڭىدىن تېپىلغان تۇمشۇق ۋەسىقىسىدە بەزى ئالاھىدە ھەرپلەر قوللىنىلغان. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئۈچ پارچە فراگمېنتلاردىكى تېكىستلەردىن قارىغاندا، دىماغ تاۋۇشى ŋ نىڭ Kapha ھەرپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.(19)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى يۈزەكى بايانلار بولغاچقا، مىسال ئارقىلىقلا چۈشەندۈرۈلدى. تېخى ئېلان قىلىنمىغان ۋەسىقىلەر يەنىلا كۆپ. كەلگۈسىدىكى خىزمەتلىرىمىزدە يەنىلا مول نەتىجىلەر بار. گۆتتىنگىن ۋە بېرلىندىكى ئىككى پەنلەر ئاكادېمىيەلىرىنىڭ تۇر خىزمەتلىرى ھەققەتەنمۇ مەركىزىي تەتقىقات تېمىلىرىدۇر.

ۋەسىقىلەرنى رەتلەش جەريانىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا

ۋەسىقىلەرنى رەتلەش خىزمىتى ھەرقايسى ئوخشىمىغان كەسىپ تارماقلىرىغا قاراپ پەنلەرنىڭ خاراكتېر مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن رەتلەش ئۇسۇلىدا ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىقتى. شۇ ۋەجىدىن بەزى ۋەسىقىلەر بىر ئىزىدىلا توختاپ قالدى، بەزىلىرى كۆپرەك رەتلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ۋەسىقىلەرنى رەتلەشنىڭ پىرىنسىپال مەسىلىلىرىدە زۇڭدىمان بىلەن ئىككىمىز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز ئوتتۇرىغا قويغان ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلىنغان بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ، ئەمەلىي ئىزچىللىققا ئىگە بولدى.

زۇڭدىماننىڭ تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى رەتلەش توغرىسىدىكى پىكىرلىرى تۆۋەندىكىچە: بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ستاستىكىلاشنى چۆرىدەپ ئالاقىدار فراگمېنتلارنى بىر-بىرىگە قوراشتۇرۇش، ئاخىرىدا ھەرخىل نۇسخىدىكى ۋەسىقىلەرنى تۈپلەپ، ئامالىنىڭ بارىچە بىر ئەسەر ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلدا پەرقلەر يوق. ئاخىرىدا تۈپلەنگەنلىرى ئەمەلىيەتتە ئوخشىمىغان يازما ھۆججەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن تېكىستلەردىن ئىبارەت. لېكىن مانىزمدا كىشىلەر دەستۇلارنى كۆچۈرگەندە ئەسلى نۇسخىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇتۇق نوقتىلار تۈپلەش نەتىجىسىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇددىزم دەستۇرلىرىنىڭ دائىرىسىدە، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، نوملارنىڭ كۆچۈرۈلگىنى ھەققىي، ئىشەنچلىك. گەرچە بەزى ئوخشىمىغان تېكىستلەردە خەت شەكلى، تاۋۇش ۋە گراماتىكىنىڭ چۈشىنىش دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بەزى ئوخشىمىغان تېكىستلەردە ئۆزگىچە يېڭىلىقلار بولۇپ، ئەسلى نۇسخىدىكى تېكىستلەر بىلەن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدىكى يارالمىش ھېكايىلەر، تەمسىل ھېكايىلىرى ئادەتتە ئەسلى نۇسخىدا بىر قىسىم ئەگرى-توقاي ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ، تېخىمۇ قىزغىن، تېخىمۇ مول ۋەقەلەرنى بايان قىلغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نوملارنىڭ رەتلىنىش خىزمىتىنىڭ ئەندىزىسى تەدرىجىي شەكىللەندى. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى مۇنداق: ھەم تەرجىمە قىلىش ھەم ترانسكرىپسىيە قىلىشتۇر. ئەگەر بىر ھۆججەتنىڭ بىرلا يازما نۇسخىسى بولسا، ئۇنداقتا ترانسكرىپسىيە قىسمىنىڭ قۇر سانىنى ئېنىق ئايرىش ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەگەردە بىردىن يۇقىرى يازما نۇسخىسى بولسا، بارلىق نۇسخىلارنى تەرجىمە قىلىش ھەمدە تۈپلىگەن ھۆججەتلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى يازغاندا زور پايدىسى بولىدۇ. قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيە شەكلى مەسىلىسىدە

نۆۋەتتە گېرمانىيە ئىلىم ساھەسىدە ئاساسەن ئورتاق تونۇشقا كېلىپ بولدى. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ ترانسكرىپسىيە ئۇسۇلى خەلقئارادىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ رەتلىنىش ئۇسۇلىنىڭ باشقا بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەرجىمە، ئىزاھلاشنى بىر گەۋدە قىلىپ، بەزى كىتابلارغا قوشۇمچە سۆزلۈكلەر جەدۋىلىنى قوشساق، تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزدىن پايدىلانماقچى بولغان باشقا ساھەدىكى ئالىملارنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىزدىشىگە پايدىسى بولىدۇ.

## يادرولۇق قىسىم

تۇرپان يىغىلمىلىرىنى قانداق قىلغاندا سىزگە ئەتراپلىق تونۇشتۇرغىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە تىل، يېزىق تارىخىنى بايان قىلىش، كىتابنىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى مەدەنىيەت، تارىخ ئامىللىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن مېنىڭچە، يەنە بىر ئۇسۇل يەنى ۋەسىقىنىڭ فۇنكسىيەسىنى بايان قىلىشتۇر. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىمۇ بار. بەزىدە باشقا دائىرىدىن بايان قىلماي، قېيىپ كېتىشتىن ساقلانماق تەس.

فراگمېنتلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللۇقىدىن ئۇلارنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تىل-يېزىقلار شۇنداق كۆپ، كىتابنىڭ تۈپلىنىش شەكىللىرى شۇنداق مول بولسىمۇ، ۋەسىقىلەرنىڭ فۇنكسىيەسىنى كۆپ خىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى چۈشىنىش، بايان قىلىش، يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئارزۇسىدۇر.

تۇرپان يىغىلمىلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان فراگمېنتلار قەدىمكى دىنىي كىتابلاردىن كەلگەن بولۇپ، كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن خارابىلىك، ئىبادەتخانا، مىڭئۆيلەردىن تېپىلغان. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇددىزم، مانىزم، نېستورىئان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاساسلىق تەركىبىگە ئايلانغان. ھىندى دىنى، تويىن دىنىنىڭمۇ ئىزى بار. زوروئاستېر دىنى، جائىن دىنىنىڭ ئىزنالىرىدىن باشقا دىنلار (ئاساسلىقى مانى دىنى)نىڭ تارقىلىش زەنجىرىدە ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ. ئۇ ھەر جايدىن غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەن ئىرقلار بىلەن ماسلاشقان، كۆپ خىل دىنلارنىڭ ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلاندى. ئەلۋەتتە كىشىلەر بۇ ئوخشىمىغان دىنلاردىكى ئورتاقلىقلارنى تارىخىي تەرەققىيات نوقتىسىدىن، ئوخشىمىغان ئېتىقادلار ئارىسىدىكى قارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ مەۋجۇت بولۇش نوقتىسىدىن قاراش كېرەك. بەزى ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە يەنە قانلىق قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ بولغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى (تەخمىنەن 840-1360 -يىللار)نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە دائىر بىر كۇپلېت باش قاپىيەلىك شېئىرلار تېزجان (S.Tezcan دىنىي تۇرمۇش شېئىرلىرى) [21] رەتلەپ ئېلان قىلدى. شېئىردا مەلۇم زۇلۇملار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شېئىر ئاخىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن يازغان شېئىرلىرىغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى بۇ خىل ئىشەنچ بىر خىل ئىستەك، بىر خىل ئارزۇ، ئۈمىدلىك، ئېتىقادلىق ئادەمدىن ياخشىراق ئىدى. مەسىلەن، نېستورىئان دىنى مۇرتلىرى، مۇسۇلمانلار، مانىزم مۇرتلىرى ۋە تەغدىرىگە ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇددىزم مۇرتلىرىغا ئوخشاش مايتىرى بۇدداغا چوقۇنغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، مانىزم مۇرتلىرى باشقا دىن مۇرتلىرى بىلەن بولغان ئوخشاش دەرىجىدىكى ئورنىغا تايانغان. بۇ بىر بىشارەت بولۇپ، مانىزم پائالىيەتلىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن باشقا پاكىتلار بۇنىڭ بىلەن زىت كەلگەچكە، كىشىلەرنىڭ مۇمكىنچىلىكلەرنى ئويلاپ بېقىشقا مەجبۇرلايدۇ. يەنى مەزكۇر شېئىر 10-11 ئەسىرلەردىكى مانىزىمنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلدۇرىدۇ. مۇسۇلمانلا ئەينى دەۋردىكى ئەمەلىي ئېتىقادى 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە تۇرغۇزۇلۇپ، 14 ئەسىرگە كەلگەندە كېڭىيىپ تۇرپان ئويمانلىقىغىچە يەتكەن.

ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ياغاچ پۈتۈك (M IK III) دە يۇەن دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر كوپلىت، 15 ستانزاسلىق باش قاپىيداش شېئىر يېزىلغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتا يوقالغان بۇددىزمنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان قىلىدۇ. شېئىردىكى خەتلەر بەك تۇتۇق بولغاچقا، مەزمۇننى بىر-بىرىگە باغلىغىلى بولمىدى. لېكىن ئەگەردە مەن شېئىر مەزمۇننى خاتا چۈشەنمىگەنلا بولسام، شائىرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنى شۇكى، ئۇ يېڭى كىرگەن دىنغا نىسبەتەن، بەلكىم يېڭى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىۋاتقانلارغا بولغان ۋەھىمىسىدۇر.

3-ستانزاسقا كەلگەندە، بۇ شېئىرنى سەل چۈشەنگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى 3-جۈملىدە يەنىلا مەسىلە مەۋجۇت، ئالدىنقى ئىككى ستانزاسدا ئىككى راھىپنىڭ جۈگگوغا بارغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى ئۇلار ئېھتىمال دىننىي بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىك تۈپەيلى ئامالسىز قاچقان بولۇشى مۇمكىن. 4-مىسراسى بىزنىڭ قىياسىمىزغا ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى: « سىلەر تايانغان تاشمانلار» دېگەن مىسرادۇر. بۇ يەردە ئېيتىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى taśman «تاشمان» دېگەن سۆز يېقىنقى ئەسىر پارس تىلىدىكى DaniŠmand دىن كەلگەن بولۇپ، «دانىشمەن» دېگەن مەنىدە. شېئىردا كۆرسەتكىنى مۇقەررەركى شۇ شەخستۇر.

4-ستانزاسقا كەلگەندە، بارلىق شېئىرلار كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئەھۋالغا بۇرۇلىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى باشقا ئاجايىپ مەقسەتلەرنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ھازىرچە ئۇنى يەنە ئەتراپلىق قىياس قىلىشقا ئامالسىزمىز. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئون ئويغۇر پادىشاھلىقى(Daśahaihura-Reich) دېگەن سۆز ئادەتتە بىر قەدەر قەدىمكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىon uygur سانسكرىتچىلاشقان شەكلى بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىپلا قالماستىن بىراخمى يېزىقىمۇ قوللىنىلغان. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، on uygur دېگەن سۆز يەنە دەۋرنىڭ پايدىلىنىش ئاساسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. پۈتكۈل شېئىر14-، 15 - ستانزاستا ئاياغلىشىدىغان بولۇپ، مېھرى-شەپقەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ رەزىل، ۋەھشى دۇنيادا ئالۋاستىلار قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، ئاداۋەتنى قاتتىق ئايرىپ، ئىلاھى يارلىقلارنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ساقلىنىشقا چاقىرغان.

ۋەسىقىلارنىڭ رەتلىنىشى خىزمىتىنىڭ مەركىزى دىنىي ۋەسىقىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇن- شەكىللىرى كۆپ خىل بولغاچقا ئادەتتىكى ئىبادەتخانا تېمىدىكى خەتلەردىن تارتىپ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرگىچە بۇ كاتېگورىيەگە تەۋەدۇر. شۇڭا مەن ئۇلارنى ئومومىيۈلۈك بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئەكسىچە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يەردىكى كۆپلىگەن فىراگمېنتلار غەيرى دىنىي مەزمۇندىكى ئەدەبىي ئەسەرگە تەۋە، ئالايلۇق كۆپچىلىككە تونۇش بولغان ھىندى دراما فراگمېنتلىرى دېگەندەك، شۈبھىسىزكى، ئۇلار قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلىرىدۇر.

ئەدەبىي ۋە غەيرى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە خەت-چەكتىن ئىبارەت ژانىر بار. غەربىي يۇرتتا ساقلانغان بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى يېزىلىشى ئانچە تەكشى ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بەلكىم بۇلارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىز مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋەسىقىلەردە بۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى، دىنى تەشكىلات، ئىبادەتخانا ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالاقىدار يولۇچىلار خاتىرىلىرى، ۋاقتى ئۆتكەن ھۆججەتلەر سانى كۆپ بولغان قانۇنىي ھۆججەتلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشىدىكى ئىشتىياقلىرىنى قوزغىيالايدۇ. ماقالىنىڭ ھەجمى سەۋەبلىك مەن بۇ يەردە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئۆتىمەن.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، تام رەسىملىرى، نوملار، شايىغا سىزىلغان رەسىملەر ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملاردىكى ئابىدە خەتلىرىنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە قوللىنىشنى ئېنىقلاش قىيىن ھەم مۇھىم ماتېرىيالدۇر.

## بىر پارچە ئۇيما يېزىق

تۆۋەندە مەن مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت بىر باسما نۇسخىدىكى، توپلانغان ھۆججەت بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ 1-قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن تاپقان. مەن بۇ يەردە بۇ نۇسخا ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمەن. چۈنكى دەسلەپتە نۇ نۇسخا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى — خازاي(G H zai) ئەپەندىدۇر. ئۇ 1965-يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىشى ۋە كېلىشىرۈرۈش ئىقتىدارىغا تايىنىپ بۇ ئىش ئاخىرى رويابقا چىقتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن خازاي ئەپەندىگە سەممىي تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. بۇ پارچە باسما نۇسخا كەمتۈك بولغاچقا، خازاي ئەپەندى، توپلام قىلىشى [22] ۋە ئۆززۈمنىڭ كېيىن تاپقان بىر قىسىم قالدۇقلارغا ئاساسەن [23] ئۇنىڭ ھەجمى ئومۇمەن ئېنىق بولدى. ئۇنىڭ بىر ۋارىقىنىڭ كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلىقى 20 سانتىمېتىر، 5 قاتلىما كېلىدۇ. تېكىستى بولسا 22- قۇرى 4-يۈزىدە ئاخىرلىشىدۇ. تېكىست چوڭ خەتلىك قىلىپ ئويۇلغان، ھەربىر يۈزىدە يەتتە قۇردىن خەت يېزىلغان. 22-ۋارىقى 5- يۈزىدىن باشلاپ، كىچىك خەتتە 8 قۇر قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى «24»-ۋارىقى بار بولسىمۇ، لېكىن بېغىشلىما تېخى ئياغلاشمىغان، ئاز دېگەندە يەنە بىر ۋارىقى يوقاپ كەتكەن. بۇ باسما نۇسخىسىنىڭ ھەجمىنى 25 ۋاراق دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. تېكىست ۋە بېغىشلىمىسىنىڭ نىسبىتى 1/9 نىسبەتتە كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى بېغىشلىمىلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ۋەقەلىكلەردە ئانچە ئۇچراپ كەتمەيدۇ.

بەت نومۇرى ئاساسەن خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئالدىغا دارماكاريا شالى «胜光法师» دېگەن خەت يېزىلغان. بۇ دارماكاريا شەلىنىڭ سالاھىيتى تېخى ئېنىق ئەمەس.» 7-ئەسىردە ئۆتكەن بۇدساتىۋاكتىۋامىستو ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشاش ئىسىمدىكى دارماكاريا شالىنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن ئۇ بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئۇيما نۇسخىدا ئېيتىلغان دارماكاريا شالى بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتىپ چىقالمىدۇق. بەلكىم 7-ئەسىردە ئۆتكەن دارماكاريا شىڭگۇاڭ ھېچ بولمىغاندا بۇ قوچو راھىبىنىڭ تۇنجىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ ئىسىم كىشىنىڭ ئېسىگە دەرھال مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇشەلى تۇتۇڭ (ŠäliTŋutu ŠiŋKo) نى سالىدۇ. ئىككەيلەن بەلكىم بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن. 11- ئەسىردە ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمە ساھەسىدە زور مىقداردىكى نوملارنى خەنزۇچىدىن تۈرك-ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. ئابىدە، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلى، قەدىمكى يازما، باسما نۇسخىدىكى بېغىشلىمىلار تەتقىقاتچىلار ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان ماتېرىياللارغا ئايلاندى. بەزى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئەھۋاللىرىدىن بۇنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بەزىلەر قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى بېغىشلىمىلارغا دائىر تەتقىقاتلارنى چۆرىدىگەن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانلىق ئىلمى ماقالىلەرنى يازىدۇ. بۇ ناھايىتى مول بولغان تەتقىقات تېمىلىرىدۇر.

## نوم ھەدىيە قىلىش ساۋابلىق ئىشلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ساۋابلىق ئىش خاتىرىسى، يەنى buyan ävirm ak (كىتاپ ئۆرۈش ساۋاپلىق ئىش)نى يازغان. ئەلۋەتتە بۇيان(ساۋاپلىق) دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرلار ئاۋۋال ئىجاد قىلمىغان. قەدىمكى ھىندىستاندا مۇنداق

بىر غايىۋى ئىش بولغان. سوۋغات بۇيۇملىرىنى تەغدىم قىلىش ياكى كۆچۈرۈش، نوم ئوقۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنى دۇئا-ئىبادەت نەتىجىلىرىنى ئىلاھىغا ياكى ئائىلە ئەزالىرىغا سوغا قىلغان. بۇ خىل ئادەت كېيىن جۇڭگودا كەڭ تارقىلىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، دۇنخۇاڭ بۇددىزىم ۋەسىقىلىرىدە كۆپلىگەن ئەمەلىي مىساللار بار.

بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان بېغىشلىما تېكىستلىرىنىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ، شۇڭا بۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. پۈتۈكچى باش قىسمىدا نۇرغۇن ئەرۋاھلارنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بۇددىزىم ئەقىدىلىرى بولغان. ئۇلار ئەرۋاھى كۆچىنىڭ ئېشىشىنى تىلەپ، ئىلاھتىن دۆلەتنى ۋە دىن، دەستۇرلىرىغا پاناھلىق بېرىشنى تىلىگەن. بۇ خىل دۆلەت بىلەن دىننى ئايرىش قارىشىنى كېيىن موڭغۇللار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلىپ دۆلەت قۇرۇش ئىدىيەسىگە ئايلانغان.

بېغىشلىمىدا يەنە دارما دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلار، تۇغقانلار ۋە رەقىپلەر (بۇ نوقتا خىرىستىئان دىنى ئەقىدىلىرىدىكى رەقىپ-دۈشمەنگە غەمخورلۇق قىلىش قارىشى بىلەن ئوخشاش)، بارچە ئادەملەر ئىلاھنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلەيدۇ دەپ يېزىلغان. ئارقىدىن سالامەتلىك، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى قاتارلىق بەخت تىلەكلىرى يېزىلغان. بۇ تىلەكلەر نوملاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، بېغىشلىمىنىڭ ئاپتورى بۇددىزمدا تاۋلىنىپ چىققان بولغاچقا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. ئاخىرىدا، بۇ نوملارنى بېسىپ ئېرىشكەن بۇيانلىق ئىشلار نوم سوغا قىلغان كىشىنىڭ بارلىق جەمەتىگە تەۋە بولغان. يۇقىرىدا ئەجدادلىرى، تۆۋەندە ئۇرۇق-ئەۋلادى بولۇپ، جەمئىي ئالتە ئەۋلادقا قايتۇرغان. كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: 1. ئىچكى-تاشقى ئۇلۇغ بوۋىلار، 2.بوۋىلار، 3.ئاتا، 4. قېيىن ئاتا، قېين ئانا، 5. تاغىسىنىڭ ئاتىسى، 6. باجىلار، 7. نەۋرە-چەۋرىلەر، 8. ئۇرۇق-تۇغقانلار، 9. تاغىسى، 10. جىيەنى، 11. شاگىرتى، 12. جانلىقلار؛ ناۋادا 1-دىن 7-گىچە ھەققى 34 ئىسىم-فامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، كىشىلەر بۇنداق ئۇزۇن بېغىشلىمىنى تومتاغ نەرسە دەپ قارىغان بولاتتى. بىزنىڭچە، ئەگەردە بۇ كىشىلەر «蒙速思家族供养图» دەك رەسىمگە تىزىلغان بولسا، شۇنداقلا ئۇلارنى تەرتىپى بويىچە تىزساق، ئۇنداقتا بۇ جەمەت جان سانى كۆپ، تۇغقانلار شەجەرىسىنى ھاسىل قىلغان بولاتتى. كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈش تەركىپلىرىدىكى ئېسىل نەسەپتىن كىشىلەر شۇنى قىياس قىلىپ بىلەلەيدۇكى، بۇ جەمەت ئۇلۇغلار جەمەتىدۇر. نوم ھەدىيە قىلغان كىشىنىڭ ئىسمى شەلى Boddihidhvaji Śali بولۇپ، ئۆزىنىڭ راھىپ ئىكەنلىكىدىن، ياكى بۇددىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن. چۈنكى ئۇ تېكىستتە ئىككى نەۋرىسىنى تىلغا ئالغان. شۇڭا 1347-يىلى ئۇنىڭ يېشى چوقۇم 46 ياشتىن 60 ياش ئەتراپىدا بولىدۇ. بىز ۋاقىتنىچە بۇ ئارىلىق ۋاقىتنى ئېلىپ، ئۇ ۋاقىتتا 50 ياش دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا ئۇ 1297-يىلى تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى 1277-يىلى تۇغۇلغان، بوۋىسى 1257-يىلى تۇغۇلغان،بالىسى 1337-يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ جەمەتنى تەخمىنەن پۈتكۈل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بۇ سانلارنى پەقەتلا قىياس قىلدۇق. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ ناملىرى بار، مەسىلەن: tarin، tanrim (تەڭرىم) دىن كەلگەن بولۇپ، «تەڭرىم» دېگەن مەنىدە؛ inal (ئىنال)؛ موڭغۇل مەمۇرىي ئەمەلدارى dargači (داروغاتچى) sangn شاھزادە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەمەلدار (سانغۇن)، خەنزۇ تىلىدىكى 相公 دىن كەلگەن. ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىدا يەنە vuŠin دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. باشقا ئىسىملارنىڭ قۇرۇلما ئامىللىرىدا يەنە kaya «قەيا»، buka «بۇقا» قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ. نوم ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بەزىدە Utpalaśī «ئۇتپالاسرى»، بەزىدە Ratnaśī ri «راتناشرى» دەپ ئاتالغان. شۇبھىسىزكى، ئۇلار ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، يەنە Abdala

(Abdullah دىن كەلگەن بولۇپ، «ئاللاھنىڭ قۇلى» دېگەن مەنىدە) دېگەن كىشى ئىسمى ئۇچرايدۇ. بۇ ئېنىقكى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## مەزمۇن ئۈستىدە مۇھاكىمە

بېغىشلىمىدا تىلغا ئېلىنغان 24 خىل ئەسەر باسما نۇسخىدىكى فىراگمېنتلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، «تەن ۋە روھ يىلتىزىنىڭ ئېنىقلىقى» دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ، بېغىشلىمىدا ئۇچرايدۇ. تېكىستتە ئەكسىچە «تەن ۋە روھنىڭ ئېنىقلىقى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەسەرگە ماس كەلگەن خەنزۇچە نۇسخىسىنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان كىشى كۇدارا كوجىدۇر. ئۇ بۇ كىتابنى دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدە دائىم ئۇچرايدىغان دىيانا مەزھىپىنىڭ ئەسىرى «ئىندىيە»(《观心论》) بىلەن باغلىنىشلىق، لېكىن خەتمۇ خەت خەنزۇچە نۇسخىسىغا تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى شۇ ئاساستا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىدى. بېغىشلىمىدىن قارىغاندا، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بارلىق خەنزۇچە نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى «ئىندىيە»《观心论》 بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدا قانداق قىلىپ «تەن» دېگەن خەت قوشۇلۇپ قالىدۇ؟ ئۇ تۈۋەندىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ مەن بۇ مەسىلىنى ئايرىم مۇھاكىمە قىلىمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن خەنزۇچە نۇسخىسى يەنىلا ئوخشاش، بەزى قىسىملىرى پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ.

(1) خەنزۇچە نۇسخىسىدىكى «ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇشقا كارى بولماسلىق» دېگەن جۈملە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىدا «شۇڭا كىشىلەر ئەخلاقىنىڭ چاڭگىسىدا تۇرىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ پەقەت خەنزۇچە نۇسخىسىنى خاتا تەرجىمە قىلغانلىقىدىن تىل بۇغۇملىرىنىڭ تەھلىل ئارقىلىق خەنزۇچە نۇسخىدىن چەتنەش بولماستىن بەلكى بىر خىل مەنە جەھەتتىن پىششىتۇر.

(2) خەنزۇچە نۇسخىدا «پەرھىز قىلىشقا بېرىلسەڭ، تېنىچلىقتا ئېرىشكەن بارلىق ساۋاب ئىشلىرىڭ مەقبۇل بولىدۇ» دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىدا، «ئەگەردە كۆڭۈلدە بىلسەڭ، دارمانى ئەستە ساقلىيالايسەن، ناۋادا كۆڭۈلدە ئىپادىلىسەڭ، بۇددانى كۆرۈسەن» دېيىلگەن.

(3) خەنزۇچە نۇسخىدا «نومدا مۇنداق دېيىلگەن، كۆڭلۈڭ تازە بولمىسا جانلىقلارنىڭمۇ تازە بولمايدۇ، كۆڭلۈڭ تازە بولسا جانلىقلارنىڭمۇ تازە بولىدۇ.» دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىمۇ شۇنداق يېزىلغان.

بىز بەزىلەرنىڭ ئالاقىدار فىراگمېنتلارنى توپلاپ، خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ رەتلەشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەتقىقاتلارنىڭ كېلەچىكى

ئاخىرىدا مەن گابائىن خانىم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي. ئۇ بىر ئايال ئالىم، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئالاقىدار ئوتتۇرا ئاسىيا پەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى تەڭداشسىزدۇر. بىز ياكى تەلىم ئالىمىز ياكى ئۇنىڭ ئەسىرىدىن زوقلىنىمىز. شۇڭا ئۇنى بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ ئۇستازى دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كەسپى ئوتتۇرىلىرى كۆپلىگەن تىل ۋەسىقىلىرىدە مەسىلەن، سانسېكرىت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلار ئارىسىغا كۆۋرۈك سېلىشتا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى دىنلار خەلق ئارىسىدىكى دىنلارمۇ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىدە كۆزدە تۇتۇلغان. مانىزم بىلەن بۇددىزمنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشتىن ئىلگىرىكى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشىدە ئۇ ھەر تەرەپتىكى بىلىملەرنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلدۇردى.

قانداقلىكى ئىشقا تۇتۇش قىلسۇن گابائىن خانىم كۆچىدىن قالغۇچە ئۇنىڭغا كىرىشتى. سالامەتلىكى يار بەرگەن ۋاقىتلىرىدا باشقىلاغىمۇ يېتەكچىلىك قىلدى.

گابائىن خانىم ئىلگىرى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاخبارات كەسپىنىڭ ئاكادېمىكى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنى ئۇ ئۆز ئۆيىدەك ھېسابلايتتى. بولۇپمۇ، بېرلىن ئاكادېمىيەسىدە تۇرپان ۋەسىقىلىرى ساقلانغان بولغاچقا، ئۇ كۆپ قېتىم ئىلىم يۇرتى يىغىنلىرىدا ئۇلارنى كۆپرەك تونۇشتۇرۇپ ئۆتەتتى. گابائىن خانىممۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك تەربىيەلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بەرگەن بىر قىسىم دوكلاتلىرى كېيىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى مەخسۇس ئەسەر ھەجىمىگە يەتكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ۋاەسىقىلەرنى رەتلەپ ئېلان قىلغان. بۇ تۈردىكى خىزمەتلەردىن باشقا يەنە باشقا ساھەلەردىمۇ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغاندى.[24]

1987-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، گابائىن غەربىي يۇرت تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ۋە ئىككىنچى ئەۋلاد ئالىملارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ھازىر تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى تېز تەرەققىي قىلدى. كەڭ تارقالدى، ھەمكارلىق نەتىجىلىرى ئۇنۇملۇك بولدى، كىشىنى ئالاھىدە خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى گېڭ شىمىننىڭ شاگىرتلىرى، بىر قىسىملىرى گېرمانىيەدە تەربىيەلىنىپ چىققان. ئۇلار ئاساسلىق كۈچىنى قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى يېشىپ ئوقۇشقا قاراتتى. گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، پولشا، ئىتالىيە، ئەنگلىيە،گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردىكى بىرقىسىم ئالىملار ئاكتىپلىق بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشتى. بىز بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقاتلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن ئازراق رول ئوينىغان بولسا، بىز مۇنداق ئىككى خىل مەقسەتكە يەتكەن بولاتتۇق. بىرىنچى، ئاددىي كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ بۇ تېمىلارغا قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، ئالىملارغا نىسبەتەن، ئۇلارغا يېڭى خىرىسلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىز بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئازراق بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشنى، ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

پەنلەر ئاكادېمىيەمىزدىكى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەخسۇس تۈردىكى تەتقىقات تېمىلىرىدا، يېڭى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. تۇرپان ۋەسىقىلىرى ماتېرىيال ئامبىرى (D T A) تەتقىقاتچىلارنىڭ پۈتكۈل دۇنيا دائىرىسىدە بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ سۈرەت – ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رەقەملەشكەن رەسمى چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر توپلاملىرى بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلەيدۇ. كەلگۈسىدىكى رەتلەنگەن ھۆججەتلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى ئىلگىرىكى قەغەز يۈزىدىكى رەسمى چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالالمىدۇ-يوق بىز بۇنى بىلىشكە ئامالسىزمىز، شۇڭا ھازىر قەغەز يۈزىدىكى نۇسخىسىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

* مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەسلى تېمىسى «Turfanexpedetion zur Turfanedition Von den» بولۇپ، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىن پروفېسسور پېتىر زېيمى تەشكىللىگۈچى سۈپىتىدە 2002-يىلى 9-ئايدا «تۇرپانغا قايتا زىيارەت» (Turfan revisited) خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا نېمىسچە ئوقۇغان نۇتقى بولۇپ، «تۇرپانغا قايتا زىيارەت» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمى ماقالىلەر توپلىمى Turfan revisited-the first century of research into the and culture of silk road 2004, pp. 13-18. دا ئېلان قىلىنغان. ئاپتورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى بۇ يەردە ئېلان قىلدۇق. بۇ نوتۇقنى چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىكى، ماقالىدە بېرلىن ھىندى سەنئەت مۇزېيى (Indischa kunst

(Muzeum für) كۆپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ 2005-يىلى 12-ئايدا بېرلىن شەرقىي ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىغا قوشۇلغان. ھازىرقى نامى ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى (Muzeum für Asiatischa kunst) دۇر. زېيمى ئەپەندى بايان قىلغان ئەسلىدىكى ھىندى سەنئەت مۇزېيىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەرجىمىدە ھازىرقى نامى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلمىدى.

---

ئىزاھاتلار:


①FW Müller ,Handschriften-Bete in Estrangelo-Schrift aus, Chinesisch-Turkistan" (شىنجاڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئېستىئانگېسو يېزىقىدىكى فىراگمېنتلار) Sizungsberichteder preußschisflen Akademie der Wissenschaften. Phil-hist.L1 1904 348-352;

Handschriften-Bete in Estrangelo-Schrift aus, Chinesisch-Turkistan" II Teil (شىنجاڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئېستىئانگېسو يېزىقىدىكى فىراگمېنتلار 2-قىسىم) Berlin 1904 (Abhandlungen der preußschisften der Wissenschaften, 1904 Anhang Nr 2)

②Mullers work Iranian language (مۈللېرنىڭ ئىران تىللىرى ئۈستىدىكى خىزمەتلىرى) Turfan revisted, pp 68-71 -تەرجىماندىن

③Turfanforschung (تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى) Berlin – Brandenburgische Akademie der Wissenschaften, Berlin 2002.

④Mury Boyse, A Catalogue of the Iranian manuscripts in Manichen script in the German Turfan collection (گېرمانىيە تۇرپان يىغمىلىرىدىكى مانى يېزىقىدا يېزىلغان ئىران تىلىدىكى ھۆججەتلەر كاتالوگى) Berlin Akademie-varlang 1960-

⑤Christane reck, Berlin Turfanfragmente manichischen Inhalts in soghdischer Schrift (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى سوغدى يېزىقىدىكى مانىزم ھۆججەتلىرىنىڭ كاتالوگى) Stuttgart : Franz Steiner verlag 2006. -تەرجىماندىن

⑥Tsuneki Nishiwaki, Chinesische Texte vermischten Inhalts aus der Berliner Turfansammlung (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى كۆپ خىل مەزمۇندىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەر) übers. Von Christian Wittem, hrsg .von simone – Raschmann , Stuttgart: Franz Steiner verlag 2001. -تەرجىماندىن

⑦Gerhard Schmitt & T Inokuchi, catalog chinesischer budhistischr textfragmente, I (1-جىلد «خەنزۇچە بۇددىزم دەستۇرلىرى فىراگمېنتلىرىنىڭ كاتالوگى») Berlin Akademie-varlang 1975;

Th .Thilo, Katalog chinesischer budhistischr Textfragmente. II (2-جىلد «خەنزۇچە بۇددىزم دەستۇرلىرى فىراگمېنتلىرىنىڭ كاتالوگى») Berlin Akademie-varlang 1985; -- تەرجىماندىن

⑧Chines Buddhist text from the Berlin Turfan collections, vol3, compiled by Kogi Kudara; edited by Toshtaka Hasuike and mazumi Mitani (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى خەنزۇچە بۇددىزم ۋەسىقىلەر) Stuttgart: Franz Steiner verlag 2005. -تەرجىماندىن

⑨Mafred Taube, Die Tibetica der Birliner Turfansammlung (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى ۋەسىقىلەر) Berlin Akademie-varlang 1980; Dalantai cerensodmon & Mafred Taube, Die Tibetica der Birliner Turfansammlung (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر)

Berlin Akademie-varlang 1993; تەرجىماندىن ـ

⑩پېڭ جىنجاڭ، ۋاڭ جىيەنجۈن: « دۇنخۇاڭ موگاۋ غارى شىمالى رايون مەغارىلىرى» (1) بېيجىڭ : مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى. 2000 ـ يىل .

⑪⑫ياسىن ھوشۇر: «جۇڭگو ياغاچ ھەرپلىك مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تارقىلىشى» بېيجىڭ، ئىجتىمائىي پەن ۋەسىقىلىرى نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 28 ـ رەسىم

⑬Moyiyasu takao, " An uighur Buddist" s letters of the Yuan Dynasty frommemo Tun-huang (Supplement to 'uighurica from Tun-huang' دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۈەن دەۋرىگە ئائىت ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ بىر پارچە خەت ـ چېكىگە نەزەر) Memoirs of the Research department of the toyo Bunko (1982) p 9.

⑭Nicolas Sims Williams, Bactrian documents from Northern Afghanistan 1: Legal and economic documents (ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن بايقالغان باكترىيە تىلىدىكى ۋەسىقىلەر(1) ئەدلىيە ۋە ئىقتىسادى ۋەسىقىلەر) (London) : The Nour Foundation in assaociaon With Azimuth Editions and Oxford Unversity press, 2000. تەرجىماندىن ـ

⑮N Sims-williams, "Two Batrian fragments from Yar-Khoto ( " يارغولدىن تېپىلغان باكترىيە تىلىدىكى ئىككى ) In: Turfan revisited, pp. 235_332,pls.43_46 تەرجىماندىن ـ

⑯Wang Ding, "Ch3586-ein khitanisches Fragment mit uniguruschen -Glossen in der Berlin Turfansammlung ( بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغمىلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قىستۇرما ئىزاھىتى بىر پارچە قىتان يېزىقىدىكى ۋاراقچە ), In: Turfan revisited pp 325-332, pls 43-46 تەرجىماندىن ـ

⑰"Entzifferung verschllener Schriften und Sprachen. Dargestellt am Beispiel des Kuča-Kharoshth Typ B und des Kuča-prakrits"(B « ئۆلۈك يېزىق ۋە تىل — كۇسەن كاروشتى يېزىقى ۋە كۇچا پراكرىت يېزىقى

(تەرجىماندىن ـ Göttigen Beiträge zur Asiefaoschung, 1 (2001) pp.7-27,Tfeln تەرجىماندىن ـ

⑱K.T .Schhlidt, "Indo-Tocharica: die Bdeutung andessprachiger Paralleversionen für die Erschließung des tocharischen Schriftms ( « ھىندى ـ توخار تىلى تەتقىقاتى — باشقا تىللاردىكى پاراللېل كۆچۈرۈلمە نۇسخىلارنىڭ توخرى ۋەسىقىلىرىنى يېشىپ ئوقۇشتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا» ) In: Turfan revisited 2004 pp 310-315 تەرجىماندىن ـ

⑲بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن تېپىلغان 552 I.B.T :، ئىسرايىل يۈسۈپنىڭ دوكلاتىغا قاراڭ.

⑳P Zieme, Gab es Entnasalisenung im Altturkischen? ( قەدىمكى ئۇيغۇر ( ئىبلان قىلىنىش ئالدىدا تۇردىمۇ.«يېزىقىدىكى بەزى تاۋۇشلىرى يوقالدىمۇ؟

[21]. S.Tezcan, Das uigurische Insadi-Sutra (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىنسادى سۇترا) «Berlin: Akademie – Varlag 1974 Terfantexte3 ) تەرجىماندىن ـ

Insadi دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى تېخى ئېنىق بولمىغاچقا، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئېلىندى.

رۇڭ شىنجياڭ « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدھىيە سۇترىسى» دەپ تەرجىمە قىلدى. «چەتئەللەردىكى دۇنخۇاڭ تۇرپان ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» نەنچاڭ، جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 75 ـ بەت. ـ تەرجىماندىن

[22] G.Hazai, "Fragmente eines uiguirschen Blochdruck-Faltbuches" ( بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر

A ltorientalische Forschungen 3 (1975) pp.91-108 (يېزىقىدىكى تۇپلەنگەن باسما نۇسخىنىڭ ۋاراقچىسى

[23] P.Z iem ei, B uddhistesche Stabriem dichtungen der U ighern ( ئۇيغۇر بۇددىزمىدىكى باش قاپىيلىك

Berlin 1985 .-Berlin Terfantexte 13 ) (شېئىرلار

[24] P.Ziemei, “Annemarie von Gabain” (« 100يىللىقىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ گاباڭىن: تۇركشۇناسلىق ۋە گاباڭىن

und die Turfan-turklogie. G edanken zu ihrem hundertsten G uburt-stag der (»خاتىرىلەش تەشەككۇرنامىسى

W issenschaften: B erichte und A bhandlungen 9 (2002), pp.203-223

(مەزكۇر ئەسەر «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئىلى ئۇيغۇرلىرى شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە ئالاقىدار تىل ئادەتلىرى ھەققىدە

نىجات سوپى

بۇ ماقالىدا دىئالېكتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. ھەمدە بۇ ئاتالغۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىق ۋە خاسلىقى شەرھلىنىدۇ. بۇ رايون كىشىلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىشىغا دائىر بەزى تىل ئادەتلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى توپلاش، تولۇقلاش، بېيىتىش، سىستېمىلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى توغرا قوللىنىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ.

تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىجتىمائىي كوللېكتىپى دائىرىسىدە شۇ مىللەت، شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە بولغان قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇ بىر مىللەت تىلىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىر قەدەر ئېنىق، ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان مۇھىم كاتېگورىيەلەردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان خەلق. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇغقانچىلىققا ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇلار بار، بۇ ئاتالغۇلار ئۆز نۆۋىتىدە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مۇناسىپ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىر مىللەت تىلىدىكى تۇغقانچىلىققا ئائىت ئاساسىي ئاتالغۇلار ھەر قايسى دىئالېكت، شېۋىلەردە چوڭ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە. دىئالېكت، شېۋىلەردىكى بۇ تۇغقانچىلىققا ئائىت ئۆزگىچە خاس ئاتالغۇلارنىڭ قوللىنىلىشىدىن شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىدىكى مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن .

ئىلى —— شىمالىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئاساسىي رايونلارنىڭ بىرى. 2005-يىلىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا ھازىرقى ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە (غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، چاپچال ناھىيەسى، قورغاس ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسى، كۈنەس ناھىيەسى، توققۇزتارا ناھىيەسى، تېكەس ناھىيەسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى)دە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ 2010 – يىللىق ستاتىكا مەلۇماتتا ئومۇمىي نوپۇسى 667202 نەپەر بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 26.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ رايوندا يەنە ئۆزگىچە خاس بىر قىسىم تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تىل ئادەتلىرى بار. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قوللىنىلىشىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس تۇغقانچىلىق قاراشلىرى ۋە بەزى تىل ئادەتلىرىنى كۆرەلەيمىز.

تۆۋەندە ئىلى ئۇيغۇرلىرى شېۋىسىدىكى ئاساسلىق تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قىسىم تىل ئادەتلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

## 1. ئەجداد-ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

بوۋا (باۋا)، موما (ماما)، يوغان ئاپا؛ ئۇلۇغ بوۋا، ئۇلۇغ موما؛ قوشقار بوۋا، قوشقار موما؛ دادا (دام، داڭ)، ئاپا؛ كىندىك ئانا، سۈت ئانىسى؛ بالا (ئوغۇل، قىز)؛ ئۆگەي دادا، ئۆگەي ئاپا، ئۆگەي بالا (ئۆگەي ئوغۇل، ئۆگەي قىز)، جىيەن (جىيەن ئوغۇل، جىيەن قىز)؛ نەۋرە (ئوغۇل نەۋرە، قىز نەۋرە)، چەۋرە، ئەۋرە، كۆكۈن نەۋرە....

يۇقىرىدىن سانىغاندا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاتىسى «بوۋا»، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئانىسى «موما» دېيىلىدۇ. مەيلى ئاتا ياكى ئانا تەرەپ ئەجدادى بولسۇن ئوخشاش ئاتىلىدۇ. «تارانچى دىئالېكتى»نىڭ («تارانچى دىئالېكتى» رۇسىيەلىك تىلشۇناسلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان نام بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىلى ۋە يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىئالېكتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىنىڭ مۇھىم تارىخىي ئاساسىدۇر) ئالاھىدىلىكلىرى بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان چاپچال ناھىيەسىنىڭ قاينۇق ۋە جاغىستاي يېزىسى قاتارلىق جايلاردا بۇ ئىككى سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئېغىز تىلىدا لەۋ ھالىتى جەھەتتە يەنىمۇ ماسلىشىپ، «باۋا، ماما» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

بەزى جايلاردا نەۋرىلەر مومىسىنى «يوغان ئاپا» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ نەۋرە كۆرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بەزى ئاياللارنىڭ نەۋرىلىرى ئۆزلىرىنى «موما» دەپ ئاتىسا، ئۆزلىرىنى خەققە بەك چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ قوللانغان «موما» سۆزىنىڭ سىلىقلاشتۇرۇلغان بىر خىل شەكلىدۇر.

بوۋا، مومىلىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادى «ئۇلۇغ بوۋا، ئۇلۇغ موما» ياكى «قوشقار بوۋا، قوشقار موما» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادلار «مۇنچىنچى بوۋىمىز، مۇنچىنچى مومىمىز» دېگەندەك شەكىلدە سانلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، «بوۋا، موما» سۆزلىرىگە سۆز ياسىغۇچى «ي» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىن كېيىن «بوۋاي، موماي» سۆزلىرى ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بولۇپمۇ ئىلى شېۋىسىدە بەزىدە «بىزنىڭ بوۋاي، بىزنىڭ موماي» شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆز ئاتا-ئانىسى كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن پەقەت باشقىلارغا سۆزلىگەندىلا قوللىنىلىدۇ، يۈزتۇرانە تۇرغاندا ئىشلىتىلمەيدۇ .

پارسچە كىرمە سۆز «كەمپىر» بەزىدە «موماي» سۆزىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

ئىلى شېۋىسىدە «دادا»، «ئاپا» سۆزلىرى ئەدەبىي تىلدىكى «ئاتا»، «ئانا» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. «ئاتا» ۋە «ئانا» سۆزلىرى ئايرىم قوللىنىلمايدۇ، پەقەت جۈپ سۆز «ئاتا-ئانا» شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاتا-ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇش»، «ئاتا-ئانا رازى ئاللا رازى» دېگەندەك .

ئاتا-ئانىسى بىلەن قۇرداش كىشىلەر پەرزەنتلەر تەرىپىدىن كۆپىنچە جايلاردا «پالانچى دادا، پوكونچى ئاپا» دەپ شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا، ئاپا» سۆزلىرى قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇن دادا، گۈلسۈم ئاپا» دېگەندەك. لېكىن، قاينۇق يېزىسى قاتارلىق بىر قىسىم جايلاردا دادىسى بىلەن قۇرداش ئەر كىشىلەرنى ئاتىغاندا، بىرىنچى شەخس شەكلىدە «دادام» سۆزى قىسقىراپ «دام» شەكلىدە، ئىككىنچى شەخس شەكلىدە «داداڭ» سۆزى قىسقىراپ «داڭ» شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇندام (تۇرسۇن دادام) كەلدى، مەمەتداڭ (مەمەت داداڭ) كەتتى» دېگەندەك.

يەنە «كىندىك ئانا»، «سۈت ئانىسى» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ بار بولۇپ، قوللىنىلىشى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى «بالام» دەپ چاقىرىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتاپ چاقىرىدۇ ۋە ياكى جىنسىغا قاراپ «ئوغلۇم»، «قىزىم» دەپمۇ چاقىرىدۇ .

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، «دادا، ئاپا، بالا (ئوغۇل، قىز)» سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «ئۆگەي» سۆزىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن «ئۆگەي دادا، ئۆگەي ئاپا، ئۆگەي بالا (ئۆگەي ئوغۇل، ئۆگەي قىز)» قاتارلىق سۆزلەر ياسىلىپ، ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆگەيلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

ئىلگىرى بىر قىسىم ئائىلىلەردە ياش ئاتا-ئانىلار ئارىسىدا بالىلىرىغا ئۆزلىرىنى «ئاكا، هەدە» دەپ چاقىرتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغان، لېكىن هازىرقى ياش ئاتا-ئانىلاردا بۇنداق ئادەت يوق .

ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى «نەۋرە» ئاتىلىدۇ، ۋاستىلىق ئاتىغاندا يەنە جىنسىغا قاراپ «ئوغۇل نەۋرە، قىز نەۋرە» دېيىلىدۇ. چاقىرغاندا بولسا «نەۋرەم»، «بالام» ياكى «ئوغلۇم»، «قىزىم» دەپ چاقىرىدۇ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇل ئاتاپ چاقىرىدۇ. نەۋرىنىڭ بالىسى «چەۋرە»، چەۋرىنىڭ بالىسى «ئەۋرە» ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى ئەۋلادنى «كۈكۈن نەۋرە» دەيدىغانلارمۇ بار.

## 2. بىۋاستە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

قېرىنداش، ئاكا (ئاغا)، هەدە، ئىنى، سىڭىل، ئۇكا (ئۇكە)، ئاغىنە؛ ئېمىلدەش.

بىر تۇغقانلار ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «قېرىنداش» ئاتىلىدۇ. بىر تۇغقان ئەر قېرىنداشلار ياش پەرقىگە قاراپ چوڭلىرى «ئاكا»، كىچىكلىرى «ئىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. قاينۇق يېزىسى قاتارلىق بەزى جايلاردا «ئاكا» سۆزى ئورنىدا قەدىمكى تىلدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ «ئاغا» سۆزىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. قىز قېرىنداشلار ياش پەرقىگە قاراپ چوڭلىرى «هەدە» ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ياكى باشقا بەزى دىئالېكتلاردىكىدەك «ئاچا، ئاپلا، ئىگىچە، هەمشىرە» دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلمەيدۇ. ياشتا ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىنداش ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «سىڭىل» ئاتىلىدۇ.

رۇس ئالىمى رادلوف ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر، 4-قىسىم: تارانچى دىئالېكتى» ناملىق ئەسىرىدە «هەدە» سۆزى ئورنىدا «ئاتىلە» سۆزى قوللىنىلغان. مەسىلەن، «ئاتىلەسى مەنىسا خېنىم مەنى سىڭىنسىدىن ‹بەرگىن› دەپ تىلەدى، سىڭىنسى بەرمەدى»، «بىزنى سۇرايدىغان قازى مەنىڭ ئاتىلەمگە كۆيۈپ ئاشىق بولۇپ يۈرگەن، ئاتىلەم بېرىپ ئول قازىغا بىر مۇنچا پۇل بەرەي دەگەن بولسا، قازىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغان بولسا، هەمرانى ئاتىلەمغە بۇرىپ بەرۈر.» (رادلوف: «شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر، 4-قىسىم: تارانچى دىئالېكتى»، سانكتپېتېربۇرگ، 1886-يىل).

«ئۇكا» سۆزى ئادەتتە «ئىنى» سۆزى بىلەن باراۋەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىدىن سىرت بەزىدە يەنە «سىڭىل» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «ئۇكا» سۆزىنىڭ تەركىبىدىكى «ئۇ، ئا» تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ «ئۈ، ئە» تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن «ئۈكە» شەكلىمۇ بار، لېكىن بۇ شەكىلدە كۆپىنچە مەنسىتمەسلىك تۈسى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ .

«ئاغا» ۋە «ئىنى» سۆزلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن «ئاغىنە» سۆزى (بۇ سۆزنىڭ يەنە «ئاغىن\ئەغىن» تەلەپپۇزلىرىمۇ بار) ئەدەبىي تىلدىكىدەك «ئوغۇللار ئارا دوست» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، قاينۇق يېزىسى قاتارلىق بىر قىسىم جايلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش، «بىر تۇغقان قېرىنداش» دېگەن مەنىسى هازىرمۇ بار. مەسىلەن، «بىز توققۇز ئەغىن» دېيىلسە، بۇ «بىز توققۇز قېرىنداشمىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

ئاكا-هەدىلىرى بىلەن قۇرداش چوڭلارنى ئاتىغاندا «پالانچى ئاكا، پوكۇنچى هەدە» دەپ چاقىرىدۇ. ئادەتتە، بۇنداق چاقىرغاندا «ئاكا، هەدە» سۆزلىرى قىسقىراپ «-كا، -دە» شەكلىگە چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى چاقىرغاندا «ئاكا، هەدە» دېگەن سۆزلەر قىسقارتىلماي تولۇق

ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئازات» ئىسىملىك كىشى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز ئاكىسى بولسا، چوقۇم «ئازات ئاكا» دەپ چاقىرىدۇ؛ ئەگەر ئۆز ئاكىسى بولمىسا، «ئازاتكا» دەپ چاقىرىدۇ. «گۈلنىسا» ئىسىملىك ئايال سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز ئاچىسى بولسا، «گۈلنىسا ھەدە» دەپ چاقىرىدۇ؛ ئۆز ئاچىسى بولماي باشقا كىشى بولسا، «گۈلنىسادە» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئىلى شېۋىسىدە، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ۋاستىلىق ئاتىغاندا يەنە «بىر تۇغقان قېرىندىشىم، بىر قوساقتا ياتقان قېرىندىشىم» دېگەندەك شەرھىلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ.

يەنە «ئېمىلداش» ئاتالغۇسىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاشلا، ئىككى كىشى ئۆز ئارا قان قېرىنداش بولمىسىمۇ، لېكىن بوۋاق ۋاقتىدا بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

## 3. ۋاستىلىق قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

چوڭ دادا، كىچىك دادا؛ تاغا، ھاما؛ چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا؛ نەۋرە ئاكا، نەۋرە ھەدە، نەۋرە ئىنى، نەۋرە سىڭىل؛ جىيەن (جىيەن ئوغۇل، جىيەن قىز).

ئاتىسىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ئاتىسى بىلەن بولغان ياش پەرقىگە قاراپ، ئاتىسىدىن ياشتا چوڭلىرى «چوڭ دادا»، ياشتا كىچىكلىرى «كىچىك دادا» دېيىلىدۇ. ئاتىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى «ھاما» دېيىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى «تاغا» دېيىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى ياش پەرقىگە قاراپ، ئانىسىدىن چوڭلىرى «چوڭ ئاپا»، كىچىكلىرى «كىچىك ئاپا» دېيىلىدۇ. بۇ رايوندا «چوڭ دادا، چوڭ ئاپا» سۆزلىرى باشقا بەزى شېۋىلەردىكىدەك «بوۋا، موما» سۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، «ئاكا، ھەدە، ئىنى، سىڭىل» سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «نەۋرە» سۆزى قوشۇلۇپ «نەۋرە ئاكا، نەۋرە ھەدە، نەۋرە ئىنى، نەۋرە سىڭىل» سۆزلىرى ياسىلىپ، نەۋرە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇدۇل ئاتالغاندا «نەۋرە» سۆزى قىسقارتىلىپ، «ئاكا»، «ھەدە»، «ئىنى» ياكى «سىڭىل» دەپلا چاقىرىلىدۇ. نەۋرىلىك مۇناسىۋەتنى كۆرسەتكەندە يەنە «بىز بىر نەۋرە كېلىمىز» ياكى «ئىككى تۇغقان بولىمىز» دېگەندەك شەرھىلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ.

بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ پەرزەنتلىرى «جىيەن» دەپ ئاتىلىدۇ، جىنسىغا قاراپ يەنە «جىيەن ئوغۇل ، جىيەن قىز » دەپ ئايرىلىدۇ. لېكىن، ۋاستىلىق ئاتىغاندا يەنە «ئاكامنىڭ ئوغلى، ھەدەمنىڭ ئوغلى، ئىنىمنىڭ قىزى، سىڭلىمنىڭ قىزى» دېگەندەك شەرھىلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ.

## 4. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

ئەر (يولداش)، خوتۇن (ئايال)؛ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بىزنىڭ ئادەم، باللارنىڭ دادىسى (دادىسى)، باللارنىڭ ئاپىسى (ئاپىسى)؛ ئاغىچا، ئايىم، قۇشناچ؛ توقال، كۈندەش.

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن «ئەر (يولداش)، خوتۇن (ئايال)» سۆزلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزلەر شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، «ئېرىم، يولدۇشۇم، خوتۇنۇم، ئايالىم» دېگەندەك شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ. ئەر ئۆز خوتۇنىنى چاقىرغاندا «خوتۇن» سۆزىگە شەخس قوشۇمچىسى قوشماي چاقىرىش ئادىتىمۇ بار. مەسىلەن، «خوتۇن، بۈگۈن نېمە تاماق ئەتتىڭ؟». لېكىن ئاياللاردا ئېرىنى شەخس قوشۇمچىسى قوشماي «ئەر» دەپ چاقىرىش ئادىتى يوق. «ئەر» سۆزى سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆپىنچە «يولداش» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسىدە «يولداش» سۆزى پەقەت ئايالغا نىسبەتەن ئېرىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكىدەك، ھەم ئېرىغا نىسبەتەن ئايالىنى، ھەم ئايالىغا نىسبەتەن ئېرىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى ياقلىمىلىق ئەھۋال بۇ رايوندا يوق. بەزىدە يەنە «خوتۇن» سۆزى سەل قوپال

دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەبچە كىرمە سۆز «ئايال» ئىشلىتىلىدۇ. ئاياللار ئېرىنى ۋاستىلىق ئاتىغاندا يەنە «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بىزنىڭ ئادەم» دەپمۇ قوللىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىسىدە ئەر – خوتۇن ئۆزئارا چاقىرىشقاندا ئىسمىنى بىۋاستە قىچقىرىش ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ئەر خوتۇننى ئۇدۇل چاقىرغاندا «ھەي» دەپ، خوتۇن ئېرىنى چاقىرغاندا «ھەي ئادەم» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئوخشاشلا ئەر ئايالنى ۋاستىلىق ئاتىغاندا «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بىزنىڭ خوتۇن» دەپ ئىشلىتىدۇ. «ئەر، خوتۇن» سۆزلىرى سىلىقلاشتۇرۇلغاندا، يەنە «بالىلارنىڭ دادىسى، بالىلارنىڭ ئاپىسى» ياكى قىسقارتىلىپ «دادىسى، ئاپىسى»مۇ دېيىلىدۇ. ئەر-خوتۇنلار ئائىلىدە بىر-بىرىنى چاقىرغاندا ئاساسەن قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىمايدۇ. بەزىدە ئەر ۋاستىلىق ئاتىغاندا «بىزنىڭ كەمپىر» دېيىش ئارقىلىق ئۆز ئايالنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋالمۇ بار، لېكىن بۇ سۆزگە بەلگىلىك دەرىجىدە چاقچاق تۈسى قوشۇلغان بولىدۇ.

ئىلگىرى ھۆرمەت يۈزىسىدىن شائىيولارنىڭ خوتۇنلىرى «ئاغىچا» دەپ، ھاجىنىڭ ئايالى «ئايىم» دەپ، موللا، ئاخۇنلارنىڭ ئاياللىرى «قۇشناچ» (تەۋەللۇك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «قۇشناچىم») دەپ ئاتالغان.

كونا جەمئىيەتتە كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلارنىڭ كىچىك خوتۇنى «توقال» دەپ ئاتالغان. بىر ئەرنىڭ قولىدىكى بىر-بىرىگە رەقىب خوتۇنلار ئۆزئارا «كۈندەش» ئاتالغان .

## 5. قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

قېينى ئاتا، قېينى ئانا\قېينى ئاپا؛ قۇدا (ئەر قۇدا\ئەركەك قۇدا؛ ئايال قۇدا\چىشى قۇدا\قۇداغى)؛ قوش قۇدا، قايچا قۇدا، قۇدا-باجا؛ كېلىن، كۈيئوغۇل (داماد)، ئىچ كۈيئوغۇل؛ يېزنە، يەڭگە؛ باجا، ئېپى يەڭگە؛ قېينى ئاكا، قېينى ھەدە، قېينى ئىنى، قېينى سىڭىل؛ كېلىن سىڭىل، كۈيئوغۇل ئىنى.

ئەر ياكى ئايال قارشى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ۋاستىلىق تۈردە ئاتىغاندا «قېينى ئاتا، قېينى ئانا\قېينى ئاپا» دەپ، ئۇدۇل ئاتىغاندا «دادا، ئاپا» دەپ چاقىرىدۇ. پەرزەنتلىرى تويلاشقان تەرەپلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنى «قۇدا» دەپ ئاتىشىدۇ. ۋاستىلىق ھالدا ئاتىغاندا جىنسىغا قاراپ «ئەر قۇدا\ئەركەك قۇدا؛ ئايال قۇدا\چىشى قۇدا\قۇداغى» دەپ ئاتايدۇ. قۇدا تەرەپتىكى ئەر-ئايال ياكى ئۇلارنىڭ باشقا يېقىن تۇغقانلىرى قوشۇپ ئاتالغاندا كۆپلۈك شەكلى بويىچە «قۇدىلار» دەپ ئېيتىلىدۇ. ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، بىر ئائىلىدىن ئىككى قىز ئالغانلار «قوش قۇدا»، بىر ئائىلىدىن بىر قىز ئېلىپ، بىر قىز بەرگەنلەر «قايچە قۇدا» دېيىلىدۇ. قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتى «قۇدا-باجا» سۆزى ئارقىلىقمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىنىدۇ .

ئاتا-ئانىلار ئوغلىنىڭ ئالغان ئايالنى «كېلىن»، قىزىنىڭ تەككەن ئېرىنى «كۈيئوغۇل» دەپ ئاتايدۇ. «كېلىن» سۆزىنىڭ يەنە «كېلىنچەك» دېگەن ئەركىلەتمە شەكلى ۋە «كېلىن ئاغىچا» دېگەن ھۆرمەت شەكلىمۇ بار. ئاتا-ئانىلار كۈيئوغۇلنى ئۇدۇل ئاتىغاندا «بالام» ياكى «ئوغلۇم» دەپ چاقىرىدۇ، كېلىننى ئۇدۇل ئاتىغاندا «بالام» ياكى «قىزىم» دەپ چاقىرىدۇ. ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئائىلىگە بالىچىلاپ كىرگەن كۈيئوغۇل «ئىچكۈيئوغۇل» دېيىلىدۇ. رۇس ئالىمى پانتۇسوف تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن تارانچى تېكىستلىرىدە يەنە پارس تىلىدىن كىرگەن «داماد» سۆزى بۇ رايوندا «كۈيئوغۇل» سۆزى بىلەن باراۋەر قوللىنىلغان. مەسىلەن: «ئەي فەرزەند، ئەگەر سەن ئاندا خار بولساڭ، مەنىڭ قاشىمدا ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بولغايسەن، قىزىمنى بەرىپ داماد قىلغايمەن» (پانتۇسوف: «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر»، قازان شەھرى دارىلئۇلۇم ۋە ئەلفۇنۇن بەتبەسى، 1909-يىلى)، لېكىن ھازىر بۇ سۆز قوللىنىلمايدۇ .

ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، ھەدىسىنىڭ ئېرى «يېزنە» دېيىلىدۇ، لېكىن كۆپىنچە يەنە «ھەدەمنىڭ يولدىشى» دېگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى شەكىل قوللىنىلىدۇ. ئاكىسىنىڭ ئايالى «يەڭگە» دېيىلىدۇ. ئاچا-سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى ئۆزئارا «باجا» دېيىلىدۇ، ئاكا-ئىنىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۆزئارا «ئېپى يەڭگە» دېيىلىدۇ. لېكىن، ئۇدۇل چاقىرغاندا ئۇنداق

ئاتالماستىن، جىنسىغا قاراپ ئۆزىدىن چوڭلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئاكا، ھەدە» سۆزلىرى قوشۇپ ئاتىلىدۇ، كىچىكلىرى ئۆز ئىسمى بىلەن بىۋاستە ئاتىلىدۇ. ئىنىسىنىڭ ئايالى «كېلىن سىڭىل»، سىڭلىسىنىڭ ئېرى «كۈيئوغۇل ئىنى» دېيىلىدۇ، ئۇدۇل ئاتىغاندا «سىڭىل، ئىنى» دەپلا چاقىرىلىدۇ. لېكىن قومۇل شېۋىسىدىكىدەك «كۈي ئاكا، كۈي ئىنى» دېگەندەك قېلىپلاشقان شەكىل يوق، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ۋاستىلىق ئىپادىلىگەندە يەنە «ئىنىمنىڭ ئايالى»، «سىڭلىمنىڭ يولدىشى» دېگەندەك شەرھىلەش خاراكتېرىدىكى شەكىلمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئىلى شېۋىسىدە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىققا دائىر ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئاتالغۇلاردىن يەنە ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش، «ئۇرۇق-تۇغقان، جەمەت، جەددى-جەمەت، پۇشت، يەتمىش پۇشت، ئەۋلاد، ئەجداد» قاتارلىقلارمۇ بار. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە «پۇشت، يەتمىش پۇشت» سۆزلىرىگە كۆپىنچە مەلۇم دەرىجىدە سەلبىي تۈس قوشۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

### 6. يېرىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى

1) ئاپئاق ئاپا\ئاق ئاپا، ئاپئاق ھەدە\ئاق ھەدە

ئىلى شېۋىسىدە، چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا ياكى ھاممىلىرىنىڭ ئىچىدە ياشتا چوڭىنى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى ۋە ياكى ئۆزى ئامراق چوڭ ياشتىكى باشقا ئاياللارنى «ئاپئاق ئاپا» ياكى قىسقارتىپ «ئاق ئاپا» دەيدىغان؛ ھەدىلىرىنىڭ ياكى كېلىن ھەدىلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭىنى ياكى كۆپچىلىك ئورتاق ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى «ئاپئاق ھەدە» ياكى قىسقارتىپ «ئاق ھەدە» دەيدىغان ئادەت بار، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ئىپادىلىنىدۇ.

2) ساقا

«ساقا» سۆزى ئەسلىدە ئوشۇق ئويۇنىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئوشۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئىلى شېۋىسىدە بۇ سۆز تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى دائىرىسىدە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئائىلىدە ئاتا-ئانا ئوغلىنى، ئاكا، ھەدىلەر ئىنىسىنى كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىتىپ «ساقام» دەپ چاقىرىدۇ. ئادەتتە، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن سىرت باشقا كىچىك باللارنى ئەركىلىتىپ چاقىرىشتىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆز مەلۇم كىشىگە قارىتا دائىم ئىشلىتىلىۋېرىپ، كېيىنچە شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي باسىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: «ساقا ئاكا، ساقا دادا، ساقا بوۋا» دېگەندەك .

3) تاي

بۇ ئەسلىدە ئاتنىڭ بالىسىنى ئاتايدىغان سۆز بولۇپ، ئىلى شېۋىسىدە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى دائىرىسىدە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. يەنى ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ ئوغلى ياكى ئاكا، ھەدىلەر ئىنىسىنى ئەركىلىتىلىپ چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە «تۇرسۇنتاي، قۇربانتاي» دېگەندەك تەركىبىدە ئەسلىدىلا «تاي» سۆزى بار بولغان ئەرلەر ئىسمى قىسقىراپ، ھەم ئەركىلەتمە مەنىدە كېلىپ «تاي» ئاتىلىپ قالىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ئوغۇل باللار شۇنداق ئاتىلىۋېرىپ، كېيىنچە «تاي» سۆزى خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «ساقا» سۆزىگە ئوخشاش، شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: « تاي ئاكا، تاي دادا، تاي بوۋا» دېگەندەك .

4) گۈلى، ئاي

ئىلى شېۋىسىدە قىز پەرزەنت كۆپىنچە ئەركىلىتىلىپ «گۈلى» ياكى «ئاي» دەپ ئاتىلىدۇ، بولۇپمۇ «گۈلمىرە، گۈلقىز»، «مېھرىئاي، شىرىنئاي» دېگەندەك تەركىبىدە ئەسلىدىنلا «گۈل، ئاي» سۆزلىرى بار ئىسىملار قىسقىراپ، ھەم ئەركىلەتمە مەنىنى بىلدۈرۈپ «گۈلى» ياكى «ئاي» ئاتىلىپ قالىدۇ. بۇ سۆزمۇ كېيىنچە يۇقىرىقىدەك شۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: «گۈلى ھەدە، گۈلى ئاپا، گۈلى موما» دېگەندەك.

5) سۇلتانبەگ

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسى قاتارلىق جايلاردا نىكاھ توي مەزگىلىدە تويى بولىۋاتقان يىگىت ھۆرمەتلىنىپ، «سۇلتانبەگ» دەپ ئاتىلىدۇ .

6) يېڭى ھەدە

قاينۇق يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ئائىلىلەردە يېڭى كېلىن قېيىنى ئىنى-سىڭىللىرى تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، «يېڭى ھەدە» دەپ چاقىرىلىدۇ .

## 7. تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا ئائىت بىر قىسىم تىل ئادەتلىرى

ئىلى شېۋىسىدە، تۇغقانلار ياكى يات كىشىلەر ئارىسىدا بولسۇن، چوڭ ياشتىكىلەر كىچىك ياشتىكىلەرنى چاقىرغاندا ئىسمى بىلەن ئۇدۇل چاقىرىۋېرىدۇ ياكى ئالاقىدار تۇغقانچىلىق ئاتالغۇسى قوشۇلۇپ «بالام پالانچى، قىزىم پوكۇنچى» دەپ چاقىرىلىدۇ. كىچىك ياشتىكىلەر چوڭ ياشتىكىلەرنى چاقىرغاندا چوقۇم شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى قوشۇپ ئاتايدۇ، ئىسمىنى ھەرگىزمۇ ئۇدۇل ئاتىمايدۇ. ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمى قوشۇپ ئاتالغاندا كۆپىنچە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئۆز ئىسمىغا ئۇلىنىپ، ئاندىن ئاتا ئىسمى قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «مەمەتجىنكام سادىق» (مۇھەممەدجان سادىق ئاكا) ، «مەمەتجىنكام راشىدىن» (مۇھەممەدجان راشىدىن ئاكا) دېگەندەك .

قاينۇق يېزىسى قاتارلىق جايلاردا دادىسى ياكى ئاكىسى بىلەن قۇرداش كىشىلەرنى ئاتىغاندا قوللىنىلىدىغان «پالانچى ئاكا، پوكۇنچى دادا» دېگەن سۆزلەر ئادەت بويىچە ئىككىنچى شەخستە ئېيتىلىسىمۇ، لېكىن نۇتۇقتا كۆپىنچە ئوخشاشلا بىرىنچى شەخس مەنىسىنى بىلدۈرىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «تۇرسۇنداڭ كەلدى (تۇرسۇن دادام كەلدى)، غوپۇركاڭ كەمىدى (غوپۇر ئاكام كەلمىدى)» دېگەندەك .

شەخس ئالماشلىرىنىڭ 2-شەخس بىرلىك شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلى شېۋىسىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار ياكى يات كىشىلەرگە ئارىسىدا بولسۇن، يېقىن مۇناسىۋەتتىكىلەر چوڭلار كىچىكلەرنى ئادەتتە «سەن» دەپ چاقىرىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ھۆرمەت شەكلىدىكى «سىز» ئالمىشىنى ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنى ئاتىغاندا «سىز» قوللىنىلىدۇ، يېڭى تونۇشقان كىشىلەر ئارا «سىز» كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا «سەن»نى، قىز ئوقۇغۇچىلارغا «سىز»نى كۆپرەك قوللىنىدۇ. شەخس ئالمىشىنىڭ 2-شەخس بىرلىك ھۆرمەت شەكلىنىڭ «سىلى، ئۆزلە» قاتارلىق شەكىللىرى ئىلى شېۋىسىدە ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. قاينۇق يېزىسى قاتارلىق بەزى جايلاردا ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىسىلا ئۆزئارا «سەن»نى قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت .

باللار تىلىدا «دادا، ئاپا، ئاكا، ھەدە» سۆزلىرىنىڭ كەينىدە «ش» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن «داداش، ئاپاش، ئاكاش، ھەدەش» سۆزلىرى ياسىلىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەرنى پەقەت باللارلا قوللىنىدۇ، چوڭلار قوللانمايدۇ .

دېمەك، ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايوندا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قىسىم تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە تىل ئادەتلىرى بار. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆرمەت، ئەركىلەتمە ۋە ئۆزئارا يېقىنلىق تۇيغۇسى ئالاھىدە ئىپادىلىنىدىغان «ئاق ئاپا، ئاق ھەدە، سۇلتانبەگ، ساقا، تاي، گۇلى، ئاي» قاتارلىق ئاتالغۇلار باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تۇغقانچىلىققا دائىر ئۆزگىچە ئاتالغۇلاردۇر. ئۇندىن باشقا بىر قىسىم ئاتالغۇلاردىكى بەزى تاۋۇش ۋە بوغۇملارنىڭ قىسقىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن شەكىللەردىمۇ باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر بار، بۇ رايوننىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشتىكى بەزى تىل ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە .

يۇقىرىقىدەك، دىئالېكت-شېۋىلەردىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تىل ئادەتلىرىنى توپلاش، قېزىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى بېيىتىش، سىستېمىلاشتۇرۇش

ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ھەممە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى توغرا قوللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي خىزمەتتۇر. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ بۇندىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

ئىزاھاتلار:

1.بۇ ماقالا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نامىدىكى پوستدوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» (11BYY120) نامىدىكى تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.

پايدىلانمىلار:

1.يوڭ سوڭلى (كورېيە) «Türk dillerinde akrabalik adları» :(تۆركىي تىللاردا تۇغقانچىلىق ناملىرى)، تۆرك تىللىرى تەتقىقات بىر يۈرۈش كىتابلىرىنىڭ 15-قىسمى، سىمۇرگ نەشرىياتى، تۆركىيە ئىستانبۇل، 1999-يىل نەشرى.

2.王火、王学元：《汉语称谓词典》，辽宁大学出版社，1988年6月。

3. 颜秀萍：《维汉亲属称谓对比研究》，西北民族研究，1994年第2期。

4. 尼加提•苏皮：《试析维吾尔语伊犁次方言中的亲属称谓词及有关语言习俗》

(ئاپتورنىڭ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پوستدوكتورلار كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقات خادىمى: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور)

تەھرىرلىگۈچى: ئەكىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش

مەنسۇرجان تۇرسۇن

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي ناملىرى تىل، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مۇرەككەپ ھەم خىلمۇخىل ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇئەييەن چوڭقۇرلۇقنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەربىر يەر-جاي ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ھەم چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. يەر ناملىرىنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى دېگەندە، مەلۇم بىر تىل سىستېمىسى ياكى مەلۇم بىر تىل ئائىلىسىگە ئىگە يەر ناملىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، تۈزۈلۈشى، شەكلى، خۇسۇسىيتى، مەنىسى كۆزدە تۇتىلىدۇ ۋە تەتقىق قىلىنىدۇ. بىز نۇۋەتتە قوللىنىۋاتقان تىل- ئۇيغۇر تىلى، تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك فونېمىلاردىن تۈزۈلىدۇ. فونېمىلارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە بىرىكىشىدىن مورفېمىلار (تىلدىكى ئەڭ كىچىك مەنىلىك بۆلەك) ھاسىل بولىدۇ. مورفېمىلار بىلەن مورفېمىلارنىڭ ياكى تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن خىلمۇخىل يېڭى سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ تىل قانۇنىيىتىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ۋە مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1.تۈپ سۆزلەردىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى

تۈپ سۆزلەردىن تۈزۈلگەن يەر-جاي ناملىرى تىلىمىزدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن ، كۇچا، باي، لوپ، تېكەس... قاتارلىقلار.

2.قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر-جاي ناملىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

① «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان يەر ناملىرى. بۇ خىلدىكى يەر – جاي ناملىرى مەلۇم رايوندىكى كىشىلەر شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەر- كەسىپ ناملىرىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى نىسبەتەن كىچىكرەك بولىدۇ. مەسىلەن، بېلىقچى كەنت، كۆنچى مەھەللە، ئالچى (يىپەكچىلەر) مەھەللىسى، ساغرىچى مەھەللىسى... قاتارلىقلار.

② «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان يەر ناملىرى. بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى مەلۇم خىل شەيئىلەرنىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ياكى كۆپلىكى نوقتىسىدىن قويۇلغان ناملاردۇر. مەسىلەن، ئۈدانلىق، تازلىق، تىكەنلىك، ياڭاقلىق... قاتارلىقلار.

3.بىرىككەن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن يەرناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىمۇ تىلىمىزدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئىككى سۆزنىڭ ماس مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇلار ئۆز-ئارا بىرىككەندە ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

① «ئىسىم + ئىسىم» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن، گۈلباغ، مارالبېشى، مايمۇنتاش، چىتەنباغ...

② «سان + ئىسىم» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن، ئونسۇ، توققۇزتارا، بەشكېرەم، تۆتكۆل...

③ «سۈپەت+ ئىسىم» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن، قاراباغ، قاراماي، يېڭىسار، ئاقسۇ...

④ «رەۋىش+ ئىسىم» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن، ئۈستۈنئاتۇش، ئىچبەلتى، ئاراتۈرۈك...

⑤«ئىسىم+سان» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن،تۇرپانيۈز، جىلىليۈز، خۇدىياريۈز...

⑥ «ئىسىم+ پېئىل» شەكىلدىكى يەر ناملىرى. مەسىلەن، بوينى كېسىك، زەرەپشان، قاغىتۇر، قەستۇر...

4. سۆز بىرىكمىسى شەكىلدىكى يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى ئورۇن ياكى شەخسكە نىسبەتەن مەلۇم خىل تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ. «نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن يەنىمۇ تولۇقلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. مەسىلەن، مەممەتنىڭ جاڭگىلى، ھېكىمئاخۇن سېيى، ئاياغ كۆلئېرىقى، ھەزرىتى موللام مازىرى،... قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەدىمكى سودا كارۋانلىرىنىڭ ئوخشىمىغان جايلارنى پەرىقلەندۈرۈش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، مەلۇم ۋاقىتتا شۇ ئورۇندا يۈز بەرگەن بىرەر تاسادىپىي ۋەقە ئاساسىدا قويۇلغان. مەسىلەن، سەمەت غۇلىغان يەر، پايانىياز يىقىلغان تۈز، تۆگە ئۆلدى، تورپاق قاچتى... قاتارلىقلار. بۇ خىل يەر ناملىرى مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، سۆز بىرىكمىسى شەكىلدىكى يەر ناملىرى بولۇپ، ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسىنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى بويىچە بىرىكىپ كېلىدۇ. بېقىنىش-بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ماسلىشىدۇ.

## 2. يەر-جاي ناملىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى

«ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلى يەر ناملىرى ماكرولۇق تەرەققىيات ۋە مىكرولۇق ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تىل قۇرۇلمىسىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان. مەيلى قانداق تىل بولىشىدىن قەتئىينەزەر تىل تەبىئىي ھادىسىمۇ، شەخسىي ھادىسىمۇ ئەمەس. شۇنداقلا تىل بازىسقىمۇ، ئۈستقۇرۇلمىغىمۇ مەنسۇپ بولمىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇ نوقتىدىن قارىغاندا، تىلنى ئاساسى گەۋدە قىلغان يەر ناملىرىمۇ ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەنە شۇ ئىجتىمائىيلىقنىڭ مەھسۇلى.» ② دېمەك، يەر-جاي ناملىرىنىڭ تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر دەل يەر-جاي ناملىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدۇر. فونېتىكىلىق قۇرۇلما دېگەندە، نوتۇقتا ياكى يېزىقتا سۆزلەرنىڭ تاۋۇش بىلەن ئىپادىلىنىشى ياكى سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرىپلەرنىڭ بەلگىلىك قائىدە- قانۇنىيەت بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما فونېتىكىلىق قۇرۇلما دەپ ئاتىلىدۇ. يەر ناملىرى تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مۇشۇ خىل قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. فونېتىكا ئىلمى، يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ فونېتىكا ئىلمىنىڭ توققۇز تۈرى ئىچىدىكى تارىخى فونېتىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ئەڭ كۆرىنەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىخى فونېتىكا - تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى شۇ نام تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

مەيلى قانداق تىل بولسۇن، تىلنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن قارىغاندا، يەر-جاي ناملىرى ئۆز تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلتۈرگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

1. يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى

«ئاسسىمىلياتسىيە» دېگەن بۇ سۆز لاتىنچە «ئوخشىتىۋېلىش»، «ئوخشىماق» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، يەر ناملىرىدا بىر- بىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان ياكى تولۇق ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇشقا بولغان تەسىرىدە ئىككى تاۋۇش بىر- بىرىگە ئوخشاپ كەتسە ھەم شۇنداق قېلىپلىشىپ خاتىرىلەنسە، بۇنداق ئۆزگىرىشلەر يەر نامىلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «توققۇزتارا» ناھىيەسىنىڭ ئەسلى نامى «توققۇزدالا» بولۇپ، «دالا» سۆزى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا «تارا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، كېيىن شۇ بويىچە قېلىپلاشقان. ئەسلىدىكى «بوزدالا» نامىنىڭمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا «بۆرتالا» دەپ قېلىپلىشىشمۇ دەل تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسەيلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2. يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ دېسسىمىلياتسىيەسى

«دېسسىمىلياتسىيە»-لاتىنچە«چىقىشالماسلىق»،«ياتلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بىر- بىرىگە ئوخشاش ئىككى تاۋۇشنىڭ ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆزئارا چىقىشالماي باشقا بىر تاۋۇشقا ئۆزگىرىپ ئەسلىدىكى تاۋۇش بىلەن ياتلىشىپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «تەكلىماكان» ئەسلى «تەكتى ماكان» بولۇپ، تەرەققىيات جەريانىدا، ئەسلى نامدىكى «ك»،«ت» تاۋۇشلىرى ئۆزئارا ياتلىشىپ «ت» تاۋۇشنىڭ ئورنىنى «ل» تاۋۇشى ئىگىلىگەن. «توقسۇن» نامىمۇ ئەسلىدىكى «توقسان ياكى توقسەن» ناملىرىدىكى «ئا،ئە» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا بىر- بىرىنى ياتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى «ۇ» تاۋۇشى ئىگىلىگەن.

3.يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

تىلىمىزدىكى خېلى كۆپ ساندىكى يەر ناملىرىدا بەزى تاۋۇشلار ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، نۇتۇقتا ئېيتىلماي چۈشۈپ قالغان ۋە شۇ بويىچە قېلىپلىشىپ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئەسلىدىكى «كۇچار» نامىدىكى «ر» تاۋۇشى تەلەپپۇز جەريانىدا، «كۇچا» غا ئۆزگەرگەن ۋە شۇنداق خاتىرىلەنگەن. «يېڭى ھسار» نامىمۇ، تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىدا، «يېڭىسار» تەلەپپۇزى بويىچە قېلىپلاشقان.

4. يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

يەر ناملىرىدىكى بىر قىسىم كۈچسىز تاۋۇشلارنىڭ كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەسلىدىكى «ئەرتىش» نامى تەلەپپۇز جەريانىدا «ئە» تاۋۇشنىڭ «ئې» تاۋۇششىغا ئاجىزلىششى نەتىجىسىدە «ئېرتىش» قا ئۆزگەرگەن. ئەسلى نامدىكى «ياقا ئېرىق» تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى تەلەپپۇز جەريانىدا «ئې» غا ئاجىزلىشىپ «ياقېئېرىق» قا ئۆزگەرگەن.

5.يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ دېسسىمىلياتسىيەسى ۋە چۈشۈپ قېلىشى

يەر-جاي ناملىرى تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلاردا ھەم دېسسىمىلياتسەيلىشىش ھەم چۈشۈپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆزگىرىش بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن، ئەسلىدىكى «ياركەنت» نامى ھازىرقى دەۋردە «يەكەن» نامىدا قېلىپلاشقان بولۇپ، بۇ نامدىكى

‹‹ر›› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ‹‹ن›› تاۋۇشى ‹‹ر›› تاۋۇشنى ياتلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە ‹‹يەركەنت›› كە ئۆزگەرگەن كېيىنچە ‹‹د›› ياكى ‹‹ت›› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

6.يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئالمىشىشى

‹‹ئارتۇچ›› نامى تەركىبىدىكى ‹‹ر›› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ‹‹ش›› تاۋۇشى ‹‹چ›› تاۋۇشىغا ئالمىشىپ ‹‹ئاتۇش›› نامىدا قېلىپلاشقان. قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ‹‹ئاچچىق بەلدۇ›› نىڭ ئەسلى نامى ‹‹ئاچچىق بالدىر›› بولۇپ، تەركىبىدىكى ‹‹ئا،ر›› تاۋۇشلىرى ‹‹ئە،ئۇ›› تاۋۇشلىرىغا ئالماشقان ھەم بىر ‹‹ئى›› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

7.يەر ناملىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئالمىشىشى

‹‹بارىكۆل›› نىڭ ئەسلى نامى ‹‹بالاكۆل›› بولۇپ، تەلەپپۇز جەريانىدا تەركىبىدىكى ‹‹ل، ئا›› تاۋۇشلىرى ‹‹ر، ئى›› تاۋۇشلىرىغا ئالماشقان ۋە ئاجىزلاشقان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن، يەر ناملىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خىلمۇخىل ئاتىلىشى، ئۇلارنىڭ تىل قانۇنىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك. يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمى ئەمەلىيەتتە يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش قاتلىمى ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل مەنە، ئوي- پىكىردە بولىدۇ. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، تىل ئادەتلىرى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە تارىختا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلار يەر ناملىرىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىغا ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### 3. يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى

يەر ناملىرى سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. يەر ناملىرى ئۆزى مۇستەقىل بىرلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ سۆز تومۇرى، سۆز ئۇلانمىلىرى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن تۇراقلاشقان بىرلىك. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تىل ئۆزىگە خاس تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتۈش ئارقىلىق سۆز ۋە سۆز تۈركۈملىرىگە ئايلىنىش جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان يەر ناملىرىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرگەن.

يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى دېگەندە، ئەڭ مۇھىمى جۇغراپىيەلىك گەۋدىلەرگە بېرىلگەن ئاتاش ئادەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى يەنى، سۆز قۇرۇلمىسى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى، شەكلى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن يەر-جاي ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى، مەقسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ يەرنىڭ تۈزۈلۈش ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، مەلۇم بىر تىلغا تەۋە يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، دائىرىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك.

يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، بىرلا مىللەت تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشنى، تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى جۇغراپىيەلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرگە ۋە نوقتىلارغا قويۇلغان ھەرخىل تىلدىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، چەتئەل تىلىدىكى يەر ناملىرى، خەنزۇ تىلىدىكى يەر ناملىرى، مىللىي تىللاردىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلار يەر ناملىرىنىڭ تىل شەكلىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ. ئېلىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بەزى جۇغراپىيەلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، مۇڭغۇل يەر

نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى تىل سىستېمىسىغا ئاساسەن، ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى يەر نامىلىرى، تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى يەر نامىلىرى، خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسىدىكى يەر نامىلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى يەرنامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، قازاق تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، خەنزۇ تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، موڭغۇل تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تاجىك تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، قىرغىز تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، شىبە تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە چەتئەل تىلىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى دېگەن سەككىز خىل تىل تۈزۈلۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى يەرنامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەركىزى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر نامىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ مۇھىم تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يەرنامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل. پەقەت تىل نوقتىسى يەنى، تىل شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن يەرنامىلىرى ئاجايىپ رەڭدار تۈستە بېزەلگەن بولۇپ، ئۇلار تاق سۆزلۈك، جۈپ سۆزلۈك ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدىكى ۋە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن يەر نامىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە شەكىلگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. ئېتىقاد شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار تۆتىم مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت. شۇ سەۋەپتىن، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر – جاي نامىلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى شۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئاساسىدا قويۇلغان. بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

1) تۆتىم ئېتىقادىغا ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى ئەڭ قەدىمكى يەر نامىلىرىدىن بولۇپ، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، تەڭرىتاغ، قارا كۆل، بۆرە تاغ... قاتارلىقلار.

2) بۇددا دىني ئېتىقادىغا ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، دامگو (دارماگوپتا)، گۇجان (گۇجاندۇ)، گۇلاخما (گۇلاھى)، سۇمانا... قاتارلىقلار.

3) ئىسلام دىني ئېتىقادىغا ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرىنى مەنە جەھەتتىن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ① ئىسلام دىني ئۆرپ- ئادەتلىرى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، مەسچىتدۆڭ، خانقا ئېرىق، ئىسلامىيۇزى، مەسچىتگېرەم... قاتارلىقلار. ② دىني ئەمەل-مەنسەپ نامىلىرى بىلەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، خەلپەم بۇلىقى، خەلپە سايباغ، ئىماملىرىم، دوتەي ئىمام...قاتارلىقلار. ③ ئىسلام دىني رىۋايەتلىرى ئاساسىدا قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، ئەزەندۆڭ، مەشەت، گۇما، چىقتىم... قاتارلىقلار.

2.قوۋۇم- قەبىلە نامىلىرى بىلەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، قالۇق، قاچۇن، توخۇلا، مۇغاللا... قاتارلىقلار.

3. ھايۋانات-ئۇچار قۇشلارنىڭ نامى ئاساسىدا قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، توغرال، كەكلىلىك چۆل، جەرەنبۇلاق، قوڭغۇرغا... قاتارلىقلار.

4. ئەمەل-مەنسەپ نامىلىرىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، جەڭگىلەر (ئەمەلدارلار) مەھەللىسى،بەگلەر مەھەللىسى، خانىيايلاق، مىرزا مەھەللىسى، موللازادە مەھەللىسى... قاتارلىقلار.

5.بايلىق زاپىسىغا ئاساسەن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، قارا يۇزى، كان، باي، تىرەك، كۆمۈركانبازىرى... قاتارلىقلار.

6. مەلۇم بىر رايون كىشىلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىشىدىن كېلىپ چىققان يەرناملىرى. قومۇل شەھىرى ئارا تۇرۇك ناھىيەسىگە تەۋە باي يېزىسى، ئەسلى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيەسىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. «ئۈچتۇرپان» نىڭ ئەسلى نامى «ئۈچ» بولۇپ، كېيىن تۇرپاندىن «ئۈچ» قا ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە «ئۈچتۇرپان» غا ئۆزگەرگەن.

7. تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، قارا قوشۇن، بارگاھ، لەشكەر قوم، ناغراخانا... قاتارلىقلار.

8. تاساددىبى يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئاساسىدا قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، سەممەت غۇلىغان يەر، ياپانىياز يىقىلغان تۇز، تۆگە ئۆلدى، تورپاق قاچتى... قاتارلىقلار.

9. قەبرىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، ئالتۇنلۇق، كۆمۈش، يالغۇز قەبرە كەنتى، موللازادە كەنتى... قاتالىقلار.

10. دەريا- كۆللەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، كۇنەس، باغراش، قاراقاش، ئايكۆل، يېگىئېرىق. قوشئېرىق، بېشئېرىق.. قاتارلىقلار.

11. لەقەملەردىن كەلگەن يەر ناملىرى. مەسىلەن، تېپىش مەھەللە، چۇناق قاچا، كۇرۇكلەر مەھەللىسى، شاپاقچىلار مەھەللىسى... قاتالىقلار.

12. ھۈنەر- كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، كۆنچى مەھەللە، بېلىقچى كەنت، ئىگەرچى، سۇقا مەھەللە، قازانچى مەھەللە.. قاتالىقلار.

13.مەمۇرىي- لەشكەر ئاپاراتلىرى نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، دوغامەھەللە، جاجاڭ مەھەللە، ھاسار مەھەللە، خەزىنىچى ئۆي كەنتى... قاتارلىقلار.

14. چارۋاچىلىق ناملىرى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، قەستۇر، كاتتايايلاق، يارقۇتان، خانيايلاق... قاتارلىقلار.

15. قۇنالغۇ-ئۆتەڭلەرنىڭ ناملىرىدىن كېلىپ چىققان يەر ناملىرى. مەسىلەن، باشلەڭگەر، بۇغاز لەڭگەر، قۇۋۇز ئېغىزى، مۇز داۋان، يولچىلار... قاتارلىقلار.

16. جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى. بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شەكلى، مەنزىرىسى، ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى، ئورنى ۋە ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن خىلمۇخىل جۇغراپىيەلىك سۈپەتلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: 1) جۇغراپىيەلىك شەكلىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، بۇرۇلتوقاي، تۇغبەلچى، كىچىك قوشلاش، سۇقا شەھەر... قاتارلىقلار. 2) جۇغراپىيەلىك مەنزىرىسىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، غولتوغراق، تامتوغراق، ئېۋىرغول، كۆكدۆۋە، نەزەر باغ... قاتارلىقلار. 3) جۇغراپىيەلىك دائىرىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، پەنجىم، يېيىق، بەشدۆڭ، توققۇزتارا... قاتارلىقلار. 4) جۇغراپىيەلىك ئورنىغا ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، ئاراتۇرۇك، دارتاغ، قۇمباش، ياقائېرىق، دۆڭ مەھەللە، تۆۋەن مەھەللە... قاتارلىقلار. 5) جۇغراپىيەلىك سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، تامتوغراق، تاز ئېرىق، تېتىر، سىڭىكىم،... قاتارلىقلار.

17. سۈپەتلەش ئاساسىدا قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، مىسكىنمازار، قىززىقدەرۋازا، قاراڭغۇتاغ، نۇرئېرىق... قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى يەر ناملىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىپ قويۇلغان يەر ناملىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەبىئىيلىكى يوق، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئېڭىيەسىدە ئەكس ئەتكەن مەنىۋى

ئالاھىدىلىكتۇر.

18. ھەربىي ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، پوتەي كەنتى، قوشدۆڭ، دۆشتۇر، تاشقورغان، جىمسار... قاتارلىقلار.

19. شۇ يەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، ياڭاقلىق يېزىسى ، ئۆرۈكلۈك يېزىسى ، چىلانلىق يېزىسى ، ئۈزۈمچىلىك يېزىسى... قاتارلىقلار.

20. دائىرە جەھەتتىن كەڭ بولغان ئوتياش ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن يەر نامىلىرى. مەسىلەن، شاپلىق، شەخشۇ، كورتى، مادانلىق، ئۇدانلىق... قاتارلىقلار.

21. كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، بۇيامەت، مەمەتنىڭ جاڭگىلى، ھېكىم ئاخۇن سېيى، خېلىل قۇدۇق، توختاھاجى كارىز... قاتارلىقلار.

22. كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، جۈمە بازار، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار... قاتارلىقلار.

23. باغۋەنچىلىك نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، گۈلباغ، ھەرەمباغ، ئايباغ، قاراباغ،چىمەن بازار .. قاتارلىقلار.

24. بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، كونا شەھەر، يېڭى بازار، يېڭى يول، كونا يول، يېڭى ياقائېرىق.. قاتارلىقلار.

25. سىموۋۇللۇق ئۇسۇل بىلەن ئاتالغان يەر نامىلر. مەسىلەن، دانقانكۆل، قازان قولاق، ئالتەشار مەھەللىسى، تۇغبەلچى... قاتارلىقلار.

26. يېڭى دەۋر ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، ستالىن كوچىسى، بەخت كوچىسى، يېڭى ھايات مەھەللىسى، ياشلار كوچىسى... قاتارلىقلار.

27. ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى. مەسىلەن، ئازادلىق يولى، قۇرۇلۇش يولى، تەرەققىيات رايونى، مەدەنىيەت كوچىسى... قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئىزدىنىش مۇشكۇل ھەم قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا ، چەكلىك دائىرە ئىچىدە يېزىلغان بۇ ماقالىدە بەزى يۈزەكى كۆز قاراشلارنى يىنىكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئۇستازلارنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىر بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئىزاھاتلار:

① شىرىپجان قاسىم: (( ( دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك) تە خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم يەر نامىلىرى))[J]، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1992- يىللىق 1-سان، 79-بەت.

② نەسرۇللا يولبولدى: ((تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر))[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 28-،32-بەت.


پايدىلانغان ماتېرىياللار :

[1] قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان: ((يەر نامىلىرى ئىلمى))[M]، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى، 2000- يىل 1-ئاي 1- نەشرى.

[2] قۇربانجان ئابلىمىت نۇرۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: ((شىنجاڭ يەر نامىلىرى ئېتىمولوگىيىسى))[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

2001ـ يىل1ـئاي 1ـ نەشرى.

[3] ئىياز كېرىمى، زۇبەدە ساتتار: ‹‹دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە››[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006ـيىل 6ـئاي 1ـ نەشرى.

[4] خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: ‹‹تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى››[M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989ـ يىل 6ـئاي ئۈيغۇرچە نەشرى.

[5] شېرىپجان قاسىم: ‹‹ ‹ تۈركىي تىللار دىۋانى› دا خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم يەر ناملىرى››[J]،‹‹ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى››، 1992ـ يىللىق 1ـسان.

[6] ئۇ. ھەسەن تەرجىمىسى: ‹‹شىنجاڭ يەر ناملىرىدىن مەدەنىيەتكە نەزەر››[J]، ‹‹شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى›› 1990 ـيىللىق 1ـ سان.

[7] ئىمىن تۇرسۇن: «بۇلاقتىن بىر ئوتلام»[M]، قەشقەر خەلق نەشرىياتى، 2000ـيىل 1ـئاي نەشرى.

[8] غوجائەخمەت يۇنۇس: «تىل ـ تەرجىمە ۋە ئاتالغۇلار توغرىسىدا» [M]، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 1996ـيىل نەشرى.

[9] ئابدۇكېرىم راخمان،تۇردى ناسىر: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەرناملىرى لۇغىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـيىل نەشرى.

[10] قۇربانجان روزى: «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ھەققىدىكى ئىزدىنىش»[J]، ‹‹شىنجاڭ ياشلىرى›› 1996ـيىللىق 1ـسان .

[11] رەۋيدۇللا ھەمدۇللا: «يەر ـ جاي ناملىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»[J]، ‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››1993ـيىللىق 4ـسان .

[12] پەرھات كازىمى: «كارىز ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»[J]، ‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى›› 1994ـيىللىق 4ـسان .

[13] ئابلىمىت مۇھەممەت: «شىنجاڭدىكى بىر قىسىم جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى»[J]،‹‹ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى››، 2001ـيىللىق 2ـسان .

[14] ئىسمايىل تۆمۈر: «ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى تارىخى يەر ناملىرى» [J]، ‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››،2004ـيىللىق 1ـسان.

[15] ئابدۇخېلىل ئابدۇراخمان: «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرناملىرى توغرىسىدا»[J]، ‹‹تىل ۋە تەرجىمە›› 2006ـ يىللىق 2ـسان .

[16] مۇھەممەت ئوسمان: «شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا »[J]، ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى››، 1996ـيىللىق 1ـسان.

[17] غەيرەتجان ئابدۇللا: «شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۇلاردىكى بەزى ئۆلانمىلار توغرىسىدا»[J]، ‹‹شىنجاڭ تەزكىرىسى››، 1994ـيىللىق 3ـسان.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009ـيىللىق 3ـسىنىپ ئوقۇغۇچىسى )

تەھرىرلىگۈچى:ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ياڭ فۇشۆ

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىلىغا نەزەر

تەرجىمان: رەيھانگۈل ئابلىز

ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە باي بىر مىللەت، تارىختا مەزمۇنى مول، ژانىرى خىلمۇ-خىل كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن .بۇ ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلگەن دەۋرلەردىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئومۇمەن ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1. ئورقۇن دەۋرى (840ـ يىللىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن بۇرۇن ) . 2. بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان دەۋرى .3 .ئىسلام دىنى دەۋرى.

بۇ ماقالىدە ئىككىنچى دەۋر، يەنى بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نىستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقالغان دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبى ئەسەرلەر ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان. يېزىق جەھەتتە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلگەن (مەزكۇر ماقالىدىكى بايانلار ‹‹قۇتادغۇبىلىگ›› ، ‹‹قىسسەسۇل ئەنبىيا» ،‹‹مىئراجنامە›› قاتارلىق ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىغا ئىگە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، پەقەت ئاز بىر قىسىم ۋەسىقىلەر مانى يېزىقىدا ۋە باشقا يېزىقلاردا يېزىلغان.

ئۈچىنچى، كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك، ھازىرغىچە كۆرۈلگەنلىرى ئاساسەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ـ20 ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەشتئاتا، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھۆججەتلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كۆپى يازما ماتېرىياللار بولۇپ، يەنە مەلۇم مىقداردىكى باسما ماتېرىياللارمۇ بار.

تۆتىنچى، شېئىرىي ئەسەرلەر ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نىستورىيان دىنىغا ئائىت شېئىرلار، ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ھېكمەتلەر، ۋەز ـنەسىھەتلەر ۋە مەرسىيە قاتارلىق كۆپ مىقداردىكى خەلق قوشاقلىرىمۇ بار②.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار كېيىنكى كۈنلەردە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېتىقادىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەنلىكتىن، بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نىستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر كەينى كەينىدىن كەڭ كۆلەملىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەدرىجى ھالدا ئىستېمالدىن قېلىشى بىلەن، 15ـ ئەسىردىن كېيىن (خېشى ئۇيغۇرلىرىئېتىقادىنى بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتمىگەنلىكى ئۈچۈن، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ ـ17 ئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن) قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئوخشاشلا تەدرىجى يوقۇلۇپ، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ھېچ كىشى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنمىدى. 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20ـئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىكى زور ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى خەلقئارا ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ يېڭىباشتىن دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى .زور

مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىلىشى ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئالاقىدار بىر تۈركۈم مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى .ئەسىر ئالمىشىش باسقۇچىدا تۇرغان مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە پەيتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىغا قايتىدىن نەزەر تاشلاش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ بېرىشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە .

غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ئەسەرلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىياتقا ئائىت ماتېرىياللارنى چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىر قىسمى، تەرجىمە ئەسەرلەر. مەسىلەن، نوملار، مانى دىنى دەستۇرلىرى، نىستورىيان دىنى دەستۇرلىرى .يەنە بىر قىسمى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئىجادىي ئەسەرلەر. تەرجىمە ئەسەرلەر گەرچە بۇددا دىنىغا ئائىت بولسىمۇ لېكىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، 10- ئەسىرلەر ئەتراپىدا بېشبالىقلىق داڭلىق ئۇيغۇر تىلشۇناس، تەرجىمان سىڭقۇسەلى (胜光法师) ②نىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە③. دىنغا ئائىت مۇھىم ئەسەرلەر ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى پىقىر ئايرىم يېزىپ بايان قىلىپ بولغاچقا، گەپنى ئۇزارتماستىن كېيىنكىسىگە ئۆتىمەن④. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەتقىقاتى ۋە توپلىنىشىدا ئەڭ باشتا ئاتاقلىق تۈركشۇناس رەشىت رەھمەت ئارات (阿拉特) نىڭ ‹‹قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار›› ( -1965يىل، ئەنقەرە) ناملىق كىتابىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئارات ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، قاپىيەداش شېئىرلارنى نەسرلەرنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىققان. 12- نومۇرلۇق ۋەسىقىدىن تېپىلغان، نامسىز شائىر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بارلىق‹‹پىرانىيا پاراستا خىرىدا يا سۇترا ››般 (若波罗密多经 )نى مەدھىيە ئوقۇلغان شېئىرلارنى رەتلەپ كۆچۈرۈپ چىققان. يازغۇچى كىسۇيا (C isuya )كېيىن، ئارات‹‹ شىن توزىن ئوقاتاچى نوم›› (说心性经) ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرغاندا، بۇ شېئىرلارنى ئىلاۋە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. رەت نومۇرى.⑤(Or. 8212_108

پېتىرسېمى :‹‹قەدىمكى تۈركچە نەزمىلەر›› دىكى 16- ، 20- نومۇرلۇق ۋەسىقە ئەمەلىيەتتە ‹‹سامان تەبھادرا سەريا پىرانىھانا›› ›› (行愿 ) (普贤نىڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 24- نومۇرلۇق ھۆججەتتىمۇ‹‹سامان تەبھادرا سارىيا پىرانىھانا››⑥نىڭ ياغاچ ئويمىلىق ئىلاۋىسى بار. لېكىن 18- نومۇرلۇق ۋەسىقە ‹‹ئالتۇن يارۇق›› (金光明经)نىڭ 5- بۆلۈمىنىڭ شېئىرلەشتۈرۈلگىنى، ⑦ئۇنىڭ ئاپتورى يۈەن سۇلالىسىدىكى ئاتاقلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئالىمى كۇيكۇي kuikui (夔夔) دۇر -دەپ قارىغان.

كۇيكۇي kuikui (夔夔) ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك شەخسلەرنىڭ بىرى. ئارات ئېلان قىلدۇرغان ياغاچ ئويما مەتبەئە بويۇمى‹‹ئامىتا يود خىيانا سوترا›› ⑧(无量寿经观) نىڭ قالدۇق پارچىسىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن يېزىلغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. خەنزۇچە يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى نەسرى شەكلىدە بولۇپ، كۇيكۇي تەرىپىدىن شېئىرى شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ نۇۋەتتە بىلىنگەن بىردىن بىر دەلىل⑨ .كېيىنچە كۇيكۇي بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان .كۇيكۇي ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان بۆلەكلىك باش قاپىيە شەكلى بىلەن يازغان، شۇڭا بىر قىسىم بۆلەكلەرنى قىسقارتىش ياكى باش قاپىيەگە ماسلىشىدىغان بەزى سۆز ئىبارىلەرنى تەڭشەش، قوشۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

كۇيكۇيدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئەنزاڭ (安藏) ۋە ناتىرى (必兰纳识里) بار، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ‹‹يۈەن سۇلالىسى تارىخى››

دىن ئورۇن ئالغان .ئەنزاڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۈەن شى زۇڭ (元世祖) پەرمان قىلىپ، ئەنزاڭدىن قېپقالغان بارلىق كىتاب، قوشاق، شېئىر، مۇناجات، قەسىدە، ئون توملۇق نەسىر قاتارلىقلارنى ياغاچقا ئويۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئېيتقان ⑩. ئەپسۇسكى، يۈەن شى زۇڭ تىلغا ئالغان يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسى ساقلىنىپ قالمىغان .كۈنىمىزدە ئۇچرىتالىغانلىرىمىز ئەنزاڭنىڭ ئىجادى ئەسەرلىرىدىن پەقەتلا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ‹‹ئون ساۋاپلىقنى مەدھىيەلەش›› (赞十种善行) ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان‹‹سامان تاباب ھاددا سارىياپرانى ھانا››(晋圣行愿赞) بار .(M 208 T3) ‹‹ساۋاپلىقنى مەدھىيەلەش›› جەمئىي ئون تۆت بۆلەك بولۇپ، ھەربىر بۆلەك سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان، ھەممىسى باش قاپىيەدە كەلگەن، ‹‹بۇددا ۋاتامىساكاماخا›› غا مەدھىيە ئوقۇلغان.

بۇ شېئىرلار بۈيۈك بېرتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزىم شېئىرلىرى توپلىمى . رەت (نومۇرى Or.108_8212 )نىڭ 33_34_ بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ⑪.يەنى، تۈركىيە ئالىمى ئارات تۈزگەن ‹‹قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار››ناملىق كىتابتىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ .گېڭ شىمىن بۇ ئەسەرنىڭ تەركىبىدىكى 9 پارچىنى تەرجىمە قىلغان⑫.بۇ ئەسەردە سۆزلەر دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن، مەنە مۇكەممەل، گىراماتىكىسى راۋان، تىلى يېغىنچاق بولۇپ، بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى ناھايىتى لايىق بىر تەرەپ قىلىنغان، ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە .

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت شېئىرلار توپلىمىنىڭ قالدۇقلىرىدا، ناتىرى خەنزۇچە يېزىلغان بۇددا دىنى ئەسەرلىرىگە تەتبىقلاپ ئىجاد قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلار توپلىمى ‹‹سامان تابھادرا سار ياپىرانى ھانا›› نى كۆرەلەيمىز .كىتابنىڭ54ـ ، 56ـ بەتلىرىدە جەمئىي50 بۆلەك بار بولۇپ، ھەربىر بۆلەك تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا نامسىز شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان ‹‹ 35 بۇتقا ئېھتىرام›› (向三十五佛致敬) ، (36ـ 46ـ بەتلىرىدە)، جەمئىي 35 بۆلەك، ھەر بىر بۆلىكى 8 مىسرادىن تەركىپ تاپقان، بۇ نامسىز شائىر ھەرپ تەرتىپى بويىچە يېزىپ چىققان 21 بۆلەك 8 مىسرالىق شېئىر، 47ـ 51ـ بەتلىرىدە ۋە جىسۇيا تۇتۇڭ C isuya tutung يازغان ‹‹ئالتە پىرامىتاغا مەدھىيە›› (歌咏六波罗蜜) نىڭ 15 بۆلەك 4 مىسرا ( 53ـ 51ـ)بەتلەر قاتارلىقلار بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەنگەن دەۋردە، شېئىر ئىجادىيىتى ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر ئىجادىيەت شەكلى بولۇپ قالغان. شەكىل جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى باش قاپىيە، ئەمما ھەر مىسرادىكى بوغۇم سانىنىڭ تەڭ بولۇشىغا ئانچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتىلمىگەن. ئاز بىر قىسىم ئەسەرلەردە باش قاپىيە ۋە ئاياغ قاپىيە تەڭ قوللىنىلغان .كېيىنكىسى كۆپىنچە ئوخشاش گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى تەكرارلاش بىلەن چەكلەنگەن. باش قاپىيەدە كەلگەندە، ھەربىر مىسرا شېئىرنىڭ بېشى ياكى ئوخشاش بىر سوزۇق تاۋۇش ،لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش قاپىيەداش ھېسابلانغان، مەسىلەن، o ۋە u قاپىيەداش، ö بىلەن u مۇ قاپىيەداش ھېسابلانغان، ياكى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش ياكى پۈتكۈل شېئىر ئوخشاش بىر باش قاپىيەدە ياكى مىسرالارغا ئاساسەن باش قاپىيە ئۆزگەرگەن. بۇ ئەدەبىي شەكىل خەلقئارادىكى تۈركولوگىيە ساھەسىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان، مەسىلەن، گېرمانىيەلىك پېتېر سىمى⑬ ، ئېلىمىزدىن گېڭ شىمىن⑭قاتارلىقلار مەزكۇر ئەدەبىي شەكىلگە ئائىت ئەسەر يېزىپ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

پېتېرسىمىنىڭ يىگىدىن نەشرىدىن چىققان‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزىم شېئىرىيىتىدە باش قاپىيەلىك شېئىرلار›› ناملىق ئەسىرىدە ئۇزۇن قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان 60 خىل ۋەسىقە بار بولۇپ، ئاساسلىقى ۋەزنىلىك ئەسەرلەرنىڭ يىغى قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت، مەزمۇنى ھېكايە، قەسىدە، تەمسىل، سەرلەۋھە ۋە باشقا ژانىردىكى

ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ، كۆپلىگەن مەزمۇنلار تېخى ئايرىپ چىقىلمىدى. ئارىسىدا ھەتتا بەزى بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنى مەدھىيىلەيدىغان قەسىدىلەر بار (39-نومۇرلۇق ھۆججەتكە ئوخشاش).

شوگايىتو ماساخىرو (庄垣内正弘) بۈيۈك بېرتانىيە كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان 75A -8212 or -نومۇرلۇق كىتابنى توپلىدى .بۇ ۋەسىقە ئۈچ پارچە باش قاپىيەلىك شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى بۇددا دىنى مۇرتلىرى ‹‹شەپقەتچى›› نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دېكلاماتسىيە قىلىدىغان تەمسىلگە ئوخشايدۇ .كىشىنى ئېچىنمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى، مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر خانلىقى ئەينەن تىلغا ئېلىنىدۇ⑮.

1980- يىلى سىناشى تېكىن گۆيمەت مۇزېيى (فرانسىيەنىڭ پارژىكى ئەڭ چوڭ ئاسىيا قىتئەسى سەنئەت مۇزېيى) دا ساقلانغان 4521.P نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرنى شەرھىلىدى⑯.بۇ 181 بۆلەك باش قاپىيەلىك تۆت مىسرالىق شېئىردىن تەركىب تاپقان ئەسەر بولۇپ، ساداپىرارودىتا (常啼) بىلەن دېھرا مورگايا (法上) نىڭ رىۋايىتى سۆزلەنگەن. ئەگەر بىز سانسكرىت تىلى بىلەن يېزىلغان ‹‹پرانىيا پارامىتا خىزىدايا سوترا››نىڭ 31 -30 -قىسىملىرىنى⑰قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرنىڭ ئېنىقلا تەرجىمە ئەسەر ئەمەسلىكىنى كۆرىۋالالايمىز .ئەينەن بۇ ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار قىمىت قىلىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ئەسەر خەنزۇچە نۇسخىسى(شېئىر ژانىرىدا بولىشى ناتايىن) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. يۇقىرىقى ئەسەر بىلەن خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر ‹‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى››دۇر. ئەڭ دەسلەپتە يېئ⑱(于阿尔) ۋە پېللىئوت⑲(伯希和) ئېلان قىلغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئورخۇن (奥尔昆) تۈركچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان⑳.كېيىنچە خاملتون (哈密顿)[21]بۇ ئەسەر ئۈستىدە قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىدىكى كۆپلىگەن خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن. نىيۇرۇجى[22 [خاملتون ئىشلىگەن نۇسخىغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان. بېرلىندا ساقلانغان قىسمى پېتېرسېمى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.[23 [دېيۆت كوكىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ ئەسەرگە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ،-1998 يىلى تۈركچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان، بۇ قېتىملىق نەشرىدە ئەسەرگە ناھايىتى تەپسىلى ئىزاھلارنى قوشۇمچە قىلغان.[24]

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ دراما سەنئىتىمۇ يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تىياتىرلار تىلغا ئېلىنغاندا، كىشىلەر تەبىئى ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر دىرامىسى، تۇرپان ۋە قومۇلدىن تېپىلغان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى ‹‹ مايتىريا سامىتا ناتاكا ››نى ئويلايدۇ . ‹‹مايتىر ياسامىتا ناتاكا ›› نىڭ كۆپ قىسمى ھىنايانا بۇددىزىمىنىڭ ‹‹سامانتاپا ئېقىمى(毗婆娑派) ›› غا تەۋە سەھنە ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ماھايانا بۇددىزىمىنىڭ قاراشلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالغان .بۇ سەھنە ئەسەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان پارچىلاردىن ھازىرغىچە يەتتە خىلى بايقالغان بولۇپ، ئىككى خىلى تۇرپان سىڭگىمدىن، يەنە ئىككى خىلى مورتۇقتىن، قالغان ئىككى قىسمى تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر جايىدىن تېپىلغان .1959 - يىلى قومۇلدىن بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان يەنە بىر كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تېپىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بىر پارچە مۇقەددىمە ۋە 25 پەردە تولۇق تېكىستتىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمىسى ئادەتتىكى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ساخاۋەتچىلەر يازغان مۇناجاتلار بولۇپ، تولۇق تېكىست قىسمىدا ئاساسلىقى ‹‹مايتىرى سىمىتا›› نىڭ ھاياتلىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان .بۇ دراما بۇددا پېرسوناژلارنىڭ ۋەزلىرىگە تايىنىپ بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقىتىپلا قالماستىن، درامىدا تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى، تولۇق ۋە مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى يارىتىش ئارقىلىق

مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا سەھنىدە ئورۇنداش شەكلى بىلەن جانسىز بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى كونكېرت جانلىق ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن.[25]

<<مايتىريا سامىتا ناتاكا>> نىڭ ئەسلى نۇسخىسى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە سامىتسۇ ئاچارى (智护法师) تۇخرى تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پاتانراكسىت (圣月大师) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۇخرىچە <<مايتىريا سامىتا ناتاكا>> نىڭ بىر نەچچە خىل نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نۇسخىسىدا بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ <<مايتىريا سامىتا ناتاكا>> ئىكەنلىكىنى، <<ناتاكا>> دېگەن سانسكرىتچە سۆز بولۇپ،" سەھنە ئەسىرى "" ھېكايە" دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى تۇخرى تىلىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ھەر بىر كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن دىراما ئوينىلىدىغان ئورۇن، پېرسوناژلار ۋە ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا بۇ ئەسەرنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.[26] لېكىن قومۇلدىن تېپىلغان نۇسخىسىدا ئاھاڭ ۋە پېرسوناژلار كۆرسىتىلمىگەن. پەقەت دىراما ئوينىلىدىغان ئورۇن كۆرسىتىلگەن. قەدىمكى تۇخرى تىلىدىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبى ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، << مايتىريا سامىتا ناتاكا >> ئەسلىدە بىر پۈرۈش 27 پەردىلىك بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى قومۇل نۇسخىسىدا ھازىرغىچە 25 كۆرۈنۈش ساقلىنىپ قالغان، 26 — 27 -كۆرۈنۈشلىرى كەم، لېكىن ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇقەددىمە قىسمى كۆپ. تۇخرى تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان <<مايتىريا سامىتا ناتاكا>> نىڭ بايقىلىشى دۆلىتىمىز قەدىمكى تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ھىندىستاندىن كېلىپ چىققان تىياتىر ئورۇنلاشنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان <<چاشتانى ئىلىك بەگ>> نىڭ ھېكايىسىبولسا قىيۇق ھېكايە تۈسىنى ئالغان ئەسەر بولۇپ، بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان .ئاساسلىق مەزمۇنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بولۇپ، چاشتانى ئىلىك بەگ خەلقىنى چۇما كېسىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى چايان شەھىرىگە بارىدۇ،<< ئالۋاستى رىكساس>> نىڭ رەزىللىك بىلەن چاشقان باكتېرىيەسىنى چېچىپ خەلقنى قەستلەۋاتقانلىقىنى ۋە خەلقنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىدۇ، ئاخىر ئالۋاستىنى يېڭىپ خەلقنى قۇتقۇزغانلىقىدەك ھېكايە سۆزلىنىدۇ [27] . ئەسەرنىڭ تىلى باشتىن ئاخىرىغىچە شۇنداق گۈزەل، لېكىن يەنىلا خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس ساددىلىقنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر دەۋرىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.[28]

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەجمى بىرقەدەر چوڭ بۇددا دىنى كىتابلىرىمۇ بار، بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە تەزجان (铁慈江)رەتلەپ چىققان بىر پارچە تەمسىللىك ھېكايە ۋە <<مايتىرى سىمىت>> قا مەدھىيە ئوقۇلغان بىر پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70 بەتلىك بىر كۆچۈرمە نۇسخا بار.[29] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ناھايىتى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن، خەلقنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، شۇنىڭ

بىلەن بىرگە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن ھېكايە ۋەقەلىكلىرى ۋە تېمىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا قارىتا مۇستەقىل ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا تۆرتكە بولغان، بۇ ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتقان.[30]

تۆۋەندە بىز بىر قىسىم مانى دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىنچە قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە نەزمىلەرنىڭ ئەسلى قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭمۇ بارلىقى بايقالدى.[31] بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە دىققەتنى ئەڭ جەلىپ قىلىدىغىنى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر پارچە پاترا نومى ۋەسىقىسى، بۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئېلان قىلدۇرۇلۇش ئىشىنى لىكوك (勒柯克) تاماملىغان، ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ بەش بېتىنى يېشىپ چىققان.[32] ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر ۋەسىقىدە مانى دىنى قەسىدىلىرىگە ئائىت مەزمۇنلار بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان.ۋىلىيام باڭ (邦格)ۋە گابايىن خانىم (葛玛丽) تەكشۈرۈپ ئىلغاش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا بىلىنگەن بارلىق مانى دىنىغا ئائىت قەسىدىلەرنىڭ پارچىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ،‹‹ قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكستلىرى›› (ئادەتتە ئىخچاملاپ ‹‹تۇرپان تېكستلىرى›› دېيىلىدۇ) 3-توم ، (پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمى ژۇرنىلىغا بېرىلگەن،1930 -يىل، 183-بېتىدىن 211- بەتلەر) دە 178 قۇر مەزمۇننى ئېلان قىلغان .كېيىن رېشىت رەھمەت ئارات بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى قايتىدىن رەتلەپ چىققان، ‹‹ قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار›› نىڭ يەتتىنچىسىدە بۇ ئەسەرنى ئۆلچەملىك ئىملا قائىدىسى ۋە مۇرەببە شەكلىدە تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرغان1931- .يىلى باڭ يەنە بىر قانچە قالدۇق بەت پارچىلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان.[33] قالغان قىسمى كېيىن گابايىن خانىم تەرىپىدىن ‹‹تۇرپان تېكستلىرى››(TTT) نىڭ-9 توم‹‹بېرلىن گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەجمۇئەسى››،-1956 يىل-2 سان، بېرلىن،1958 -يىل 7 -نومۇرلۇق ماتېرىيالدا ئېلان قىلىنغان .مەزكۇر ماتېرىيالدا، ۋېنت (文特) بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى كۆسەن تىلىدا يېزىلغان بىر قەسىدىنى قايتىدىن سىستېمىلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى .ئامېرىكىلىق ئالىم كلارىك يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان نەتىجىلەر ئاساسىدا، بۇ قەسىدىلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ ئەسەرنىڭ قۇرۇلما سىخېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.[34 ]

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت باش قاپىيەلىك شېئىرلاردىن جەمئىي 149كۇپلېت بار بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىسپاتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن تۇرسۇن ئايۇپ ئەپەندى بۇنىڭ ئىچىدىكى 50 نەچچە كۇپلېتنى تونۇشتۇرۇپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردى.[35 [قالغان 90 نەچچە كۇپلېت قاھار بارات ئەپەندى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.[36].

نېستورىيان دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ گىرىتسىيەنىڭ مەشھۇر ئەدەبى ئەسىرى ‹‹ئىزوپ مەسەللىرى›› مۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىردى، بەزى بۆلەكلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ .ھازىرغىچە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىدىكى ئەسەر جەمئىي 10پارچە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە T Ⅱ a نومۇرلۇق يازمىدا 18 مىسرا ساقلانغان بولۇپ، 1922- يىلى لىكوك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.[37] راسونىي ۋەسىقىلەرنىڭ كېلىش مەنبەئى، تەخمىنى تارقىلىش يوللىرى ۋە ئۇلار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ماقالە ئېلان قىلغان.[38] قاھار بارات بۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان.[39]كېيىن پېتېرسېمى بىرلىندا‹‹تۇرپان يادىكارلىقلىرى›› نىڭ ئىچىدىن يەنە 8 پارچە ‹‹ئىزوپ مەسەللىرى›› نىڭ يېڭى پارچىلىرىنى تاپقان ھەمدە 1968 -ئېلان قىلغان. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم:

| No | نۇمۇرى | فورماتى | مىسرا |
|---|---|---|---|
| 1 | T Ia (U 319) | كەمتۈك بىر بەت يۈزى 24cm×14 | 30مىسرا |
| 2 | T ID 30 (u193) | كەمتۈك بىر بەت يۈزى cm11×9 | مىسرا |
| 3 | T ID 30 (u195) | كەمتۈك بىر بەت يۈزى 13.5cm×10 | 20مىسرا |
| 4 | T ID 30 (u192) | كەمتۈك بىر بەت يۈزى cm11 ×8 | 18مىسرا |
| 5 | T ID 30 (u194) | كەمتۈك بىر بەت يۈزى 12×9 cm | 16مىسرا |
| 6 | M ainz313 D 170 | ئېنىق ئەمەس | 14مىسرا |
| 7 | M ainz349 | ئېنىق ئەمەس | 14مىسرا |
| 8 | U318 | كەمتۈك بىر بەت يۈزى cm11×11.5 | 14مىسرا |

يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئىچىدە ئاخىرقى ئىككىسىنىڭ تېپىلغان ئورنى ئېنىق بولمىغان، قالغان قىسمى تۇرپان بۇيلۇقتىن تېپىلغان.[39] ئۈچ يىلدىن كېيىن پېتېر سىمې يەنە بىر پارچە ‹‹ئىزوپ مەسەللىرى››نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پارچىسىنى تاپتى. بۇ پەقەت بىر بەت بولۇپ، نومۇرى

[40] (Tx u29) . ‹‹سەنت گېئورگىنىڭ شەھىت بولۇش خاتىرىسى ›› دېگەن ئەسەرنىڭمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بار بولۇپ، (T IIB I u320) نومۇرلۇق قالدۇق پارچىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەسەر لىكوك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.[41]كېيىن باڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، لىكوكنىڭ تەرجىمىسىدىكى بەزى يازمىچە خاتالىقلارنى تۈزەتكەن،[42]قاھار بارات بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.[43] كېيىن پېتېر سىمىمۇ مۇشۇ ئەسەر بىلەن مەزمۇنى ئوخشاش بولغان (T IIB 6215 Ru5179) ۋە (T IIB u1870) نومۇرلۇق قالدۇق پارچىنى بايقىغان ئىدى. ئالدىنقىسىنىڭ ئوڭ يۈزىدە 5 قۇر، ئارقا يۈزىدە 2 قۇر خەت بولۇپ، بىر ئادەم سۈرىتىمۇ چۈشۈرۈلگەن؛ كېيىنكىسىنىڭ ئالدى ئارقا يۈزىدە 6 قۇردىن خەت بار ئىدى.[44] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ‹‹سەنت گېئورگىنىڭ شەھىت بولۇش خاتىرىسى ›› دېگەن ئەسەردە سەنت گېئورگىنىڭ جازاغا تارتىلىش ئالدىدا قىلغان تىلاۋىتى تەسۋىرلەنگەندە، كۆپراق تۆۋەندىكى: ‹‹ئەگەر كىمكى ئۇنىڭغا مۇھتاج بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرسىلا ئۇ شۇ ھامان ھازىر بولۇپ ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقى››دەك مەزمۇنلار كۆزگە چېلىقىدۇ.[45] شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلۇغ - شەپقەتچى ئاۋالىكىتېشۋەرا بىلەن سەنت گېئورگىنىڭ كارامىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالايمىزكى، بۇ ئەسەر بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىچكى موڭغۇل قاراقورۇم شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان سۈرىيان ئېلىپبەلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نىستورىيان دىنى كىتابىنىڭ پارچىسىدا، خىرىستوسنىڭ ئازاب چەككەنلىكىدەك ۋەقەلىك يېزىلغانلىقى بايقالغان.[46]

دىندىن خالى ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەن، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹‹ئوغۇزنامە›› تۈركولوگلارنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتقان بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان نەسرى شەكىلدىكى قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، ھازىرغىچە پەقەت بىر پارچىسىلا پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. نومۇرى .suppl turc 1001 باش ۋە ئاخىر قىسىملىرى قىسمەن كەمتۈك، يۈزى13 ×19 cm ، جەمئىي 21 بەت، ئارقا ئالدى بەتلىرىدە 9 قۇردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بار. مەزكۇر ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قەدىمىيلىكى، تىلىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن بايقىلىش بىلەنلا خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە قاراتقان، ئەڭ دەسلەپتە 19 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گوللاندىيەلىك دىس(狄茨) بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى،{47}كېيىن رىزا نۇر[48] (里扎.努尔)، پېللىئوت(伯希和)، [49]

بالىق، رەھمەتى [50] شىرباخ (谢尔巴克) ۋە گېگشمىن [52] قاتارلىق تەتقىقاتچىلار قايتىدىن تەرجىمە ۋە تەھلىل ئېلىپ باردى. «ئوغۇزنامە»،قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى.[53] تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قەدەر قەدىمىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالېكساندىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك موڭغۇل يېزىقىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەردە [54] بىر قانچە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بايقالدى.[55 ]بۇ بېيىتلارنىڭ ئىچىدە «تۇقانلارنى سېغىنىش» ناملىق بېيىت ئارانلا 7 بۆلەك 28 مىسرا ، لېكىن يېزىلىشى ناھايىتى چىرايلىق، ناھايىتى تەسىرلىك. [56] ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە ماقال -تەمسىلمۇ بار.[57] بۇلار بىردەك ئوخشاش بىر كەمتۈك پارچىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 108 -8212 or نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى شېئىرلار توپلىمى ئارىسىدا بىر كۇپلېت بۇدداھ ئىبادەتخانىسىنىڭ گۈزەل، خىلۋەت جاي ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت لىرىكىسى بار.[58] تىلى پىششىق، ناھايىتى مەنىلىك، رىتىملىق، جۈملىلىرى گۈزەل بولۇپ، تەبىئەتنى مەدھىيەلەشنى مەزمۇن قىلىپ، تاغ-داۋانلارنى كۈيلەيدۇ، ئەركىن ئازادە ھالدا ئېرىقلارنى، ئۇچار -قۇشلارنى، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېس قىلغۇسىز سۈكۈناتىنى، خىلۋەتلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ، ماھىيەتكە قايتقۇزۇپ، دۇنيادىن ئايرىپ زاھىتلىققا[59] يەتكۈزۈشتەك بۇددا دىنى پەلسەپىسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئېتىكاپ مەنزىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ، بىر قاراشتا كىشىنى مەھلىيا قىلىپ، پانىي ئالەمگە زوق، چەكسىز مەنىدارلىق ئۇرغۇتىدۇ .بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسەر دەپ قارىلىدۇ.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، دەسلەپكى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ئارىسىدا ئىككى كۇپلېت دىنىدىن خالى شېئىرمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى or8212-119 نومۇرلۇق شېئىردا جەمئىي 12 قۇر يازما ساقلانغان، مەزمۇنى نىستورىيان مۇخلىسىنىڭ يوھانغا يازغان خېتى بولۇپ، مىسرالار ئاياغ قاپىيەدە كەلگەن بولۇپلا قالماي، ئالدىنقى 2 -مىسراسىدا باش قاپىيە قوللىنىلغان .بۇ ئەسەرنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق، ھەم يېزىلغان دەۋرى بىر قەدەر بالدۇر بولغانلىقتىن ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.[60] ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ماقال -تەمسىللەرمۇ بار بولۇپ،[61] دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

«جاتاكا» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ھىندى رىۋايەتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىمۇ بار، ئاسىيادا كەڭ تارقالغان«يامارايانا»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى بايقالغان، لېكىن بۇ كۆچۈرمە نۇسخا بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۇزۇك بولغانلىقتىن ئۇنى ئوقۇش ناھايىتى قىيىنغا توختىغان.[62]

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارىسىدا يەنە بىر قانچە ھىندىستانىنىڭ داڭلىق ئەدەبى ئەسىرى «پانچا تانترا» (بەش توملۇق چۆچەك يەنى «پەنجنامە») بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بايقالغان. ھازىر ساقلانغان قىسمى 8 پارچە بولۇپ جەمئىي 215 قۇر، تەتقىقات قىلىپ ئايرىش ئارقىلىق بۇ ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى شىر بىلەن كالا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان ھېكايىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ھېكايە بۇددا دىنى ھېكايىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەنمۇ يوق؟ بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇنى كېلىسلى (盖斯勒)بىلەن پېتېرسېمى بىرلىشىپ نەشر قىلدۇرغان[63]. ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلق باللار چۆچەكلىرىنىڭ پېرسوناژ ئالاھىدىلىكى، ھېكايە مەزمۇنى، مەركىزى ئىدىيەسى «پانچا تانترا» بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .مەسىلەن،«پانچا تانترا» نىڭ بىرىنچى توم 18- ھېكايە «قۇشقاچ بىلەن پىل» ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «پىلنىڭ ئۆلىمى» بىلەن ئوخشاش .«قۇشقاچ بىلەن پىل» دا قۇشقاچ، تۆمۈر تۇمشۇق، چىۋىن، چارپاقا قاتارلىق

جاندارلارنىڭ ئىتپاقلىشىپ، ئۇستىلىق بىلەن بىر چوڭ پىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ، ‹‹پىلنىڭ ئۆلۈمى››بىلەن ‹‹قۇشقاچ بىلەن پىل›› نىڭ مەزمۇنى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما قۇشقاچ ۋە تۆمۈرتۇمشۇق پاشىغا ئالماشقان . ئۇندىن باشقا ‹‹ پانچا تانترا ››دىكى ‹‹كەپتەر شاھ›› ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ‹‹تاش توخۇ››، ‹‹بەنجنامە››دىكى ‹‹تاللىغۇچى چاشقان›› بىلەن ‹‹مەغرۇر مەلىكە››، يەنە‹‹بەنجنامە››دىكى ‹‹يىلان ۋە چۆمۈلە›› بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئوخشاش نامدىكى چۆچەكلەردە ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ‹‹ پانچا تانترا ›› ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن .

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىر ئەسىردىن بۇيان ئىلىم-پەن ساھەسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا كىشىنى خوشال قىلارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. غەرب دۇنياسى بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق رولنى ئوينىدى، بولۇپمۇ گېرمانىيە ئۆزىنىڭ ئەڭ مول بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى بولدى، لىكوك، باڭ، مۇللېر، گابائىن ، پېتېرسېمې قاتارلىق داڭلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرى مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ، پېتېر سىمېنىڭ مۇۋاپىقىيىتى بەك زور بولدى .گېرمانىيەدىن باشقا تۈركىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ھۇنگىرىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى ئارقىمۇ —ئارقا مەيدانغا كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى باشلانغان، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات تېخىمۇ كېيىن باشلاندى، ئاساسەن 1978- يىللاردىن كېيىن تۇتۇش قىلىندى. ئەمما قىسقىغىنە 30 يىل ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشتەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلدى .گىلڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى(قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) تەتقىقاتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىبارىغا ئېرىشتى .ئۇندىن باشقا، لى جىڭۋېي، ئىسرائىل يۈسۈپ، قاھار بارات، دولقۇن قەمبىرىي، ئابدۇقەييۇم خوجا، نىيۇرۇجى قاتارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭمۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇ نەتىجىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 21 — ئەسىردىكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى.

ھازىر بىز كۆرەلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ سانى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپ قىسىم ئەسەرلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدىكى تەتقىقات بولسۇن داۋاملىق ھالدا قېزىش، رەتلەش، تەقرىزلەش باسقۇچىدا تۇرماقتا، سىستېمىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى ئاز، پەقەت پېتېر سىمېنىڭ يېقىندا نەشر قىلدۇرغان ‹‹تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قاپىيەلىك شېئىرلار ›› ( بوداپېشت.1999) دېگەن كىتابى تەتقىقات ۋە تەقرىز تەڭ ئېلىپ بېرىلغان، يىغىلىققا ئىگە، خۇلاسە خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىشىنىمەنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېپىلىشى ۋە تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئارقىسىدا يۇقىرى سەۋىيەلىك قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقات نەتىجىلەر جۇغلانمىسى چوقۇمكى، دۆلىتىمىزدە روياپقا چىقىدۇ.

---

پايدىلانمىلار:

②گابايىن خانىم: ‹‹ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى تۈرك ئەدەبىياتى››، ‹‹شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى›› نىڭ-5 توم ،-1نۇمۇرىدىن ئېلىندى. 1963 - يىلى ، - 228 -207 بەتكىچە.

②بۇرۇن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىڭقۇسەلى ياكى شىڭقۇسەلى دەپ ئېلىناتتى .كېيىن خازىچى بىر قىسىم قەدىمىي ئۇيغۇرچە مەتبەگە ئويۇلغان ئەسەرلەردە ئۇيغۇرچە خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا «بۈيۈك ئۇزۇمچى » دەپ ئېنىق يېزىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر بىر بەتتە يەنە «ئۇستاز ھەزرىتى سىڭقۇ سالى» دېگەن خەت شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى بايقىدى.

③ لالۇ يىلۇ : « ئەدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى ئەدەبىياتى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» نىڭ1992 -يىل 1- سانى ،12- بەتتىن19- بەتكىچە.

[4] «قەدىمى ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ 100 يىلىغا نەزەر»، «شەرىق بۇددىزىمى» قاتارلىق ماقالىلەر.«دۇنخۇاڭشۇناسلىق» 1990 -يىلى2- سانىدىن ئېلىندى .

⑤ سىناشى تېكىن: « يۇۋەن دەۋرىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى»، بۇداپېشت، 1980- يىلى ،143- بەتتىن150-بەتكىچە.

⑥ پېتېرسىم: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى باش قاپىيەلىك شېئىرلىرى» ، «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى» بېرلىن،1985-يىلى ، 13-نومۇرلۇق ۋەسىقە .

⑦ رېشىت رەھمەت ئارات: «قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار » ئەنقەرە، 1965- يىلى، 19- ، 20- نومۇرلۇق ۋەسىقە.

[8] «يۇۋەن تارىخى » 43 -توم، بېيجىڭ،3413- بەت.

[9] «چىڭ شۈ لوۋ توپلانمىسى» 9 –توم

[10] رېشىت رەھمەت ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى » ،72 -بەتتىن78 -بەتكىچە.

[11] رېشىت رەھمەت ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى » ،72 -،-78بەتلەر.

[12] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن تاللانما » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1982 -يىل،67-،68-بەتلەر.

[13] پېتېر سىمې: «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى رېتىملار ھەققىدە» ، «شەرقشۇناسلىق» ،29- سانى، 197 - يىلى ،187-،211-بەتلەر.

[14] گېڭ شىمىن: «قەدىم ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ رېتىمى ۋە شەكلى ھەققىدە »،247- ،263 -بەتلەر.

[15] شوگەيتو ماساى ھىرو: «پۇسا نومى– ئاۋادانا ھەققىدە»،«شەرق ئوكيان گېزىتى» نىڭ 58- تومى 1- ،2 -سانى،1976 -يىلى،1-بەتتىن 37-بەتكىچە، خوشى چەتئەل تىللىرى تەتقىقات مەركىزى1982- يىلى.

[16]تېكىن:«يۇۋەن دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا ۋەسىقىلىرى» 2 – بۆلۈم،« ساداپىراروديتا ۋە دىھرامورگايانىڭ ھېكايىسى » ، بۇداپېشت،1980- يىل، 151-بەتتىن 291 - بەتكىچە.

[17] تالاڭ شەن مىڭ:«پىرانىيا پارامىتا خىزىدايا سوترا»،( سانسكرىتچە نۇسخىسى كامبرىج) ،1976- يىلى،118- بەتتىن129- بەتكىچە.

[18] يۇئېر: «تۈركچە يېزىلغان قەدىمى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئاكا-ئۇكىلارنىڭ بۇددىزىم ھېكايىسى»،« ئاسىيا ئىلمى ژۇرنىلى» 1914-يىلى، - 5 بەتتىن7 -بەتكىچە.

[19] پېللىئوت: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «خېۋەرلەر ژۇرنىلى» نىڭ15 -توم ،1914 -يىل،225- بەتتىن272- بەتكىچە.

[20] ئورخۇن: «ئۇيغۇرچە ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى »، ئىستانبۇل، 1940-يىلى.

[21] خاملتون: «دۇنخۇاڭ نۇسخىسىدىكى ئۇيغۇرچە «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى » » ، پارىژ،1971 -يىلى

[22] نيۇ رۇ جى: «ئۇيغۇرچە «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»ھەققىدە تەتقىقات » ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى »،1991-يىلى، -1سان،111-بەتتىن 130- بەتكىچە.

[23] پېتېرسىم: «تۇرپاندىن تېپىلغان«ئۇيغۇرچە ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى »، «شەرق ئىلمى ژۇرنىلى»، 28 -توم،1974 -يىلى،263-بەتتىن 268-بەتكىچە.

[24] تېكىن: « يۇۋەن دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى»، 151 -بەتتىن161 -بەتكىچە.

[25] ئىسرايىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى،ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار رەتلىگەن: «قەدىم ئۇيغۇرچە مايتىرى سىمىت » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى: گېڭ شىمىن ،كلىمكايت: «قومۇل نۇسخىسىدىكى مايتىرى سىمىت نىڭ ئالدىنقى بەش بابى ئۈستىدە تەتقىقات» 2-توم،1987- يىلى

[26] بامۇباچى: «قەدىمكى تۈرك تىياتىرى ئويۇنى ھەققىدە»، سىنو:«ئالتاي مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ھەققىدە »،1963- يىلى،87-بەتتىن 117-بېتىگىچە.جى شەنلىن :«دۇنخۇاڭ-تۇرپاندىكى توخرى تىلى ئۈستىدە تەتقىقاتقا مۇقەددىمە »،«دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇقەددىمە مەجمۇئەسى-6 »،تەيبېي،شىنۋېنفىڭ نەشرىيات شىركىتى،1993 – يىل ،48 -63-بەتلەر.

[27] مۇللېر: ‹‹ ئۇيغۇرشۇناسلىق››4- توم،‹‹ پىروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمى ژۇرنىلى›› ،1931-يىلى ،680-بەتتىن-699 بەتكىچە؛ ئىسرائىل يۈسۈپ: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹چاشتانى ئىلىك بەگ ھېكايىسى››، ‹‹شىنجاڭ سەنئىتى›› ،1979-يىلى7 -سان؛ ئورالقان، قۇرمانقالى‹‹ بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات- ‹چاشتانى ئىلىك بەگ ھېكايىسى› ››، ‹‹شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ژۇرنىلى ››(قازاقچە)، 1993 -يىلى ،1-سان، 86- بەتتىن92- بەتكىچە.

[28] ۋەسىقە نومۇرى (TIII m 228 (ch/u 7370 ،گابايىن : ‹‹تۇرپاندىن تېپىلغان بويۇملار ئارىسىدىكى باسما نۇسخا››، ‹‹گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرنىلى››، 1976-يىلى،1- نومۇرلۇق ھۆججەت)نىڭ28 -بېتىدە تىلغا ئېلىنغان.

[29] ياڭ فۇ شۆ: ‹‹بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى››،‹‹ جوۇ شاۋ لياڭ ئەپەندىنىڭ 90 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتالغان ماقالىلەر توپلانمى››، جوڭخۇا كىتابچىلىقى، 1997- يىلى،397-404 -بەتكىچە.

[30] گاناپىن : ‹‹قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى››، ‹‹ تۈرك تىلىدىن ئاساس›› 2 -توم، ۋىسبادىن، 1964- يىلى، 232- ، 233 - بەتلەر.

[31] لىكوك: ‹‹قوچودىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنى ۋەسىقىلىرى››، 3 - بۆلۈم،‹‹ پىرىستانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ماقالىلىرى››، 1922-يىلى، 3-نۇمۇر ھۆججەت) ،39- نۇمۇرلۇق ، ۋەسىقە.

[32] باڭ: ‹‹مانى دىنى مۇناخلىرى،‹‹ موزېي››، 44-توم، 1931- يىلى،24-بەتتىن35- بەتكىچە.

[33] كىلارىك: ‹‹مانى دىنىنىڭ قەدىمكى تۈركچە پالما سۇتراسى››، ‹‹ قەدىمكى شەرق تەتقىقاتى ›› ، 9 - توم، 1982-يىلى، 145- بەتتىن 218-بەتكىچە.

[34] گېڭ شىمىن ،تۇرسۇن ئايۇپ: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى مەدھىيەسى›› ‹‹بۇلاق›› ژۇرنىلى، 2-سان، 1981- يىلى.

[35] قاھار بارات : ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى شېئىرلىرى››، ‹‹بۇلاق››، 1983- يىلى،ئومۇمىي-10سان،1-بەتتىن-35 بەتكىچە.

[36] لىكوك: ‹‹قوچودىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنى ۋەسىقىلىرى››، (‹‹ پىروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ماقالىلىرى››، 1922-يىلى، 3 -سان)، بېرلىن،1922 — يىل،44 -نومۇرلۇق ۋەسىقە،33 — بەت.

[37] راتسىۇئى: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹ئىزوق مەسەللىرى›پارچىسى››، ‹‹ ۋىزانتىيە - يېڭى گرېتسىيە يىلنامىسى››، 7-سانى ،1930-يىلى، 429-بەتتىن443- بەتكىچە.

[38] قاھار بارات: ‹‹خىرىستىيان دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى››، ‹‹شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى››1986-يىلى3- سان ، 72 -74-بەتلىرى.

[39] پېتېرسىمي:‹‹تۈركچە ‹ئىزوق مەسەللىرى› پارچىسى ››، ‹‹شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنى خاتىرىسى››،14-تومى، 1968-يىلى، 45-بەتتىن67-بەتكىچە.

[40] پېتېر سىمي : ‹‹ ‹ئىزوق مەسەللىرى› ئوتتۇرا ئاسىيادا››، ‹‹ قەدىمى دەۋر››، 17-توم، بېرلىن، 1971- يىلى، 40- بەتتىن42- بەتكىچە.

[41] لىكوك : ‹‹تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە نېستورى دىنى ۋە مانى دىنى يازمىلىرىنىڭ پارچىسى››، ‹‹پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمى ژۇرنىلى1909-يىلى،1205- بەتتىن 1208- بەتكىچە.

[42] باڭ: ‹‹بىر پارچە تۈركچە نېستورىيان دىنى‹ سانتگىئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى›نىڭ پارچىسى››، ‹‹ مۇزېي››، 39-توم، 1926-يىلى، 41- بەتتىن 75- بەتكىچە.

[43] قاھار.بارات :‹‹نېستورىيان دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋەيازما يادىكارلىقلار››، ‹‹ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى، 69-بەتتىن 71-بەتكىچە.

[44] پېتېرسىمي:‹‹تۈركچە خرىستىيان دىنىتوغرىسىدىكى TIIbl ۋەسىقىسىغە تولۇقلىما››، ‹‹ قەدىمكى شەرقشۇناسلىق تەتقاتى›› 5-توم، 1977-يىلى،272- بەتكىچە.

[45] ئاسمىسن: ‹‹ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياداگۈللىنىشتىن بۇرۇنقى سوغدى تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر— تۈرك تىلىدىكى خرىستىيان دىنى ۋەسىقىلىرى››، خېيكىس قاتارلىقلار تۈزگەن‹‹ ھىندىشۇناسلىق ۋە بۇددازم تەتقىقاتى — پرۇفېسسور شىي دې جوڭنى خاتىرىلەش ئىلمى ماقالىلەر توپلىمى››، كانبېررا1982- يىلى ،22-بەت.

[46]بېرنگىروس: ‹‹قارا شەھەر ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان سۈرىيە — تۈركچە ۋەسىقىلەر پارچىسى››، ‹‹شەرق خىستورىيان دىنى تەقرىزى››، 30-توم، 1935 -1936-يىللىرى، 3-بەتتىن 49-بەتكىچە.

[47] دېس: ‹‹يېڭىدىن تېپىلغان ئۇغۇزنامە ئېپوسى ››، بېرلىن،1819- يىلى.

[48] رىزا.نۇر:‹‹ئوغۇزنامە -تۈرك ئېپوسدۇر››، ئىسكەندەرىيە،1928- يىلى.

[49] پېللىئوت: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئوغۇزخان رىۋايىتى ھەققىدە چۈشەنچە››، ‹‹خەۋەرلەر››، 27-توم، 1930- يىلى،247-بەتتىن 358-بەتكىچە.

[50] بالڭ، رەھمەت: ‹‹ئوغۇزخانرىۋايىتى››، ‹‹ پىروسسىيە ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى››، 1932-يىلى، 25-نومۇر، 683- بەتتىن 724-بەتكىچە.

[51] شرباخ: ‹‹ئوغۇنامە››، موسكۋا،1959 -يىلى.

[52] گېڭ شىمىن:‹‹ ئوغۇزنامە››، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،-1982 يىلى.

[53] خاۋ جۈن: ‹‹ئاي كۆڭدىن -كۆڭگە تولار—— قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق مۇۋاپىقىيەتلىرى››،‹‹ دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ماقالىلەر توپلىمى››، كىتاپ ۋەسىقىلەر نەشرىياتى،1996- يىلى، 450- بەتتىن 451- بەتكىچە.

[54] خانس : ‹‹بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدىكى مۇگىغۇلچە ۋەسىقىلەر››(II )، ‹‹ بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى1959-يىلى1- نومۇر، بېرلىن،39- بەتتىن 48-بەتكىچە.

[55] ۋىلليام بالڭ،رىشىد رەھمەت ئارات: ‹‹ قەدىمكى تۇرپان خەلق ناخشىلىرى››، ‹‹بۈيۈك ئاسىيا ››، 1933- يىلى، 129- بەتتىن 140-بەتكىچە.

[56] گېڭ شىمىن تەرجىمىسى: ‹‹ قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدىن تاللانما ››، 25-بەتتىن28- بەتكىچە.

[57] رىشىد رەھمەت ئارات: ‹‹قەدىمكى تۈركچە شېئىرلار››34-نومۇرلۇق ۋەسىقە.

[58]گېڭ شىمىن : ‹‹ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما ››،29-بەتتىن32- بەتكىچە

[59] شۆ زوڭجېڭ: ‹‹ئىدىقۇت قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيتىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى››، ‹‹شىنجاڭ مىللەتلىرى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، 1985- يىلى، 2-سانى،43- بەت.

[60] خاملتون: ‹‹9 — ۋە 10- ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي توپلىمى››، 1-توم، پارىژ، 1986-يىلى،77-بەتتىن92- بەتكىچە؛ نيۇۋ رۇجى: ‹‹ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شېئىرىيەتچىلىك ئالاھىدىلىكىگە نەزەر››، ‹‹ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى›› 1991- يىلى، 3– سان، 103-بەتتىن 107- بەتكىچە؛ ياڭ فۇ شۆ، نيۇ رۇجى: ‹‹شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى››، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1995-يىلى،125-بەتتىن126- بەتكىچە، 208- بەتتىن209- بەتكىچە.

[61] ياڭ فۇشۆ: ‹‹دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماقال -تەمسىللەر››، ‹‹ئىجتىمائىي پەنلەر››، 1994-يىلى،4-سان،-52-بەتتىن 54-بەتكىچە.

[62] پېتېر سىيمى: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە‹ ياماراييانا ›نىڭ پارچىسى››، ‹‹ شەرق ئىلمى ژۇرنىلى››، 32- توم، 1978- يىلى ، 30-بەت.

[63] كىلىسىل، پېتېر سىيمى: ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹پانچا تانترا› نىڭ پارچىسى››، ‹‹تۈركولوگىيە ژۇرنىلى››، 2-توم، 1970-يىلى، 32-بەتتىن 70-بەتكىچە.

[64] مۇھەممەتتۇرسۇن تۇردى: ‹‹پانچا تانترا› ۋە ئۇيغۇرخەلق چۆچەكلىرى››، ‹‹قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى1995- يىل، 2-سان.

تەھرىرلىگۈچى :ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپۈنگۈ ياغاچ ھەرپلەر ھەققىدە

پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن تىلغا ئېھتىياجلىق بولغان، ئاندىن تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا يېزىققا ئېھتىياجلىق بولغان. ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتلارنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىقنى خاتىرلەيدىغان مەتبەئەگە ئېھتىياجلىق بولغان .

باتۇر ئەمگەكچان، پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خەت- رەسىملەرنى مەقسەت -تىلەكلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىياتاشلارغا، ئۆڭكۈرلەرگە ئويۇش، تاش-ياغاچلارغا ئابىدە پۈتۈش ھەمدە ئېلىم-بېرىم، نەسىھەت ھەم ۋەسىيەتنامىلىرىنى پۈتۈشكە ئىشلىتىپ كەلگەن ئىدى. مىلادىيەنىڭ ئالدى -كەينىدە ئەجدادلىرىمىز بۇ ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىپ، يىپەك رەخت، شايى-دۇردۇنلارگە خەت پۈتۈشكە يۈزلەنگەن. بىراق بۇ نەرسىلەرنىڭ تەنەرخى بەك يۇقىرى بولغاچقا ئادەتتىكى ئاۋام خەلق ئۇنۇملۇك پايدىلىنالمىغان. دېمەك، يېزىق- ئىنسانلارنىڭ تىلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، تۇرمۇشقا قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىشقا تۈرتكە بولغان.

ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىياتلار جەريانىدا يېزىقنىڭ ئالاھىدە رولى ھەققىدە: « تىلنىڭ جارچىسى - يېزىق، يېزىقنىڭ جارچىسى مەتبەئە، مەتبەئەنىڭ جارچىسى - كىتاب-ژۇرناللاردۇر.» - دەپ ئىلمىي يەكۈن چىقارغان. تىل ئېغىز ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. بىراق ئېغىز ئارقىلىق چىققان ئاۋازنى ئېغىزدا دەققىمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ ھەمدە ئۇ ئاۋازنى ئېغىزدا يىراق-يىراق جايلارغا يەتكۈزگىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا يېزىق ئىنسانلارغا كۆپ قولايلىقلارنى ياراتقان. نۇرغۇنلىغان كەشپىيات، ئىجادىيەتلەرنى ئىنسانلار يېزىق ئارقىلىق بىر-بىرىگە تونۇتقان مۇشۇ يېزىق ئارقىلىقلا نۇرغۇنلىغان بىلىمدارلار-ئىلىمدارلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشچە، مىلادىيە 5-6-ئەسىرلەردىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە مەتبەئە كارخانىلىرى خېلى تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، مەتبەئەگە بولغان كېرەكلىك سۈپەتلىك قەغەزلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپلەر چىلان، نەشپۈت ياغاچلىرىدا تۈجۈپلەپ ئويۇلۇپ ئىشلىتىلگەن بولسا، قەغەزلەر جۈجەم قوۋزىقى، قومۇش قاتارلىقلار خام ئەشيا قىلىنىپ قەغەز ئىشلەپ چىققان. دۇنخۇاڭ قومغول مىڭئۆيى ۋە تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن تېپىلغان بۇ ياغاچ ھەرپلەر ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى ھەم ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 534-يىلى يېزىلغان بىر كىتابتا يېزىلىشچە:« ئىدىقۇت 34-يىلى... ئائىلىسىدە غالجىر ئىت بار، يولۇچىلار ئېھتىيات قىلسۇن» دېيىلگەن. بۇ سۆزلەر دەل كۆپۈنگۈ ھەرپلىك مەتبەئە خېتى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپلەردە بېسىلغان نوم - سۇترا، نەزمە، يارلىق، پەندى-نەسىھەت تۈرىدىكى ئەسەرلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى دۇنخۇاڭ قومغول مىڭئۆيلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدە ھەمدە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ئىچىدىكى ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان ئىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەقىللىق، ئىشچان ئۇيغۇرلار چىلان،

نەشپۈت ياغىچىدا تۇجۇپلەپ ئويغان ياغاچ ھەرپلەردە «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «ئوغۇزنامە» ھەمدە «ئىدىقۇت تېكىستلىرى» دېگەندەك مەشھۇر كىلاسسىك كىتابلارنى، بۇنىڭدىن باشقا «مايتىر سىمىت» مۇ مۇشۇ يېزىقتا بېسىلغان. بۇ ئەسىرلەرنىڭ تولىسىنى چەتئەللىكلەر ھەرخىل ئۇسۇللا ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن. كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە بىر تۈركۈم چەتئەللىكلەر دىپلومات، ساياھەت، ئېكسپېدىتسىيە ھەم سودىگەر قىياپىتىدە كېلىپ دۇنخۇاڭ قۇمغول مىڭئۆيىدىن ھەم بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىن بىباھا گۆھەر ھېسابلانغان ياغاچ ھەرپلەرىمىزنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، مىلادىيە 939- 1006- يىللىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق سەيياھى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ « ئاستانە خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە « .... ئىدىقۇتتا يېزىقنىڭ كۆندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىلىدىكەن، ئۇ يەردە ھەرخىل تىل يېزىقلاردا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى كۆردۈم...» دەپ يازغان .

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئەينى زاماندا شەرق غەرب مەدەنىيىتى بىر-بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزىي تۈگۈن بولغاچقا نىستۇرى، مانى، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا دائىر نۇرغۇن كىتابلار ساۋابلىق ئىش قاتارىدا تونۇلۇپ، قولىيازما، تاش مەتبەئە، ياغاچ مەتبەئە ھەم مېتال مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان.

دەرۋەقە ئىدىقۇتتا ھەرقايسى دىنلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشىۋاتقان دەۋر بولغاچقا بېسىلغان كىتابلارمۇ كۆپ بولغان. ھەرخىل تىلدىكى كىتابلارمۇ كۆپ ساقلانغان. شۇڭا، دۇنيا ئەھلى ئىدىقۇتنى «يەر ئاستى كۇتۇبخانىسى»- دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى - سوغدى يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ يېزىق ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇرلار ئۆزى ئىجاد قىلغان يېزىق. بۇ يېزىق مۇكەممەل ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، 67 تاق ھەرپتىن تەشكىل قىلىنغان. باش ھەرپ، ئوتتۇرا، ئاخىرقى ھەرپ بولۇپ، ئېلىپبە تەرتىپى 22 ھەرپ، 8 سوزۇق تاۋۇش، قالغىنى 5 ھەرپتىن ئىپادىلەنگەن. خەتلەر سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىشقىمۇ مۇۋاپىق بولغان. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مىلادىيە 10 - ئەسىرلەردە ئومۇملاشقان. تۇرپان، قومۇلدا 15-ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا شەكىللىك كۆپۈنگۈ ياغاچ ھەپلەر نۇقۇل ھالدىكى چوڭ-كىچىك، ئېگىز - پەس ئۆلچەمسىز ياغاچ ھەرپلەر بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تەكشىلىكنى، بىر خىل ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ لايىھەلەپ ياساپ چىققان ياغاچ ھەرپلەردۇر. بۇ ياغاچ ھەرپلەرنىڭ خەت يۈزى تەكشى بولۇپ، بېسىلغان خەتلەر ئوچۇق بولغان. دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىر بوغۇملۇق، ئىككى بوغۇملۇق، ئۈچ بوغۇملۇق خەتلەر كۆپ ئويۇلغان.

1. كۆپۈنگۈ 凸ھالەتتىكى تامغا شەكىللىك ياغاچ ھەرپلەر باسما بېسىمىغا چىدامچان بولۇشى ئۈچۈن چىلان، نەشپۈت ياغىچىنى تاللىغان بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى چىلان، نەشپۈت ياغىچى قاتتىق، ھەم نەملىكنى ئۆزىگە تارتمايدۇ. چىرىش، يېرىلىش، قۇرۇت غاجاشقا چىدامچان .

2. كۆپۈنگۈ خەت گەۋدىسىدىن ئىككى مىللىمېتر ئەتراپىدا ئېگىز بولغاچقا باسما بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىشى، سۈركۈلىشىدە خەت يۈزىدە ئاسان ئۈپراپ، خەت سىزىقلىرى سۇنۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىدا ئويۇيلغان خەتلەر كۇنۇس شەكىللىك بولۇشى مۇمكىن.

3. ياغاچ ھەرپلەنى تاللاشتا تاق، ئىككى، ئۈچ بوغۇملۇن خەتلەرنى كەسكەندە 90° لۇق ئۆلچەم بويىچە كېسىلگەن ياتۇ، قىڭغىر-قىيسىقلىق چەكلەنگەن بولىدۇ.

4. خەت ئويغۇچى ئۇستا ھەربىر ياغاچ ھەرپنى ئويغاندا خەت نۇسخىسىغا سادىق بولۇپ، خەتلەرنى بىر نوقتىغا مەكەزلەشتۈرۈپ، بىر تەكشىلىكنى ئاساس قىلىپ، خەت گەۋدىسىنى ئوخشاش ئويۇش، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئوخشاش

خەتلەرنى ئويغاندا بىر خىل قىلىپ ئويۇشنى چىڭ تۇتقان، خەتلەرنىڭ توم-ئىنچىكە بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان.

5. ئويۇلغان ياغاچ ھەرپلەرنىڭ خەت يۈزى ئېگىز-پەس بولۇپ قالسا بېسىلغان كىتابلارنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئىزناسى بىر خىل بېسىلماي، قېنىق، سۇس بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خەت بىلەن رەسىملەر بىر تەكشىلىكتە ئويۇلمىسا، خەتلەر بولسا قېنىق، رەسىملەر غۇۋا بېسىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا قاتتىق سۈپەت تەلىپى قويۇلغان .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەپسىلي چۈشەندۈرۈش






بۇ خەتلەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1-خەت RüNüKüY - :- يۇكۇنۇر-يۇكۇنەر، باش ئۇرار، ئىتائەت قىلۇر.

2-خەت yiti - :يەتتى — كەڭ، كەڭرى.

3-خەت ši -:- ئىش-ئىش

4-خەت kirGince - :- كىرگىنچە — كىرگىچە دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت.

ياغاچ ھەرپلەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرى تۆۋەندىكىچە :

1. ھەرپ ئېگىزلىكى كۆپۈنچە خېتى بىلەن قوشۇلۇپ، 2.2 سانتىمېتىر بولغان. كەڭلىكى 1.3 سانتىمېتىرغىچە بولغان. بۇ ياغاچ ھەرپلەر بىر سۆز بولۇپ، تەتۈر ئويۇلغان. چۈنكى مەتبەئەچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ خەتلەر تەتۈر يېزىلىپ ئوڭ بېسىلىدىغان سۈرەتلەرمۇ نىگاتىپقا تەتۈر تارتىلىپ، ئوڭ بېسىلىدىغان قارمۇ قارشى قانۇنىيەت ئارقىلىقلا كىتاب-ژۇرناللار مەيدانغا كېلىدۇ.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ياغاچ ھەرپ ئەۋرىشكىسى



2. چەتئەللەردە ئېلان قىلىنغان فوتو-سۈرەت نۇسخىسى




3. دۆلىتىمىزدە ، چەتئەللەردە ئېلان قىلىنغان خەت شەكلى

4. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ياغاچ ھەرپ ئەۋرىشكىسى

ئۇيغۇرلار مىڭ يىل بۇرۇن چىلان، ئەشپۇت ياغاچلىرىدا كۆپۈنكۆ خەتلىك ياغاچ ھەرپلىرىنى ئىشلەتكەن بولسا، ياۋروپا ئەللىرى مىلادىيە 1444-يىللىرى بۇ يېزىقنى ئۆرنەك قىلىپ، مېتال ھەرپلىك مەتبەئەنى بىيولغا قويغان. ئالدى بىلەن گېرمانىيە كەشپىياتچىسى . J گوتتېنبېرگ ئۈچ خىل ئېلېمېنت بىرلەشتۈرۈلگەن يەنى، 73% ، سىنىك 15.5%، سۈرمە 5.5% قوشۇلغان بىرىكمە قوغۇشۇن مىخچە ھەرپلەرنى كەشىپ قىلغان ھەم مەتبەئە ماشىنىسىمۇ ياساپ چىققان .

تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپلەر بىلەن ھازىرقى زامان بىرىكمە قوغۇشۇنلۇق كۆپۈنكۆ مىخ ھەرپلەرنىڭ ئېگىزلىك، قېلىن-نېپىزلىك پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك مۇنداق بولىدۇ:

ھەرپلەرنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرما ئىسخېمىسى




قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق    ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى    خەنزۇچە يېزىق    لاتىن يېزىقى




ئەنگىلىيە بىرىكمە قوغۇشۇن ماشىنا ھەرپلىرى

جۇڭگو-ياپونىيە يېزىقلىرى كۋادرات شەكىللىك يېزىق بولغاچقا تامغا شەكىللىك خەتلەرنىڭ قېلىن-نېپىزلىك پەرقى مەۋجۇت ئەمەس، ئاساسلىقى خەتنىڭ دۆلەتلىك ئېگىزلىك ئۆلچىمى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا سلاۋيان، ئەرەب، ئىبراي يېزىقلىرى ئېگىزلىك، قېلىن-نېپىزلىك جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس.

1. ئەنگىلىيە كۆپۈنكۆ خەت ئۆلچىمى: 23.4 مىللىمېتىر، بۇ خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، خەتنىڭ ئېگىزلىكى ئاساسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ .

2. ئامېرىكا ھەرپ ئۆلچىمى: 23.32 مىللىمېتر

3. روسىيە ھەرپ ئۆلچىمى: 25.10 مىللىمېتر

4. جۇڭگو-ياپونىيە ھەرپ ئۆلچىمى: 23.44 مىللىمېتر

5. گېرمانىيە ھەرپ ئۆلچىمى:23.75 مىللىمېتر

جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، زاڭزۇ، مۇڭغۇل، مانجۇ، شىبە يېزىقلىرىنىڭ ھەرپ ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ مەتبەئە ھەرپ ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش. چۈنكى دۆلىتىمىزدە ياسالغان ئىلغار مەتبەئە ماشىنىلىرى مۇشۇ ئۆلچەم ئاساسىدا لايىھىلىنىپ ياسالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپلەردە ئەقىللىق، ئىشچان ئۇيغۇرلار ھەرخىل يېزىقلاردا بىباھالىق كىتابلارنى سۈپەتلىك بېسىپلا قالماستىن بەلكى رەڭلىك رەسىملەرنىمۇ سۈپەتلىك بېسىپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغان نوم-دەستۇر، سۇترا، يارلىق، پەندى-نەسىھەت، نەزمە، ئىلىم-پېرىم ھېسابات توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشتا ئاق قەغەزنىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئەقىللىق، ئىشچان ئۇيغۇرلار:

«قەغەز ئاقتۇر، سىياھ قىزىل، قارا ئەلدىن-ئەلگە تونۇلدى،

سەۋابلىق ئىش بولغاچقىلا، نوم-دەستۇرلار پۈتۈلدى»

«قەغەز قەلەم قېرىنداش، بىر-بىرىدىن ئايرىلماس،

بۇلىدىن بىرى كەم بولسا، نوم-سۇترالار يېزىلماس.»- دەپ ئىلمىي يەكۈن چىقارغان.

ئىپتىدائىي مەتبەئەنىڭ ھازىرقى زامان مەتبەئە ماشىنىلىرىغا يۈزلىنىشى

1. ئىپتىدائى ياغاچ، قوغۇشۇن ھەرپلەر ھازىرقى زامان كۆپۈنگۈ مەتبەئە ماشىنىسى

.2. ئىپتىدائى تاش تاختا مەتبەئە ھازىرقى زامان رەڭلىك باسما ماشىنا






3. ئىپتىدائىي پىتىنقى مەتبەئە ھازىرقى زامان پوتال، پىتىنقى باسما

خۇلاسە: ئەقىللىق، ئىجادكار، ئىشچان ئەجداتلىرىمىز مىڭ يىللار بۇرۇنلا مەتبەئەنى كەشىپ قىلىپ، مەتبەئەدىن ئىبارەت بۇ كەشپىيات ھەم ئىجادىيەتنى جاھان ئەھلىگە تونۇتقان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە يېزىقلىق، مۇكەممەل تېخنىكىدا كىتاب، گېزىت- ژۇرناللارنى كۆپ، تېز، ياخشى، سۈپەتلىك ئىشلەش ئۈچۈن لازېر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، زامانىۋىي مەتبەئە تېخنىكىسىغا يۈزلەندى.

(ئاپتور:شىنجاڭ شىنخۇا باسمىخانىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

## ماقالە قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ئۇزۇندىن بۇيان نەشرىئەپكارىمىز «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىمىزنى يېقىندىن قوللاپ كېلىۋاتقان مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر، ئەزىز مۇئەللىپلەر، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق ئاكادېمىيەسى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىلمىي نەشرىئەپكارى بولۇپ، بۇنىڭدا، تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى تېپىلمىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىن، ھەربىي ئىشلار، مىللەتشۇناسلىق،تىل — يېزىق، قەدىمكى ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك — ئۈزۈمچىلىك، كارىزچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، كۇنۇك — ئادەت، شۇنداقلا، تۇرپانشۇناسلىققا دائىر تەتقىقات — ئىزدىنىشلەر، مۇلاھىزىلەر، قەدىمكى ئەسەرلەر، ۋەسىقە — ھۆججەتلەر تەتقىقاتى، چەتئەللەردىكى تۇرپانشۇناسلىققا ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماقالىلىرى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلارمۇ ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارغا بەس مۇنازىرە مۇنبىرى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ خىزمەتلىرىمىزنى داۋاملىق قوللاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىنى ، ئىلمىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئېلان قىلىنغان ماقالىلارغا مۇۋاپىق ئۆلچەمدە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

**ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:**

1. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئەۋەتمەكچى بولغان ماقالىسىنى "ئەلكاتىپ" سىستېمىسىدا قوش ئىستونغا ئايرىپ بېسىپ ئېلېكترون نۇسخىدا ئەۋەتىشنى؛
2. ئەۋەتمەكچى بولغان ماقالىنىڭ تېمىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىشنى؛
3. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسى كىملىكتىكى ئىسىم فامىلىسى (كىملىكتىكى خەنزۇچە خەت بويىچە يېزىلغان ئىسىم فامىلىسىنى قوشۇپ ) ، ئادرېس، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشنى سورايمىز.
4. ماقالە ئەۋەتمەكچى ياكى ماتېرىيال ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئالاقىلاشماقچى بولسىڭىز مەنزىلىمىز:

ئۈرۈمچى شەھرى تەڭرىتاغ رايونى يەنئەن يولى 711- قورو، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ئائىلىلىكلەر قوروسى 3- بىنا 2- ئىشىك 502 — ئۆي(ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق)

پوچتا نومۇرى : 830002

ئېلخەت ئادرېس: arkinqutluq@163.com

تېلېفون: 0991 -2566833 ، 15276690963

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى

# 吐鲁番学研究

吐鲁番学研究 2012 年第二期 维吾尔文(总二十六期)

吐鲁番学研究编委会

主　任：阿布拉·卡斯木　　副 主 任：艾里肯·巴拉提　艾尔肯·伊明尼牙孜

总　编：艾里肯·巴拉提　　主　编：艾尔肯·伊明尼牙孜

编　辑：阿不都古力·阿部力米提、艾尔肯·伊明尼牙孜、祖力菲亚·买买提、吾买尔·卡得尔

## 目　录

### 吐鲁番学研究

高昌回鹘王国的生(德国)……冯.加班(2)

终于实现了期待已久愿望……阿米纳.阿帕尔 (34)

### 考古文物研究

吐鲁番考古新发现……吾买尔.卡得尔 (42)

吐鲁番考古发出的一件丝绸布料的清洗整理简况……玛里亚木.伊布拉音 (46)

试论吐鲁番的古代演戏艺……阿布里孜.买买提 (53)

### 高昌文化教育研究

关于帖木儿汗国时期的古代维吾尔文皇令书的原件风格(乌兹别克斯坦)……外力.克里木 刊布(93)

浅谈吐鲁番考古探险至吐鲁番学研究(德国)茨默……艾比布拉.海力吾译(110)

### 吐鲁番文史资料研究

试析维吾尔语伊犁次方言中的亲属称谓词及有关语言习俗……尼加提·苏皮 (126)

试析维吾尔语地名结构的特点……曼苏尔.吐尔逊 (134)

### 敦煌吐鲁番文献研究

百年来回鹘文文献研究回顾……杨富学 (142)

论吐鲁番发现的回鹘文活字木品……帕塔尔.吐尔逊 (154)



0991-6555811


18 - ئۆكتەبىردىن 22 - ئۆكتەبىرگىچە تۇرپاندا ئېچىلغان «تۆتىنچى قېتىملىق تۇرپانشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ـ قەدىمكى
پۇللار ۋە يىپەك يولىدىكى كاتتا ئۇچرىشىش مۇنبىرى» ۋەكىللىرىنىڭ خاتىرە سۈرىتى
第四届吐鲁番学国际学术研讨会暨古代钱币与丝绸高峰论坛代表合影留念

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# 吐 鲁 番 学 研 究

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى


主管单位：新疆吐鲁番学研究院
主办单位：新疆吐鲁番学研究院 新疆吐鲁番学学会
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路711号（新疆伊斯兰教经文学院）
3号楼2单元502房
印刷时间：2012年12月
印刷：乌鲁木齐大金马印务有限公司
邮政编码：830000 电话：0991-2566833 15276690963
新疆内部资料（刊形）准印证：00153W

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى،
تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى
نەشر قىلغۇچى: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ئۇيغۇر تەھرىراتى
ئادرېس: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711-نومۇر «شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى» قوروسى
3-بىنا 2-ئىشىك 502-ئۆي
بېسىلغان ۋاقتى:2012-يىل 12-ئاي
باسقان ئورۇن: ئۈرۈمچى داجىنما باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 0991-2566833
ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى 00153W



arkinqutluq@163.com